
* كۆيۈك
* تېنىمدە پىشقان ئەما مېۋىلەر
* ئەدەبىياتىمىزنىڭ خىلۋەتلىرىگىچە
* قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 38 - نومۇرلۇق
غارى ئۈستىدە تەتقىقات
2
2015
كۇسەن مەدەنىيىتى
KUSAN CULTURE 龟兹文化

# «يانار تاغ» لوگفسنى تالششش تۇنجى نۆۋەتلىك «كۈسەن ناۋاسى» پىروگراممىسى سۈرەتكە ئېلىنىپ، ئاممىغا بىلەن يۈز كۆرۈشتى

كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئورۇنلاشتۇرغان، كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىيو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ ماماكپ مېدىيە پەن ـ تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەشكىللىگەن «يانار تاغ» لوگفسنى تالششش تۇنجى نۆۋەتلىك «كۈسەن ناۋاسى» پىروگراممىسى 2015 ـ يىل 16 ـ ماي كۈسەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەركىزىدە سۈرەتكە ئېلىنىدى ۋە ئېيۇندا ئاممىغا بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

بۇ قېتىملىق «كۈسەن ناۋاسى» غا قەشقەر، ئاقسۇ، شايار ۋە كۇچا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 16 نەپەر ماھىر قاتناشقان بولۇپ، تۆت نەپەر ماھىر يىللىق چېمپىيونلۇقنى تالششش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

نىياز راخمان فوتوسى


















# كۇسەن مەدەنىيىتى

پەسللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

**2015 - 2**

(ئومۇمىي 41 ـ سان)



كۇچا ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«كۇسەن مەدەنىيىتى» تەھرىراتى تۈزۈپ نەشر قىلدى

www.uyghurkitap.com




# كۇسەن مەدەنىيىتى

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

2015 ـ يىل 2 ـ سان (ئومۇمىي 41 ـ سان)


## بۇ ساندا

### كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتى


قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 38 ـ نومۇرلۇق غارى ئۈستىدە تەتقىقات ......

...................................... تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن 4


### كۇسەن لۇغىتى


ئەدەبىياتقا بېغىشلانغان قەلب ..........................................

.......................... پاشاگۇل ئىسمائىل تۇردى ھاجى قىزى 20


### مېھرلىك دۇنيا


ساخاۋەت يولىغا تاشلانغان قەدەم .........................................

.................................................................... نۇر تۆمۈر 23

ياخشىلىق ئىزدىسەڭ ھەر يەردە بار ...... ئادالەت ئابدۇۋەلى 25


### پىروزا كۆزنىكى


كۆيۈك ... (ئىزدەنمە ھېكايە) .... ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر 29

دوستۇمنىڭ قىسمىتى ........... (ھېكايە) .... پەخرىدىن مۇسا 31

ئالتۇن قوڭغۇراقلىق كالا ..... (ھېكايە) ........... ئېزىز نۇر 72

شام ........................... (ھېكايە) ... راخمان مۇھەممەت 77


### گۈلدەستە


يەر بىلەن ئاسماننى جۈپلەپ .......... ئالاھىدىن ئابدۇرېشىت 35

تەلەيلىكمەن، تەلەيسىزمەن .... ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران 37

سەھەرلەردىن ئىزدىدىم سېنى ................ راھىلە توختى 39

بىر سىقىم نۇر، بىر ئوچۇم سايە .... قەھرىمان روزى ئەرچىن 40

ئۈيقۇ دەرىخى ئاستىدىكى يوچۇن مۇناسىۋەت ..............

....................... ئابدۇۋەلى ئەرشىدىن بوزلان 42

قارا ئەتىرگۈل ............. ئىمىنجان كېرىم ئاقشەھىرى 43

تېنىمدە پىشقان ئەما مېۋىلەر ........... مۇھەممەدئىمىن ئابلىز 64

قەلبىمدىكى تاش ........................... غەيرەت توختى 66

چىغىر يوللار يوقتۇر شەھەردە ...... مۇھەممەدروزى ئابدۇقادىر 68



مەسلىھەتچىلەر:
قۇربان مامۇت
قاھار نىياز
ئەخمەت كېبىر
تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن
ئەركىن نۇر
ئالىم خالىدىن

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى:
ھەسەنجان ئەخمەت

تەھرىر ھەيئەت مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
چۇي خوگېن
تاھىر ھېكىم

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇللا مۇھەممىدى ئەرتەن، ئەنۋەر ئابدۇرازاق، ئەخمەت كېبىر، ئەھەد داۋۇت، ئەخمەت مۇھەممەت، پاتىگۈل نىياز، تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن، رۇقىيە ئابدۇللا، قېيۇم قادىر، قۇربان داۋۇت شاھىدى، مۇھەممەت ئەخمەت، مۇھەممەت داۋۇت، نۇرنىسا ئابلا، نىياز ئىمىن، نەسرىدىن ھاپىز، ئوسمان ھوشۇر

تۇرپانغا يېقىنلاشقانچە ......................... پەردە ياقۇپ 69
زېمىن بىلەن ئاسماننىڭ ئارىلىقىدا ... ئابدۇكېرىم داۋۇت سەمەندەر 70

## ئەدىبلەر چايخانىسى

ئەبجەش يازمىلار ............... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس 44
ئەدەبىياتىمىزنىڭ خىلۋەتلىرىگىچە .... قاھار نىياز، رۇقىيە ئابدۇللا 50
ئېتىبارسىز «بىرىنچى خانىش» .. ئابدۇلئەھەت داۋۇت تۇركزات 59

## ئەينەك

ئۆزگەرگەن جەمئىيەت، ئۆزگەرمىگەن تىپلار ...................
................................. ئابدۇشۈكۈر ئەخمەت 84

## سەلكىن

قارغا ياغقان تۈشلار ........................ ئامانگۈل نىياز 89
گىرىمسەن نۇرلار ................. ئادالەت ئابدۇرېھىم يارۇق 93
كەل قەلبىم، پىچىرلىشايلى ................. تۇرسۇنئاي سۇلتان 96

## تېرەك تۈۋىدىكى پاراڭلار

يازغۇچىنىڭ ھەققىي ئەجرى يەردە قالمايدۇ .......................
............... ئابدۇرەئۇپ نىياز داموللام 99
تەسرات تەرمەچلىرى .......................... نەسىردىن ھاپىز 103
داڭلىق شەخس ................................ سۇپىيە كېرەم 109
ئاتا، سىز مېنىڭ پەخرىم ! .................. مەريەم ھامىدىن 110

## كۆۋرۈك

مىڭ يىللىق قورغان.................. خۇ چيۇشياڭ
مۇھەممەت داۋۇت تەرجىمىسى 112
نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەھۋالى، ھالىتى ۋە كەم نەرسىلىرى
........... ۋاڭ ۋېيپىڭ / ئابدۇجاپپار ھامىدىن تەرجىمىسى 116

---

**مۇقاۋىدا:** سىنارىست، يازغۇچى، ژۇرنالىست، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى رىداكسىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى **قاھار نىياز** ئەپەندى

**قۇربان مۇھەممەد** فوتوسى

باش مۇھەررىر:
**تاھىر ھېكىم**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
**ئەنۋەر ئابدۇرازاق**
**قېيۇم قادىر**
**ئەھەد داۋۇت**

جاۋابكار مۇھەررىر:
**نەسىردىن ھاپىز**

مەسئۇل مۇھەررىرلەر:
**رۇقىيە ئابدۇللا**
**پاتىگۈل نىياز**

مۇقاۋا ۋە ئىچ بەتلىرىنى لايىھەلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن**

مەسئۇل كوررېكتورى:
**گۈلزار ئەرشىدىن**

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ج ك پ كۇچا ناھىيەلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: كۇچا ناھىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئىجازەت نومۇرى: ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئىچكى ماتېرىيال ئىجازەت نومۇرى W/8920
ئادرېسى: كۇچا ناھىيە ئازادلىق يولى ئىشچىلار ئۇيۇشما بىناسى 3 - قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 842000
تېلېفون نومۇرى: 0997 — 7151109
ئېلخەت ئادرېسى: ksmedeniyiti@126.com





# قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 38 ـ نومۇرلۇق غارى ئۈستىدە تەتقىقات

تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن

قىزىل مىڭئۆيى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت، سەنئەت تارىخىدىكى بۈيۈك يالداما بولۇپلا قالماي، مەملىكىتىمىز بۇددىزم سەنئىتىنىڭ مۇھىم مەنبەسى، مەزمۇنى مول، غار تۈزۈلۈشى ئۆزگىچە ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك پۇرىقى كۈچلۈك بولغان سەنئەت خەزىنىسىدۇر. قىزىل مىڭئۆي ئالدى تاغلار ئارىسىدىكى غارلار سۈپىتىدە كۆرۈنسىمۇ ئەمما بۇ تاغلار ئىچىگە جايلاشقان «مىڭئۆي» قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار سەنئىتى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، زور مەدەنىيەت ۋە سەنئەت قىممىتىگە ئىگە 10000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان تام رەسىمى بار بۈيۈك يالدامىدۇر. مىڭئۆيدىكى نەپىس تام رەسىملەر ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە رەڭدارلىقى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەنە شۇ مەدەنىيەت يالدامىسىنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىلىرىنىڭ بىرى قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 38 ـ غارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 38 ـ نومۇرلۇق غارى بايقالغاندىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر جۇڭگو ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ غارغا سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ تولىمۇ رەڭدار، نەپىس، ئۆزگىچە بولغانلىقىدىن باشقا يەنە غاردىكى تام رەسىملەردە ئەكس ئەتكەن مەزمۇنىنىڭ تولىمۇ موللىقىدىن شۇنداقلا ئۇنىڭدا مەزمۇنى رەڭدار بولغان ئىككى رەت «ئەرش ئوردىسى سازەندىلىرى رەسىمى»نىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا، گېرمانىيەلىك ئالبېرت گرۈنۋېدېل بۇ غارنى «مۇزىكانتلار غارى» دەپ ئاتىغان. كېيىنچە ياپونىيەلىكلەر مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بۇ غارنى «مۇزىكا ئىلاھى غارى» دەپ ئاتىغان.

بۇ غار قىزىل مىڭئۆي سۆگەت ئېقىنىنىڭ غەربىي رايونىدىكى ئىككىنچى قەۋەتكە جايلاشقان مەركىزى تۈۋرۈكلۈك چايتىيا غارى بولۇپ غار ئېغىزىنىڭ يۆنىلىشى جەنۇبتىن شەرققە 55° قىيپاش.

1. يىل دەۋرى: غارنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا تەتقىقات ئورنىمىز مىلادىيە 4 ـ ئەسىر، گېرمانىيە ئالىملىرى مىلادىيە 600 — 650 ـ يىلى، يەن ۋېنرۇ ئەپەندى 2 ـ مەزگىلگە (مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر)، سۇبەي ئەپەندى بىرىنچى باسقۇچ (مىلادىيە 80 ± 60 — 380 ± 350) قا تەۋە دەپ قارايدۇ. 1979 — 1981 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى ئارخېئولوگىيە ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى بۇ غارنىڭ ئارقا كارىدورىنىڭ جەنۇبىي تام ئىچكى تەرەپ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى كاكىلدىكى بۇغداي سامىنىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ C 14 ئانالىزى بىلەن تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ دەۋرى مىلادىيە 310 — 390 ـ يىللارغا توغرا كەلگەن[1]، 1999 ـ يىلى گېرمانىيە بېرلىن ھىندىستان سەنئەت مۇزېيى بۇ غارنىڭ تېمىدىكى كاكىلدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ C 14 ئانالىزى بىلەن تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ دەۋرى مىلادىيە 432 — 533 ـ يىللارغا توغرا كەلگەن.

2. غار شەكلى: بۇ غار مەركىزى تۈۋرۈكلۈك چايتىيا غارى بولۇپ ھازىر ئالدى خانىسى، ئاساسىي خانىسى ۋە ئارقا خانىسى ساقلىنىپ قالغان. ئالدى خانىسىنىڭ ئۇدۇل تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاساسىي خانىغا كىرىدىغان ئېگىزلىكى 2.1m كېلىدىغان تۈز تورۇسلۇق بىر ئىشىك ئېچىلغان. بۇ غارنىڭ ئاساسىي خانىسى چاسا شەكىلدە بولۇپ كەڭلىكى 3.52m، ئۇزۇنلۇقى 3.6m، ئېگىزلىكى 4.02m كېلىدۇ. غار ئۇزۇنىسىغا ئەگمە تورۇسلۇق بولۇپ، ئەگمە تورۇسنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا بىر قات گىرۋەك چىقىرىلغان. ئاساسىي خانىنىڭ ئالدى تېمىدا ئىككى دانە ئەگمە تورۇسلۇق ئويۇقچە بار. ئۇدۇل تامنىڭ ئىككى يېنىدىن ئەگمە تورۇسلۇق قىلىپ ئوڭ ۋە سول كارىدور چىقىرىلغان، ئوڭ كارىدورنىڭ كەڭلىكى 0.75m — 0.82m، ئۇزۇنلۇقى 1.9m، ئېگىزلىكى 1.96m، سول تەرەپتىكى كارىدورنىڭ كەڭلىكى 0.77m، ئۇزۇنلۇقى 1.91m، ئېگىزلىكى 1.93m كېلىدۇ. ئوڭ، سول كارىدورنىڭ شىما-



لي ئۈچى بىلەن ئارقا كارىدور ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئارقا كارىدورنىڭ كەڭلىكى 3.55m، ئۇزۇنلۇقى 0.9m، ئېگىزلىكى 1.92m كېلىدۇ. (1 ـ رەسىم)



3. غاردا ئەكس ئەتكەن مەزمۇن ۋە ھازىرقى ھالىتى.

ئالدى خانىسى: ئالدى خانىسى گۆمۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت ئوڭ تەرەپتىكى تېمىنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. سول تەرەپتىكى تام پۈتۈنلەي گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن، بىراق تورۇس قىسمى خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بولۇپ ئۈستىدە تاغ جىنسىدىن ئويۇلغان ناھايىتى ئۆزگىچە بولغان مانتۇرا ئۇسلۇبىدىكى بېزەكلەر بار، لېكىن ئۇنىڭ ئۈستىگە بېرىلگەن رەڭلەر تۆكۈلۈپ كەتكەن.

ئاساسىي خانىسى: يەر ئۈستىدىكى گەج قەۋىتى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان ھەرقايسى تەرەپتىكى تامنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا يېقىن يەردىكى گەج قەۋىتىدە ھازىرمۇ بېغىر رەڭنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. غارنىڭ ئۇدۇل تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەگمە تورۇسلۇق بۇددا ئويۇقى چېقىرىلغان بولۇپ، ئويۇق ئىچىدىكى لاي ھەيكەل يوقالغان. ئويۇقنىڭ ئۇدۇل تېمىغا بۇددانىڭ باش نۇر ھالقىسى ۋە بەدەن نۇر ھالقىسى ناھايىتى نەپىس سىزىلغان، بەدەن نۇر ھالقىسى ئىچىگە نېپىز قاپارتما قىلىنغان، ئۇدۇل تامنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا بۇددا ھەيكىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن توغرىسىغا قېزىلغان ئانچە چوڭقۇر بولمىغان بىردانە ئورەك بار. ئويۇقچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامغا رومبىسىمان كاتەكچە نۇسخىسى سىزىلغان بولۇپ، ئۇزۇن يىللار كۈن نۇرى ۋە شامالنىڭ تەسىرىدىن كۆپ قىسمى تۆكۈلۈپ كەتكەن. ئۇدۇلدىكى ئويۇقچىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى تام يۈزىدە سۇمېر تېغىنىڭ قاپارتمىسىنى مۇقىم قىلىش ئۈچۈن سانچىلغان ياغاچ قوزۇق قېقىلغان تۆشۈكچىلەر بار. ئويۇق مۇنبىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن، مۇنبەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامغا رومبا شەكىللىك كاتەكچە نۇسخىسى سىزىلغان بولۇپ، كۆپ قىسمى تۆكۈلۈپ كەتكەن.

ئوڭ تەرەپتىكى تامغا بىر ئىستون ئۈچ پارچە قىلىپ بۇددانىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدىكى ھېكايە سىزىلغان، بۇنىڭ ئاستى، ئۈستىدە ئىستون ئايرىش سىزىقى بار. رەسىمنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا بىر قاتار بەلباغسىمان رەڭلىك بېزەك، بىر قاتار ئۈچقات نۇسخىسى، بىر قاتار بادىرىسىمان نەقىش ۋە بىر قاتار بەلباغسىمان رەڭلىك بېزەك سىزىلغان. ئۈستۈنكى قىسمىغا ئىككى قاتار بېزەك نەقىش سىزىلغان. گۈللۈك نەقىشنىڭ ئۈستىگە بىر قاتار يەتتە گورۇپپا ئەرش سازەندىلىرىنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى گورۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى ياتما نەي چېلىۋاتىدۇ، يەنە بىرسى تارىلىق چالغۇ ــ لىرا[2] چېلىۋاتىدۇ، ئىككىنچى گورۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى مارجان ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان بولسا، يەنە بىرسى گۈل سېلىنغان تەخسە كۆتۈرۈۋالغاندى. ئۈچىنچى گورۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى يۇملاق قارنىلىق بەرباب چېلىۋاتىدۇ، يەنە بىرسى نەي چېلىۋاتىدۇ، تۆتىنچى گورۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى چەڭ چېلىۋاتقان، يەنە بىرسى گۈل سېلىنغان تەخسە تۇتۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندى. بەشىنچى گورۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى قولىدا مارجان تۇتۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ، يەنە بىرسى گۈل سېلىنغان تەخسە تۇتۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ. ئالتىنچى گورۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى بەش تارلىق بەرباب چېلىۋاتقان بولسا، يەنە بىرسى بالىمان چېلىۋاتىدۇ.[3] يەتتىنچى گورۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى جەللا چېلىۋاتقان بولسا، يەنە بىرسى تىزما نەي چېلىۋاتىدۇ. (2 ـ رەسىم)



سول تەرەپتىكى تامغا بىر ئىستون ئۈچ پارچە قىلىپ بۇددانىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدىكى ھېكايە سىزىلغان. بۇنىڭ ئاستى ئۈستىدە ئىستون ئايرىش سىزىقى بار. رەسىمنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا بىر قاتار بەلباغسىمان رەڭلىك بېزەك، بىر قاتار ئۈچقات نۇسخىسى، بىر قاتار بادىرىسىمان نەقىش ۋە بىر قاتار بەلباغسىمان رەڭلىك بېزەك سىزىلغان. ئۈستۈنكى قىسمىدىمۇ ئىككى قاتار بېزەك نەقىش بار. گۈللۈك نەقىشنىڭ ئۈستىگە بىر قاتار يەتتە گورۇپپا ئەرش سازەندىلىرىنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى گورۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى بەش تارلىق بەرباب چېلىۋاتقان بولسا، يەنە بىرسى ياتما نەي چېلىۋاتقاندى. ئىككىنچى گورۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ

بىرسى قولىدا مارجان تۇتۇپ ئۇسسۇل ئوينىۋاتقان بولسا، يەنە بىرسى چاۋاك ئۇرۇپ ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىۋاتاتتى. (3 ـ رەسىم) ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكى ئىككى



ئادەمنىڭ بىرسى يۇمىلاق قارنىلىق ئۈچ تارلىق بەربابچېلىۋاتقان بولسا، يەنە بىرسى تىزما نەي چېلىۋاتاتتى. تۆتىنچى گۇرۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى ياتما چەڭ چېلىۋاتقان بولسا، يەنە بىرسى گۈل سېلىنغان تەخسىنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. بەشىنچى گۇرۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى ياتما نەي چېلىۋاتقان بولسا، يەنە بىرسى داپ ـ لاپ (答腊鼓 ـ دالا دىپى[4]) چېلىۋاتاتتى. ئالتىنچى گۇرۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى بالىمان چېلىۋاتقان بولسا، يەنە بىرسى بەش تارلىق بەرباب چېلىۋاتاتتى. يەتتىنچى گۇرۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى قولىدا مارجان تۇتۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ، يەنە بىرسى ئېسىل ئەينەكنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئوك ۋە سول تەرەپتىكى تامنىڭ گىرۋەكلىرىگە دىگىز ـ ئوكيان جانلىقلىرىنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تام رەسىمى ئەڭ دەسلەپكى تام رەسىمى ئەمەس، چۈنكى بۇ تام گىرۋىكىگە دىققەت بىلەن قارىساق، بىز هازىر كۆرۈۋاتقان رەسىمنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا رەسىم بارلىقىنى بايقايمىز.

ئاساسي خانىنىڭ ئوك سول تاملىرىغا سىزىلغان 14 گۇرۇپپا ئەرش سازەندىلىرىدىكى هەر بىر گۇرۇپپا ئىككى ئادەمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى ئەر بىرسى ئايال ئىدى. ئەر ـ ئايالنىڭ مۈرىسى ۋە كۆكسى يالىڭاچ، ئەرلەر بېشىغا تاج تاقاپ چېچىغا لېنتا ئېسىۋالغان، ئاياللار چېچىنى تۈگۈۋالغان ياكى بېشىغا جاۋاھىرات قوندۇرۇۋالغان باش كىيىمى كىيگەن، ئەر ـ ئاياللار ئوخشاشلا ئۇزۇن مارجان ئېسىۋالغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قۇلىقىغا يوغان هالقا ئېسىۋالغانىدى. هەربىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرسىنىڭ ئۆڭى ئاق، بىرسىنىڭ ئۆڭى قوڭۇر ئىدى.

بۇ غاردىكى ئەرش سازەندىلىرى باش قىسمىنىڭ كەينىگە «يۇمىلاق نۇر هالقىسى» سىزىلغان، هەممىسى بۇدساتۋانىڭ كىيىمىنى كىيگەن بولۇپ، بۇ ئەرش سازەندىلىرىنىڭمۇ بۇددا هېكمەتلىرىنى قوغدايدىغان ئىلاھلار دىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«ئەرش ئوردىسىدىكى سازەندىلەر رەسىمى»دە «بۇرخان(بۇددا) نومىنى قوغدىغۇچى ئىلاھ» تەڭرى ئىندرا تۇرىدىغان ئوردىدىكى سازەندە، ئۇسسۇلچى بۇدساتۋالار چالغۇ چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتىۋاتقان گۈزەل مەنزىرە ناهايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. تەڭرى ئىندرا[5] هىندى ئەپسانىلىرىدىكى ئەڭ مەشهۇر ئىلاھ. هىندىلارنىڭ قەدىمكى داستانى «ۋېدا»دا ئۇنى جىن ـ شاياتۇنلارنى ئۆلتۈرەلەيدىغان، سوما (ئۆلمەسلىك شارابى) ئىچىدىغان تەڭرى دېيىلگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە هىندىستاندىكى مەشهۇر تەبىقە بىراخمان تەبىقىسىدىن، كارامىتى ئۇلۇغ بولغاچقا ئىندرا دەپ ئاتالغان دېيىلگەن. ئۇ هايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ 33 نەپەر قەدىناس دوستى بىلەن بىرلىكتە ئىستىقامەت ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىنچە ئەرشتىكى ترىياسترىمسا (Trayastrimsa) ئوردىسىنىڭ[6] ئاتامانى بولۇپ سۇمىر تاغىنىڭ[7] چوققىسىدىكى سۇدارسانا (Sudarsana) شەهرىدە[8] تۇرىدۇ. بۇددا دىنى تەڭرى ئىندرانى ئىخلاسمەن بۇددا مۇرىتى، ساكيامۇنىنىڭ ئەتراپىدا ئىشلىرىغا هەمكارلىشىدىغان خان پادىشا دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇرخان نومىنى قوغدايدىغان ئەڭ چوڭ ئىلاھ. ساكيامۇنى بۇددالىق مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن، سۇدارسانا (Sudarsana) شەهرىدە نوم نوملىغان. «ئەرش ئوردىسىدىكى سازەندىلەر رەسىمى»دە تەسۋىرلەنگەن «ئوردا» دەل سۇدارسانا (Sudarsana) شەهرىدىكى تەڭرى ئىندرانىڭ تۇرىدىغان ئوردىسى ئىدى. سازەندە ۋە ئويۇنچىلار بولسا، تەڭرى ئىندرا ئوردىسىدىكى سازەندە، رەققاس ياكى گۈل چاچىدىغان تەڭرىلەر ئىدى. بۇ غاردا ئەرش سازەندىلىرىنىڭ كۆرۈلۈشى ۋە بۇددىزم سەنئىتىدە قوللىنىلىشى بۇ يەرگە تارقالغان بۇددا دىنى مەزهىپى بىلەن ئالاهىدە مۇناسىۋەتلىك ئىدى، كۇسەن بۇددىزمى ئاساسەن هىنايانا مەزهىپىنىڭ «سارۋاستىۋادا ۋىنايا» پىرقىسىنىڭ ئىدىيەسىگە ئىخلاس قىلىپ كەلگەن، بۇددا دىنى تارقىلىپ تاكى 8 ـ ئەسىرگىچە بۇ مەزهەپنىڭ ئىدىيەسى هۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. (4 ـ رەسىم)

سارۋاستىۋادا ۋىنايا پىرقىسى نەزەرىيە جەهەتتىن ساكيامۇنىنىڭ هەممىدە بارلىق ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قى





لىپ «دىھارمادا ھەممە مەۋجۇت»، «ئۈچ ئالەمدە مەۋجۇت» دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەمدە بارلىق دھارما(بۇددا قانۇنىيىتى) ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ قانۇن قائىدىلەر بىر - بىرسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئارخاتلىق مەرتىۋىسىگە يېتىش[9] ھىنايانا مەزھىپىدىكىلەر يەتمەكچى بولغان ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە بولۇپ، ئۇلار دىياندا ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىش ھەمدە تەركىدۇنيا بولۇشنى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە — ئارخاتلىققا يېتىشنىڭ بىردىن بىر يولى دەپ قارايدۇ. بۇ مەزھەپتىكىلەر بىر بۇد ۋە بىر بۇدساتۋاغا يەنى بۇددا ساكيامۇنى ۋە بۇدساتۋا مايترىغا چوقۇنىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ، شۇ سەۋەبتىن كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان چايتيا غارلىرىدىكى بەدىئىي سەنئەت تەسۋىرىدە بۇ ئىككى شەخسنىڭ ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ھىنايانا مەزھىپى ئۆز مۇرىتلىرىغا سارۋاستىۋادا ۋىنايا تەلىم تەربىيەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن «دىيانا تەلىماتى»نى ئالاھىدە تەكىتلىگەن، بۇ خىل ئىدىيە باشتىن - ئاخىر بۇددىزىم سەنئىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ كەلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تام رەسىملىرىدە كۆرۈلگەن چالغۇ ۋە سازەندىلەر يۇقىرىقى مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، «ئەرش ئۇردىسىدىكى سازەندىلەر» رەسىممۇ يۇقىرىقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان كۆپ خىل نەغمىچىلەر شەكلىنىڭ بىر خىلى ئىدى. بۇددا دىنى مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل شەكلىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاز بولمىغان جانلىق نەغمە - ناۋاچىلار ئوبرازىنى يارىتىپ، بۇددا مۇرىتلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلغان. بۇددا دىنىي مۇزىكىسىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان: ئۇنىڭ بىرسى مۇزىكا ئادەمنىڭ «كۆڭلىنى يۇمشىتىپ»، «مۇلايىملاشتۇرىدۇ». ئىككىنچىسى، مۇزىكىنى «سەدىقە» بۇيۇم سۈپىتىدە بۇدداغا سەدىقە قىلسا بولاتتى. بۇددا نوملىرى بىلەن ساكيامۇنىنى مەدھىيەلەيدىغان مەرسىيەلەرنى ئوقۇغاندا مۇزىكا ئورۇنلانغان.

«ئەرش ئۇردىسىدىكى سازەندىلەر» دېگەن تام رەسىمى قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 38 - غارىدىن باشقا، مەزكۇر مىڭئۆيىنىڭ 76 -، 98 -، 100 -، 135 - غارى، سىم - سىم مىڭئۆيىنىڭ 26 -، 44 - غارلىرىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل مەزمۇندىكى تام رەسىملىرىنىڭ مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە كۆرۈلۈشى، بىر تەرەپتىن بۇددا دىنىنىڭ سارۋاستىۋاداۋىنايا مەزھىپىنىڭ كۇسەن دىيارىدا تارقىلىپ ۋە گۈللەنگەنلىكىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرت مۇزىكا ئۇسسۇل سەنئىتى، جۈملىدىن كۇسەننىڭ يەرلىك مۇزىكا ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ بۇددىزىم سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. (5 - رەسىم)

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، غەربىي يۇرت قەدىمكى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇھىم سەھنىلەرنىڭ بىرى. تارىختا نۇرغۇنلىغان قەدىمكى قەبىلە، مىللەتلەر مۇشۇ سەھنىدە پارلاق تارىخ يارىتىپلا قالماي شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان. تەبىئىي ۋە ئىنسانلارنىڭ سەۋەبىدىن سەنئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىختىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ خارابە ئىزلىرى ئاز ساقلىنىپ قالغان. بىراق بىز يەنىلا تاش قورال، ساپال بۇيۇم، تاش ئادەم قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قەدىمكى سەنئەتنىڭ سىماسى ۋە ئۇتۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مۇزىكا، ئۇسسۇلغا كەلسەك، تەڭرى تېغى، ئالتاي تېغى، كوئېنلۇن تېغىغا تارقالغان قىياتاش رەسىملىرى بىزنى قىممەتلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. قۇتۇبىدىكى كاڭجيا شىمىنزى قىيا تاش رەسىمى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. پۈتۈن قىيا تاش رەسىمگە جەمئىي 200 دىن ئارتۇق ئەر - ئايال سىزىلغان بولۇپ، چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇل مەيدانى ئىپادىلەنگەن. ئۇسسۇلغا چۈشكۈچىلەر تەرتىپ بويىچە تىزىلغان، ئوتتۇرىسىدا ئۇسسۇل يېتەكچىسى بار بولۇپ، مۇزىكا رىتىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ قىيا تاش رەسىمىنىڭ يىل دەۋرىنى تەتقىقاتچىلار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللاردىكى قە-



دىمكى ساك قەبىلىلىرىگە تەۋە مەدەنىيەت ئىزى دەپ قارايدۇ.[10]

يېقىنقى يىللاردا، شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى دىيارىمىزدىن تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەۋە مۇزىكىغا ئائىت ئەمەلىي بۇيۇم تىك چەڭنى بايقىدى، بۇ بايقاش مەملىكىتىمىزدە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى مۇزىكا تەرەپتىن ئەمەلىي بۇيۇم بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇردى. چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان ئۈچ دانە تىك چەڭنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 — 5 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.[11] پىچان ناھىيەسى يانقىر قەبرىستانلىقىدىن ئىككى دانە تىك چەڭ بايقالغان بولۇپ، دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.[12] يۇقىرىقى ئىككى ئورۇندىن بايقالغان تىك چەڭنىڭ شەكلى ئاساسى جەھەتتىن ئوخشايدۇ. 2014 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى ئاق قارا تىزما تاش قەبرىستانلىقىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىرگە تەۋە تىك چەڭ بايقالدى. 1987 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيەسى توققۇزساراي قەدىمكى ئىزىدىن جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت سۆڭەك نەي بايقالغان. بۇ مۇھىم بايقاش ۋە ئەمەلىي بۇيۇملار مۇزىكا سەنئىتىنىڭ قەدىمكى غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپلا قالماي غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مانا بۇ كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى مۇزىكا بەدىئىي تەسۋىر سەنئىتىنىڭ يەرلىك ئاساسىدۇر.

كۇسەن قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك ئىچىدىكى چوڭ بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ۋە ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك شارائىتى تۈپەيلىدىن ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ مەدەنىيەت گۈللەنگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنلا بۇ بەگلىك ئوتتۇرا ئىقلىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. خەن شۇەندى زامانىسىدا، كۇسەن بەگلىكىنىڭ خانى جياڭ بىڭ ئۇيسۇن مەلىكىسى (جېيىۋۇ مەلىكىنىڭ قىزى دىشى)نى خوتۇنلۇققا ئالغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 65 ـ يىلى (يۈەنكاڭ 1 ـ يىلى)، جياڭ بىڭ مەلىكىنى ئېلىپ چاڭئەنگە ئوردىنى تاۋاپ قىلغىلى بارغاندا، خەن شۇەندى ئۇلارغا «ئات ـ ھارۋا، ئۇنلاپ ناخشىچى ۋە سازەندە»نى ئىنئام قىلغان، كېيىن جياڭ بىڭ كۆپ قېتىم كېلىپ خاننى زىيارەت قىلىپ تۇرغان، كۇسەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «خەن سۇلالىسىچە ئوردا سالدۇرغان... قوغداش خادىملىرى خان ئوردىغا كىرگەن ياكى چىققان ۋاقىتدا، داقا ـ دۇمباق چېلىشىپ تۇردى، بۇ خەن سۇلالىسى قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى».[13] مىلادىيە 4 ـ 5 ـ ئەسىرگە كەلگەندە يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۈچىيىشى شۇنداقلا ئۆز ئارا سىڭىشىشى نەتىجىسىدە، كۇسەن مەدەنىيىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى، مۇزىكا ئۇسسۇل سەنئىتى كۈندىن ـ كۈنگە گۈللىنىپ غەربىي يۇرتنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇل مەركىزىگە ئايلاندى. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە، ئالدىنقى چىن خانلىقىنىڭ خانى پۇجيەن جەبۇ غوزلار پۇشتىدىن بولغان سانغۇن لۈ گۇاڭنى كۇسەندىن مەشھۇر راھىب كۇماراجىۋانى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ، نەتىجىدە ئۇ كۇسەننى مۇنقەرز قىلىپ كۇماراجىۋا بىلەن بىرگە نۇرغۇن كۇسەنلىك سازەندە، ئۇسسۇلچىلارنى ئوتتۇرا ئىقلىمغا ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ كۇسەن مۇزىكا، ئۇسسۇلى ئوتتۇرا ئىقلىمغا كەڭ دائىرىدە تارقىلىدۇ. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى (مىلادىيە 578 — 560) تۈركلەرنىڭ مەلىكىسى ئاشنانى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر تۈركۈم كۇسەنلىك مۇزىكانتلار ئوتتۇرا ئىقلىمغا كېلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە سۇجىۋا[14]، بەي مىڭدا، بەي جىتوڭلار ئەڭ مەشھۇردۇر. سۇجىۋا ئوتتۇرا ئىقلىمغا كۇسەننىڭ يەرلىك مۇزىكا ئەندىزىسى بولغان «بەش تارانە يەتتە ئاۋاز» كۈيىنى تارقىتىپ جۇڭگو مۇزىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا تارىخىي خاراكتېرلىك رول ئوينايدۇ. شىمالىي جۇ سۇلالىسى، سۈي سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى ئوردا مۇزىكىسىدا، «كۇسەن مۇزىكىسى» غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنىڭ ئالدى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئىقلىمدا كاتتا شۆھرەت قازىنىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر يۈەن جېن «لىيەنچاڭ قەسىر نەزمىسى» دېگەن شېئىرىدا:

«تۈن يېرىم تاكتاكچى لياڭجۇدا قىلار سەييارىنى،
ئاڭلاپ ئۆتكەچ ئۇ كۇسەننىڭ خىلمۇ خىل ئەلنەغمىنى».[15]

دەپ يازغان. بۇ شېئىردا تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكى كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ تەنتەنىلىك شۆھرىتى جانلىق ۋە ئىخچام تەسۋىرلەپ بېرىلگەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۈچ ئاغلىق راھىب كالان[16] شۈەنزاڭ ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بېرىپ چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان، ئۇ ئەينى چاغدا، كۇسەن مۇزىكا سەنئىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ: «كۇسەن بەگلىكى.... پۈۋلىمە ۋە تارىلىق چالغۇلارنى چېلىشتا غەربىي يۇرتتىكى باشقا ئەللەرنى بېسىپ چۈشىدىكەن»دەيدۇ.[17] «يېڭى تاڭنامە. كۇسەن بەگلىكىنىڭ تەزكىرىسى»دىمۇ كۇسەن «ناخشا ـ مۇزىكىغا ماھىر» دېيىلگەن. كۇسەننىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇلىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى باشقا ماتېرىياللاردىمۇ ئۇچرايدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دۈەن چېڭشى «يۈياڭ نەزمىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «كۇسەن بەگلىكىدە ھەر يىلى نورۇز(يېڭى يىل)دا، كالا سوقۇشتۇرۇش، ئات، تۆگە بەيگىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ، بۇ پائالىيەت يەتتە كۈن داۋاملىشىدۇ، ئۇتقان ۋە ئۇتتۇرغانلار ئايرىلىدۇ... سۇمۇز ئويۇنى ئويـ



نىلىپ، ئەر - ئاياللار ئىت، مايمۇن بېشىنىڭ نىقابىنى تاقاپ كېچە - كۈندۈز ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ» دەيدۇ.[18] (6 - رەسىم) بۇنىڭدىن باشقا بۇددا نوملىرىدىمۇ كۈسەننىڭ ئەينى چاغدىكى مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە مەلۇمات ئۇچرايدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۈەن جاۋ تۈزگەن «ۋۇكۇڭنىڭ ھىندىستانغا قىلغان سەپەر خاتىرىسى» («ئون كۈچ سۇتراسىنىڭ مۇقەددىمىسى»)دە: «ئەنشى(تاڭ دەۋرىدىكى ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى كۈسەننى كۆرسىتىدۇ)دە چيەن جيەن تېخى بار بولۇپ ئۇنىڭ باغرىدا چيەن جيەن ساگرامى بار. يەنە ئوپاساكى تېغىمۇ بار. بۇ يەردە سىم - سىم سۇدىن مۇزىكا ھاسىل بولىدىغان بۇلاق بار. كىشىلەر بىر يىلدا ئۇنىڭ ئاۋازىنى توپلاپ مۇزىكا ئىشلەپ چىققان» دېيىلگەن.[19] سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «راھىبكالانلار تەرجىمھالى»دىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بايانلار بار.

كۈسەن مۇزىكا تارىخى ماتېرىياللىرى ھەققىدە ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى دەۋرىدىكى رەسمىي ۋە بىرەسمىي بولغان سالنامىلىرىدە كۆپلەپ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. ئەينى دەۋردىكى بۇددىزم كۈسەن مۇزىكا - ئۇسسۇلى كېيىنچە بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇددىزم غەربىي يۇرتتا ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا سەنئىتى كېيىنچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. نۆۋەتتە بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ يۈزەكىلىكى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەردە كۆپىنچە ھاللاردا ئىسلامىيەت دەۋرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان خاھىشلار مەۋجۇت. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى بىر قەدەر مۇرەككەپ، مەدەنىيەت تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە ئىلگىرى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان ھەرخىل دىنلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغان. بۇ جەھەتتە، بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك. بىر مىللەت ۋە رايوننىڭ مەدەنىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەمئىيەت ۋە ئېتىقادتا قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرگە مۇئەييەن دەرىجىدە ۋارىسلىق قىلغان بولىدۇ، قەدىمكى كۈسەن مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل ئىچى مۇزىكا - ئۇسسۇلىغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. لېكىن شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، تارىخىي سىڭىشىشىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاش ئەمەس، تەرەققىياتىمۇ تەكشى بولمىغاچقا ھەرقايسى رايونلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىش دەرىجىسىدىمۇ پەرق مەۋجۇت. كۈسەن بۇددىزم تام رەسىملىرىدە كۆرۈلگەن بالىمان قەدىمدە ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ مۇزىكا سەنئىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ باشقا ئەللەرگە تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ھازىر پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان، ئەمما بالىمان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل ئىچى مۇزىكىسى ۋە «ئون ئىككى مۇقام»دا ئومۇملاشقان مۇھىم چالغۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تام رەسىملىرىدە كۆرۈلگەن يۇملاق قارىنلىق بەربابنىڭ شەكلى ۋە چېلىش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، ھازىرقى ئۇيغۇرلار چېلىپ كېلىۋاتقان راۋاب بىلەن بىۋاستە مەنبەلىك مۇناسىۋىتى بار. (7 - رەسىم) بۇنىڭدىن باشقا يەركەن دەريا بويىدىكى ياركەنت، مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان «دولان راۋابى»نىڭ شەكلى تام رەسىملىرىدە كۆرۈلگەن بەش تارلىق بەرباب بىلەن ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن چېلىش ئۇسۇلىمۇ تامامەن ئوخشايدۇ. تام رەسىملىرىدە كۆرۈلگەن ئۇسسۇللار ئاساسەن يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، قوش كىشىلىك ئۇسسۇل ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇلدىن ئىبارەت بولۇپ قوش كىشىلىك ئۇسسۇل بىلەن يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇخىل ئۇسسۇل شەكلى ئۇيغۇر ئۇسسۇلىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىمۇ ئاساسەن يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ۋە قوش كىشىلىك ئۇسسۇلنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان، بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئورۇنلايدىغان قوش كىشىلىك ئۇسسۇل «لەپەر»نىڭ ئىپادىلەش ئۇسسۇلى كۈسەن تام





رەسىملىرىدە كۆرۈلگەن ئۇسسۇل ھالىتى بىلەن ئوخشايدۇ. (8 ـ رەسىم) بۇ بەلكىم مىللەتنىڭ ئادىتى ۋە ئولتۇراقلاشقان مۇھىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەمما بۇلاردىن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇسسۇل قىياپىتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ قىسمەن ھەرىكەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ بىراق، قول ۋە قەدەم ئېلىش قاتارلىق نۇرغۇن ھەرىكەتلەر مەسىلەن، بېغىش ئايلاندۇرۇش، ئالقان ئۆرۈش، بويۇن ئېتىش، قاش چىقىرىش، چاۋاك چېلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر مىڭئۆي تام رەسىمىدىكى بىلەن بىردەك. تام رەسىملىرىدە سوقمىلىق چالغۇ بىلەن ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىنغانلىقنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدىمۇ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىك بار، لېكىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدا ئىلگىرىكى يان دۇمباق ھازىرقى داپقا ئۆزگەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىدىكى چىنە ئۇسسۇلى، پۇتا ئۇسسۇلى (چىلىم) قاتارلىق ئۇسسۇللارنىڭ مەنبەسىنى كۇسەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ.

ئەمدى مۇشۇ غارنىڭ ئالدى تېمى ھەققىدە توختىلىمىز: غارنىڭ ئالدى تېمىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئىشىك ئېچىلغان بولۇپ ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تام رەسىمنىڭ كۆپ قىسمى تۆكۈلۈپ كەتكەن. ئىشىك بېشىغا دېڭىز ھايۋانلىرى ۋە مەرۋايىتلار سىزىلغان بولۇپ بىر قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن. ئىشىكنىڭ سول تەرەپ تام ئاستىنقى قىسمىغا سىزىلغان رەسىملەرنىڭ بىر قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر پەقەت بېلىنى يۇمىلاق تۇتاش توقلىق كەمەر باغلاپ تۇتۇپ ئولتۇرغان بىر كۇسەنلىك تېۋىنغۇچىنىڭ رەسىمى ساقلىنىپ قالغان. بۇ تامنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئەگمە تورۇسلۇق بىر بۇددا ئويۇقچىسى بار بولۇپ ئويۇقچىدىكى بۇددا يوقالغان. ئويۇقچىنىڭ ئۇدۇل تېمىغا كىچىك گۈللەر سىزىلغان بىراق كۆپ قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئىككى تەرەپتىكى بېغىررەڭ بوياق بېرىلگەن، ئويۇقنىڭ ئىچكى ئېغىز دىۋارىغا قارا رەڭلىك بەلباغسىمان نۇسخا سىزىلغان، ئويۇقنىڭ تاشقى ئېغىز دىۋارىغا ئاق رەڭلىك بەلباغسىمان نۇسخا سىزىلغان. ئويۇقنىڭ سىرتى ئۈستۈنكى تەرىپىگە خىيالغا پاتقان بىر بۇدساتۋانىڭ رەسىمى سىزىلغان، ئاستىدىكى رەسىم ئۆچۈپ كەتكەن بولۇپ مەزمۇنىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرەپ تامنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى تام رەسىمنىڭ كۆپ قىسمى تۆكۈلۈپ كەتكەن، ئوتتۇرىسىغا ئەگمە تورۇسلۇق بىر ئويۇقچە چىقىرىلغان بولۇپ ئىچىدىكى بۇددا يوقالغان، ئويۇقچىنىڭ ئۇدۇل تېمىغا كىچىك گۈللەر سىزىلغان، بىراق كۆپ قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئىككى تەرەپتىكى تامغا بېغىررەڭ بوياق بېرىلگەن. ئويۇقنىڭ ئىچكى ئېغىز دىۋارىغا قارا رەڭلىك بەلباغسىمان نۇسخا سىزىلغان، ئويۇقنىڭ تاشقى ئېغىز دىۋارىغا ئاق رەڭلىك بەلباغسىمان نۇسخا سىزىلغان. ئويۇقنىڭ سىرتى ئۈستۈنكى تەرىپىگە خىيالغا پاتقان بىر بۇدساتۋانىڭ رەسىمى سىزىلغان.



ئالدى تامنىڭ ئۈستۈنكى گىرۋىكىگە ئوقيا باشقى نۇسخىسى، يۆگىمەچ ئوت نۇسخىسى سىزىلغان. ئىشىك بېشىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى يېرىم يۇمىلاق ئورۇنغا «مايتىرى بۇدساتۋانىڭ تۇشىتا جەننەت يېرىدە تەڭرىلەرگە نوم نوملىشى» دېگەن رەسىم سىزىلغان. (9 ـ رەسىم) بۇنىڭدىكى بىر قىسىم تەڭرىلەرنىڭ رەسىملىرىنى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى گېرمانىيەگە ئېلىپ كەتكەن، ھازىر گېرمانىيە بېرلىن ھىندى سەنئىتى مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئەگمە تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاي تەڭرىسى، ئۆرە تۇرغان بۇددا، بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى يالىڭاچ ئايال شامال تەڭرىسى، گارۇدا ( ئالتۇن قاناتلىق قۇش ياكى ھۇما قۇشى)، ئۆرە تۇرغان بۇددا بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى يالىڭاچ ئايال شامال تەڭرىسى ۋە ئەتراپىنى يۇلتۇزلار چۆرىدەپ تۇرغان كۈن تەڭرىسى سىزىلغان. ئەگمە تورۇسنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى رومبىسىمان كاتەكچە ئىچىگە يارالمىش ھېكايىسى بىلەن ۋەج ـ سەۋەب ھېكايىسى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ سىزىلغان بولۇپ، قىزىل مىڭئۆيدىكى غارلار ئىچىدە يارالمىش ھېكايىسى ۋە ۋەج ـ سەۋەب ھېكايىسى ئەڭ كۆپ غارلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگمە تورۇسنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جەمئىي 24 پارچە يارالمىش ھېكايىسى سىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تۆۋەندىكىچە (10 ـ رەسىم):




(1) بىر ئادەم يانچە ئولتۇرغان، ئۇنىڭ يېنىدا بىر-

سى ئىككى قولىدا بىر پاترا (چۆچەك) كۆتۈرۈۋالغان، بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(2) ساندۇق ئىچىدە بىر ئادەم ياتقان بولۇپ، ساندۇق يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئىككى كىشى ساندۇق باغلانغان ئارغامچىنى يېشىۋاتىدۇ، بۇ شاھزادە مۇكاپانگو (Mukapango) نىڭ يارالمىش ھېكايىسىدۇر.[20]

(3) بىر ئادەم سۇنىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپ ئىككى قولىدا بىر كوزىغا ئوخشايدىغان نەرسە بىلەن سۇ ئېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئادەم بىر تىزىنى يەرگە قويۇپ ئىككى قولىدا جاۋۇرغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ سۇدىكى ئادەمگە ياردەملىشىۋاتىدۇ، بۇ «دېڭىزدىن گۆھەر سۈزۈش» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(4) بىر ئادەم ئورۇندۇق[21] ئۈستىدە ئولتۇرغان بولۇپ، ئىككى يېنىدا بىردىن ئادەم ئۆرە تۇرۇپ ئارغامچا بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇۋاتىدۇ، بۇ «مانىبارۇ»نىڭ يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(5) بىر ئادەم يېنىچە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئولتۇرغان بىر ئادەممۇ بار، ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ، بۇ ھېكايە مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(6) بىر ئادەم ئېگىز ئورۇندۇقتا پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى قولى ئارقىغا قىلىپ تېڭىلغان بىر ئادەم ئۆرە تۇرىدۇ، بۇ ئادەمنىڭ يېنىدا بىر ئادەم قولىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەۋاتىدۇ، بۇ «پادىشاھ سارۋادا (sarvada)»نىڭ يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(7) بىرسى دەرەختىن پەسكە سەكرەۋاتقان بولۇپ، ئاستىدا بىر ياكسا[22] (yaksa) ئۈستىگە قاراپ تۇرىدۇ. بۇ «ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ھېكمەت ئاڭلاش» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(8) دەرەخ ئاستىدا بىر بىكسۇنى دياندا ئولتۇرىدۇ، ئالدىدا بىر كۆلچەك بار، بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(9) بىر ئادەم ئورۇندۇقتىن پەسكە سەكرەۋاتىدۇ، ئاستىنقى تەرەپتە بەش دانە يىلان بار. بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(10) بىر ئادەم دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ھايۋاننىڭ تېرىسىنى شىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر ھايۋان بار. بۇ «ھايۋان كۇتھا (kutha)نىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(11) بىر ئادەم ئاتقا مىنىۋېلىپ قىلىچىنى ئوينىتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر جۈپ ئالدى پۇتىنى پۈكۈپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر مارال بار، بۇ «مارالنىڭ قىسمىتى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(12) سول تەرەپتە بىر شىر ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ گەپ قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر مايمۇن يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بىر بۈركۈت بىر كىچىك مايمۇننى قاماللاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ «شىر پادىشاھنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (11 ـ رەسىم)



(13) يەردە يوغان بىر بېلىق ياتىدۇ، ئىككى ئادەم قوللىرىدىكى پىچاق ۋە پالتا بىلەن بېلىقنىڭ گۆشىنى كېسىۋاتىدۇ. بۇ «ساردۇراكارنا (Sardurakarna) ھەققىدە رىۋايەت» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(14) سول تەرەپتە بىر ئادەم ئۆرە تۇرۇپ ئىككى بىلىكىنى ئالدىغا سوزۇپ تۇرىدۇ، ئاستىدا بولسا ئۇنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئىككى قولى بار. ئوتتۇرىسىدا بولسا بىر ئوۋچى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تاغ ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇنغان ئېيىقنى ئوقيا بىلەن ئېتىۋاتىدۇ. بۇ «ئوتتۇنچىنىڭ ئېيىقنى ئوۋچىغا كۆرسىتىپ قويۇشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(15) سول تەرەپتە بىر ئادەم ئۆرە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر بۇغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، ئوڭ تەرەپتە ئۇلۇغ ئوتتا قايناۋاتقان بىر داڭقان بار. بۇ «بۇغا پادىشاھنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ماراللارنى قۇتقۇزۇشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(16) بىر ئوۋچى ئۇچىسىغا كاسايا (kasaya) كىيىپ ئوقيا بىلەن بىر پىلنى ئېتىۋاتىدۇ. بۇ «پىل پادىشاھنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(17) بىر ئادەم ئېگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سول قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئادەم بولقا بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىگە مىخ قېقىۋاتىدۇ. بۇ «پادىشاھ ۋايرۇكانا (vayrukana)نىڭ بەدىنىگە مىڭ دانە مىخ قېقىش» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(18) بىر ئادەم قولىدا پاترا(atra، چۆچەك[23]) كۆتۈرۈپ ئېگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى ئادەم ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئۇنىڭ پۇتىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ تېنىدىن گۆش كېسىۋاتىدۇ. بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(19) ئوتتۇرىدا يېرىم يالىڭاچ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ مەيدىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ ئوت ئىچىدە ئۆرە تۇرغان بىر ئادەم بار. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر بىراخمان بار بولۇپ،

ئۇ سول قولىدا بىر دانە پاترا (چۆچەك) كۆتۈرۈۋالغان، ئوڭ قولىنى بېقىنغا تىرەپ تۇرغان ئىدى. ئوڭ تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر بىراخمان (Brahman) بار بولۇپ، ئۇ سول قولىدا بىر دانە پاترا(چۆچەك) كۆتۈرۈۋالغان، ئوڭ قولىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ تۇرغان، شۇ قولىدا بىر دانە نەرسە تۇتۇۋالغان بولۇپ، ئۇنى مۈرىسىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوتقا تاشلاۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇ «پادىشاھ چانچاپارىنىڭ ھېكمەت ئاڭلاپ تېنىدە مىڭ چىراغ يېقىشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(20) بىر ئادەم ئېگىز ئورۇندۇقتا يېنىچە ئولتۇرغان، ئالدىدا بىر داڭقان بار، يېنىدا بىر ئادەم بولۇپ ئۇنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ بېقىنغا بىر نەرسە تىقىۋاتقاندەك قىلىدۇ، بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(21) بىر ئادەمنىڭ چېچى دەرەخكە باغلانغان بولۇپ ئالىقىنىنى جۈپلەپ ئۆرە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر بىراخمان ئوڭ قولىدا بىر قىلىچنى ئويىنىتىپ ئۆرە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر ئادەم بولۇپ ئىككى قولىدا بىر دانە تەخسە كۆتۈرۈۋالغانىدى. بۇ «مايتىربالا (maitribala) خانىنىڭ بېشىنى سەدىقە بېرىشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(22) ئېگىز ئورۇندۇقتا بىر ئادەم ئولتۇرغان، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە بىر ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بولۇپ، قولىدا بىر ئورام نەرسىنى كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. بۇ «ئەجدىھار شاھنىڭ نوم تەلەپ قىلىشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(23) بىر ئادەم ئېگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ سول تەرەپ ئاستىنقى قىسمىدا بىر ھايۋان ئۇنىڭ پۇتىنى چىشلەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ يان تەرىپىدە قولىدا پاترا (چۆچەك) تۇتۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر ئادەم بار. بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(24) دەرەخ ئاستىدا بىر بىراخمان ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ بېشىدا بىر قانچە قۇش چۈجىسى بار، بۇ «بۇدساتۋانىڭ دىياندا ئولتۇرۇپ قۇشنى ھۈركۈتۈۋەتمىگەنلىكى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

بۇ غارنىڭ ئوڭ ۋە سول جەمئىي 46 پارچە ۋەج - سەۋەب ھېكايىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە پارچىسى ئەينى چاغدا ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن، يەنە ئالتە پارچىسىنىڭ مەزمۇنى ئېنىق ئەمەس. ئەگمە تورۇسنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جەمئىي 23 پارچە ۋەج - سەۋەب ھېكايىسى سىزىلغان بولۇپ،




ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلدى. (12 - رەسىم)

(1) ئولتۇرغان بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئادەم ئىككى قولىدا قىسقا بىر رەختنى بۇدداغا تەڭلەپ تۇرىدۇ. بۇ«باپكارچى ئۇستامنىڭ بۇدداغا رەخت سەدىقە بېرىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(2) ئولتۇرغان بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە بۇدساتۋاچە ياسانغان بىر ئادەم بار بولۇپ، ئوڭ قولىنى بىلىگە تىرەپ، سول قولىدا بىر پارچە بوز رەختنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ساكيامۇنى بۇلاڭچىلىقتا ئۇچراشتىن بۇرۇن ۋىپاشىين[21] (Vipashyin)غا بوز رەخت سەدىقە بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەج - سەۋەب ھېكايىسى بولۇشى مۇمكىن.

(3) ئولتۇرغان بىر كىچىك بالا قولىدا گۈل بەرگىنى تۇتۇپ بۇدداغا قارىتىپ چېچىۋاتىدۇ. بۇ «كىچىك بالىنىڭ گۈل چېچىپ بۇددىغا سەدىقە بېرىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.



(4) ئولتۇرغان بۇددا ئوڭ تەرەپكە قارىغان، ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر بىكسۇنى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدا يېنىپ تۇرغان بىر چىراغ بار، ھەربىر مۈرىسىدە بىردىن يېنىپ تۇرغان چىراغ بار، ئىككى قولىنىڭ ھەر بىرسىدە بىردىن چىراغ بار، بۇ «چىراغ يېقىپ بۇددىغا بەرگەن سەدىقىنىڭ ساۋابى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر. (13 - رەسىم)

(5) ئولتۇرغان بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە قورسىقىنى كېرىپ بەدىنىنى سەل ئارقىغا تاشلىغان، ئوڭ قولىنى بېلىگە قويۇپ سول قولىدا بىر نەرسىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەم بار. بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(6) ئولتۇرغان بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇ ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەپ بۇددىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتاتتى. بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(7) ئولتۇرغان بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئادەم ئولتۇرغان بولۇپ، ئىككى قولىدا بىر دانە سايىۋەن تۇتۇپ بۇددىغا سەدىقە بېرىۋاتىدۇ، بۇ «سايىۋەن سەدىقە بېرىش» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(8) ئولتۇرغان بۇددانى بىر ئوت چاچار ئەجدىھا



چىرمىۋالغان بولۇپ، بۇددانىڭ بېشى ئۈستىدە تۆت دانە يىلانغا ئوخشايدىغان ئەجدىھا بېشى بار. بۇلار بۇددانى بوران - چاپقۇن، قار - يامغۇردىن ساقلايدىغان شاھانە كۈنلۈكنى شەكىللەندۈرگەن. بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بولۇپ ئۇ ئەجدىھا شاھ ماھامۇچىلى (Mahamuchilinda)نىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ «ئەجدىھار شاھنىڭ بۇددانى قوغدىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(9) ئولتۇرغان بۇددانىڭ سول تەرىپىدە بىر نامرات ئادەم ئىككى قولىدا بىر تەخسىنى كۆتۈرۈپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بولۇپ، تەخسىنىڭ ئىچىدە ئاللىقانداق بىر خىل يېمەكلىككە ئوخشايدىغان نەرسە تۇراتتى. بۇ «نامرات كىشىنىڭ بۇددىغا سەدىقە بېرىپ ساۋاپلىق تېپىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(10) ئولتۇرغان بۇددانىڭ سول تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بىر ئادەم ئوڭ قولىدا بىر دانە چوڭ مارجاننى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ «گۈل غولىنى سەدىقە بېرىش» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(11)، (12) بۇ ئورۇندىكى تام رەسىملىرىنى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئېكىسپېدىتسىيەچىلىرى كېسىپ ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر بېرلىن ئاسىيا سەنئىتى مۇزېيىدا ساقلانماقتا، شۇڭا بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنىدىن بىخەۋەرمىز.

(13) ئولتۇرغان بۇددانىڭ سول تەرىپىدە بىر بالا ئىككى پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئۆرە تۇرىدۇ، بۇددا ئوڭ قولىدا قاقىرا تۇتۇۋالغان، سول قولىدا بىر دانە پاترا (جۈجەك) كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇنى ھېلىقى بالىغا سۇنۇۋاتىدۇ. بۇ «نامرات بالىنىڭ بۇددانى تاۋاپ قىلىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(14) ئولتۇرغان بۇددانىڭ سول تەرىپىدە بىر ئايال يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قولىدا كۆيۈۋاتقان بىر دانە چىراغنى تۇتۇپ ئۇنى بۇددىغا سەدىقە قىلىۋاتىدۇ. بۇ «نامرات قىز ناندا (nanda)نىڭ بۇددىغا بىر چىراغ بىلەن سەدىقە بېرىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(15) ئولتۇرغان بۇددانىڭ سول تەرىپىدە بىر ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئىككى قولىدا ئىچىگە يېمەكلىك سېلىنغان بىر تەخسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ «ئاقساقالنىڭ ئوغلىنى مېھمانغا چاقىرىپ ساۋاپ تېپىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(16) ئولتۇرغان بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە باش نۇر ھالقىسى بار كۈسەنچە كىيىنگەن بىر ئايال يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قولىدا كۆتۈرۈۋالغان پاترانى بۇددىغا تەڭلەپ تۇرىدۇ، بۇ «پادىچى قىزنىڭ سۈتلۈك ئۇماچ تەقدىم قىلىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(17) ئولتۇرغان بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئادەم ئىككى قولىدا قىسقا بىر پارچە رەختنى بۇددىغا تەڭلەپ تۇرىدۇ. بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنى (1) بىلەن ئوخشاش.

(18) ئولتۇرغان بۇ ئورۇندىكى تام رەسىمنى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئېكىسپېدىتسىيەچىلىرى كېسىپ ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر بېرلىن ئاسىيا سەنئىتى مۇزېيىدا ساقلانماقتا، شۇڭا بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنىدىن بىخەۋەرمىز.

(19) ئولتۇرغان بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئاقساقال ئىككى قولىدا بىر دانە تەخسىنى كۆتۈرۈپ بۇددىغا سەدىقە بېرىۋاتىدۇ. بۇ «ئىپار پۇرايدىغان ئاقساقالنىڭ بۇددانى تەكلىپ قىلىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(20) بۇ ئورۇندىكى تام رەسىمنى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئېكىسپېدىتسىيەچىلىرى كېسىپ ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر بېرلىن ئاسىيا سەنئىتى مۇزېيىدا ساقلانماقتا، شۇڭا بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنىدىن بىخەۋەرمىز.

(21) ئولتۇرغان بۇددانىڭلا رەسىمى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، يېنىدىكى تۆۋىنفۇچىنىڭ رەسىمى بۇزۇۋېتىلگەن، بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنى ئېنىق ئەمەس.

(22) بۇددا چاسا ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇرغان بولۇپ، ئوڭ قولىدا پاترا كۆتۈرۈۋالغان، بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە سودىگەرلەرگە خاس كىيىنگەن بىرسى بۇددانىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. بۇ «رەھىمدىل براخماننىڭ بۇددانى تەكلىپ قىلىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(23) ئولتۇرغان بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە قولىدا تۇغ كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. بۇ «بۇددانىڭ تۇغ تىكىشكە رەخت سەدىقە بېرىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

ئەگمە تورۇسنىڭ سول تەرىپىگە جەمئىي 25 پارچە يارالمىش ھېكايىسى سىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلدى. (14 - رەسىم)




(1) پۇتۇن بەدىنى قېنىق كۆك بوياقتا سىزىلغان، يېرىم يالىڭاچ، ئۇچلۇق قۇلاقلىق بىر ئالۋاستى ئۆرە تۇرغان بولۇپ، ئىككى قولىدا بىر بوۋاقنى قامالاپ ئاغزىغا سېلىۋاتىدۇ. بۇ «چاندارۋا (Candharva) خانىنىڭ نوم ئاڭلىشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(2) ياللۇنجاۋاتقان ئوت ئىچىدە يالىڭاچ بىر ئادەم ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئۆرە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بېشىنىڭ ئۈستىگە ئۈچ دانە ئەجدىھاغا سىمۋول قىلىنغان يىلان سىزىلغان بىر ئادەم كۆلچەك ئىچىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، بۇ «شاھزادە دھارماراكسا (Dharmaraksa) نىڭ نوم ئاڭلاش ئۈچۈن ئوتقا كىرىشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۇترا» (Nidana sutra Damamukl) نىڭ 1 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(3) بىر ئادەم يۇقىرىدىن پەسكە ئۇچۇپ چۈشۈۋاتىدۇ، يەر ئۈستىدە بىر ئادەم توغرىسىغا ياتقان بولۇپ، يېنىدا بىر چوڭ يولۋاس ئۇنىڭ گۆشىنى يەۋاتىدۇ، نېرىراقتا بولسا بىر كىچىك يولۋاس ئۆرە تۇرىدۇ. بۇ «شاھزادە ماھاساتتۇا (Mahasattva) نىڭ ئۆز تېنىنى يولۋاسقا سەدىقە بېرىشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۇترا» نىڭ 1 ـ جىلدى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دە ئۇچرايدۇ).

(4) دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر ئايال يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بولۇپ، قۇچىقىدا زاكىغا ئورالغان بىر بوۋاق بار. ئۇنىڭ يېنىدا قىلچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چېپىشقا تەمشىلىۋاتقان بىر ئادەم ئۆرە تۇرىدۇ. بۇ پادىشاھ ساھتاننىڭ يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى ئۈچ پادىشالىق دەۋرىدىكى راھىب كاڭ زېڭخۇي تۈزگەن «سادا (ئالتە) پارامىتا سۇترا» (sada paramita sutra) نىڭ 2 ـ جىلدىدا كۆرۈلىدۇ).



(5) راكشا① (Raksha) بىر ئادەمنى قۇچاقلاپ قوش قاناتلىرىنى كېرىپ كۆكتە ئۇچۇۋاتىدۇ. ئاستىدىكى چاسا شەكىللىك بىر كۆلچەكتە يالىڭاچ بىر ئايال بىر قولىدا بېلىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىنى يۈزىگە قويۇپ ئاسمانغا قاراپ تۇرىدۇ. بۇ «پادىشاھ سۇدھامان (Sudhaman) نىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (15 ـ رەسىم) (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۇترا» نىڭ 1 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(6) ئوڭ تەرەپتە يالىڭاچ بىر ئادەم بولۇپ بەدىنىنىڭ ئارقىدا ئوت يالقۇنى بار. سول تەرەپنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ سۇ ئىچىدە ئۆرە تۇرغان بىر ئادەم بار بولۇپ، بېشىنىڭ ئۈستىدە ئۈچ دانە يىلان بېشى بار. بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(7) بىر ئايال بىر كىچىك بالىنى مۈرىسىگە مىنگەشتۈرۈپ ئالدىغا مېڭىۋاتقان بولۇپ، مۈرىسىدىكى بالا ئارقىسىغا قاراپ سول قولىنى پۇلاڭلىتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە بىر ئادەم ئىككى قولىدا بىر دانە قىلچىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدىدىكى ئايالنى چاپماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ «شۇجاتتانىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ئانىسىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۇترا»نىڭ 1 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(8) بىر ئادەم چېپىپ كېتىۋاتقان پىلغا مىنىۋالغان بولۇپ، يىقىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەرەخ شېخىغا ئېسىلىۋالغانىدى. بۇ بۈيۈك نۇرلۇق خاننىڭ يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۇترا»نىڭ 3 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(9) دۈمبىسىگە بىر توشقاننى مىندۈرۈۋالغان بۇغا پۇتلىرىنى كېرىپ دەريادىن سەكرەپ ئۆتۈۋاتىدۇ. بۇ «بۇغىنىڭ توشقاننى قۇتقۇزۇشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» 6 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(10) قۇچىقىدا بىر ئادەم بار، بىر ئېيىق دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، دەرەخ ئاستىدا بىر ئادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قاراپ تۇرىدۇ. بۇ «ئېيىقنىڭ ئوتۇنچىنى قۇتقۇزۇشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى « سارۋاستى ۋىداۋنايا ۋەقەلىرى»نىڭ 15 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(11) بىر چوڭ تاشپاقا سۇدا ئۈزۈۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆسەنچە كىيىم كىيىۋالغان ئۈچ ئادەم ئولتۇرىدۇ، بۇ «تاشپاقىنىڭ ئۆزى قۇتقۇزغان سودىگەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى (jataka – Kacchapa)» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى سامىيۇكتا راتنا پىتاكا سۇترا (Samyukta – ratna – pitaka – sutra) 〈杂宝藏经〉نىڭ 3 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(12) بىر براخمان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئوت سۇنۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر توشقان ئوت ئىچىدە براخمان تەرەپكە قاراپ ئۆزىنىڭ تېنىنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ. بۇ «توشقاننىڭ ئۆزىنى كاۋاپ قىلىپ براخماننى قۇتقۇزۇشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى سامىيۇكتا راتنا پىتاكا سۇترا (Samyukta – ratna – pitaka – sutra) 〈杂宝藏经〉نىڭ 2 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(13) ئىككى باشلىق ئەجدىھا تېنىنى يۇمىلاق چەمبەر ھالىتىگە كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئادەم ئولتۇرغان بولۇپ ئۇلار بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىلەكلىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىر خىل زەخمىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. بۇ «سىمھانىڭ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى راھىب كاڭ زېڭخۈي تۈزگەن: «سادا (ئالتە) پارامىتا سۇترا» (sada paramita sutra) 6 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(14) سۇنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم ئىككى قولىدا بىر نەرسە سېلىنغان بىر دانە تەخسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە تۆۋەنگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇ ئادەم بىر دانە ئاق لىنتا بىلەن ھېلىقى تەخسىنى ئېلىشقا تەمشىلىۋاتىدۇ. بۇ «دېڭىز سۈيىنى چىقىرىپ تاشلاپ گۆھەر سۈزۈش» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(15) ساتمىنىڭ ئىشكى ئالدىدا بىر ئادەم ئوڭ پۇتىنى پۇكۇپ ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئوڭ پۇتىنى پۇكۇپ ئولتۇرغان بىر مارال بار. بۇ «مارال پادىشاھىنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ بالىلىرىنى قۇتقۇزۇشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «نوم بىلەن ۋىنايا (پەرھىز)نىڭ پەرقى» دېگەن ئەسەرنىڭ 47 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(16) بىر مايمۇن ئۆز تېنى بىلەن دەريانىڭ ئىككى قېتىدىكى ئىككى تۈپ دەرەخ ئارىسىغا بىر كۆۋرۈك ھاسىل قىلغان بولۇپ، بىر مايمۇن ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ ئۆتۈۋاتىدۇ، يەنە بىر مايمۇن ئۆتۈشكە تەمشىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدا بىر ئادەم ئوڭ پۇتىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئوقيانى مايمۇنغا بەتلەپ تۇرىدۇ. بۇ «مايمۇن پادىشاسىنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ مايمۇنلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (16 ـ رەسىم)



(بۇ ھېكايە مەزمۇنى ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى راھىب كاڭ زېڭخۈي تۈزگەن «سادا (ئالتە) پارامىتا سۇترا» (sada paramita sutra) 6 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(17) دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر ھايۋان بىر بىكسۇننى چىشلەۋاتىدۇ. بۇ «غۇلمان تويىننىڭ ئۆزىنى يولۋاسقا سەدىقە بېرىشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «نوم بىلەن ۋىنايا (پەرھىز)نىڭ پەرقى» دېگەن ئەسەرنىڭ 10 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(18) يەر ئۈستىدە بىر دانا چاسا مۇنبەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ تەرىپىگە بىردىن قوي كاللىسى قويۇلغان. ئوتتۇرىدا بىر ئادەم ئىككى قولىنى جۈپلەپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. ياندا بىر ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يەنە بىر ئادەمنىڭ كۆزىنى ئويۇۋاتىدۇ، ئوڭ تەرەپتە بىر ئادەم ئولتۇرغان بولۇپ، سول قولىدا بىر دانە پاترا(ئاياق) كۆتۈرۈۋالغان. بۇ «پادىشاھ ھۆمانىڭ يارالمىش ھېكايىسى»دۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى فاجۇ بىلەن فالى بىرلىكتە تەرجىمە قىلغان «دھارماپادا ـ ۋادانا سۇترا (Dharmapada – vadana sutra)» دېگەن نومنىڭ 1 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(19) بىر ئادەم تارازا كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە بىر كەپتەر قويۇلغان، يەنە بىر تەرىپىگە بىر ئادەم ئوڭ پۇتى بىلەن دەسسەپ تۇرىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇستىخانلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە بىر بۈركۈت بۇ ئادەمگە قاراپ تۇرىدۇ. بۇ «پادىشاھ سىۋىكا (Sivika)نىڭ ئۆز گۆشىنى كېسىپ كەپتەرنى قۇتقۇزۇشى (尸毗王割肉救鸽)» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۇترا»نىڭ 3 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(20) ئوڭ تەرەپتە بىر براخمان ئۆرە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئادەم ئىككى پۇتىنى پۇكۇپ ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يالىڭاچ بالا ئۆرە تۇرغان بولۇپ ئۇلار ئارقىدىكى براخمانغا ئۆرۈلۈپ قاراۋاتىدۇ. بۇ «شاھزادە سۇدانانىڭ ساۋاپلىق ئىش قىلىشى (乐善好施须达拿太子)» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «شاھزادە سۇدانا سۇترا»دا ئۇچرايدۇ).

(21) بىر ئادەم كۆيۈۋاتقان ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالدىغا مېڭىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىدا بىر ئادەم سول قولىدا يۈك ئارتىلغان بىر كالىنى يېتىلەپ، ئوڭ قولىنى كۆندىلەڭ قىلىپ ئالدىدىكى ئادەمگە ئەگىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ «كارۋان بېشى سارتىباۋنىڭ بىلىكىنى مەشئەل قىلىپ يول باشلىشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۇترا»نىڭ 6 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(22) باش نۇر ھالقىسى بار بىر ئادەم ئىككى قولىنى تىزى ئۈستىگە تاشلاپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىدە بىردىن ياكشا ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. بۇ «مائىترىبالا (Maitribala) خاننىڭ قان سەدىقە بېرىشى (慈力王施血)» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۇترا»نىڭ 2 ـ

www.uyghurkitap.com

جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(23) ئورۇندۇقتا باش نۇر ھالقىسى بار بىر ئادەم ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر براخمان ئورۇندۇقتا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرىدۇ، سول تەرىپىدە بىر ئادەم ئوڭ قولىدا ئۆرە تۇرۇپ پىچاق بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇۋاتىدۇ. «بۇ خان سۇدھىرا (sudhira)نىڭ كۆزىنى سەدىقە بېرىشى (快目王施眼)» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۇترا»نىڭ 2 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(24) ئەگمە تورۇسلۇق ئىمارەتنىڭ ئاستىدىكى يۇملاق ئورۇندۇقتا باش نۇر ھالقىسى بار، ئىككى بىغىشى كېسىۋېتىلگەن يېرىم يالىڭاچ بىر ئادەم ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئادەم ئوڭ قولىدا قىلىچنى ئۇنى چېپىش ئۈچۈن دېۋەيلەپ تۇرىدۇ. بۇ «كسانتى (Ksanti)نىڭ خورلۇققا چىدىشى 羼提波梨忍辱本生» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر.

(25) دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر ئايال ئۆرە تۇرغان بولۇپ، ئۇ سول قولى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر جۈپ كۆكسىنى كۆتۈرۈپ ئوڭ قولىدىكى پىچاق بىلەن كۆكسىنى كېسىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئايال قۇچىقىدا بىر بوۋاق بالىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى ئايالغا قاراۋاتىدۇ. بۇ «ۋارمانجتى (Warmanjti)نىڭ كۆكسىنى سەدىقە بېرىپ بوۋاقنى قۇتقۇزۇشى (跋摩竭提施乳本生)» دېگەن يارالمىش ھېكايىسىدۇر. (بۇ يارالمىش ھېكايىسى خەنزۇچە 《佛说菩萨本生经》نىڭ 1 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا سانسكرىتچە 《天业譬喻》 32 ـ بەت، 《菩萨如意蔓喻》 51 ـ بەت ۋە زىبگ ۋە زىبگلىڭ تۈزگەن: «توخارتىلىدىكى كەمتۈك ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسەرنىڭ 57 ـ بەتلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ).

ئەگمە تورۇسنىڭ سول تەرىپىگە جەمئىي 23 پارچە ۋەج ـ سەۋەب ھېكايىسى سىزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تۆۋەندىكىچە (17 ـ رەسىم):

(1) بۇ ئورۇندىكى تام رەسىمنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى كېسىپ ئېلىپ




كەتكەن بولۇپ، ھازىر بېرلىن ئاسىيا سەنئىتى مۇزېيىدا ساقلانماقتا، شۇڭا بۇ تام رەسىمنىڭ مەزمۇنىدىن بىخەۋەرمىز.

(2) بۇددانىڭ سول تەرىپىدە ناھايىتى چىرايلىق كىيىنگەن بىر ئايال ئىككى قولىدا بىر مارجاننى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. بۇ «سودىگەرنىڭ ئايالىنىڭ بۇددىغا مارجان سەدىقە قىلىشى» دېگەن ۋەج ـ سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(3) بۇددانىڭ ئوڭ تەرەپ ئۈستۈنكى قىسمىدا بىر ستۇپا(مۇنار) قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئاستىنقى تەرىپىدە چاكراۋارتى راجا① بۇددانىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. بۇ «بىمبىساراخاننىڭ بۇددىغا ستۇپا سەدىقە بېرىشى» دېگەن ۋەج ـ سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(4) بۇددانىڭ سول تەرىپىدە بىر ئايال ئولتۇرغان بولۇپ بېشىغا گۈللۈك تاج تاقاپ، چېچىغا لېنتا ئېسىۋالغان. ئۇنىڭ سول بىلىكى سەل ئېگىلىپ ئالدىغا سوزۇلغان، قول ئالقىنى ئۈستىگە قارىتىلغان، ئوڭ بىلىكى قورسىقىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ ئالقىنى ئۈستىگە قارىتىلغان، پۈتۈن ھەرىكەتتىن ناھايىتى چىرايلىق ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ «ئۇسسۇلچى قىزنىڭ بىكسۇنى بولۇشى» دېگەن ۋەج ـ سەۋەب ھېكايىسىدۇر.

(5) ئولتۇرغان بۇددا ئوڭ قولىنى ئوڭ تەرەپكە سوزۇپ تۇرىدۇ، ئۇدۇلىدا بىر بىكسۇنى ئىككى قولىدا بىر پارچە رەختنى كۆتۈرۈپ بۇددىغا قاراپ تۇرىدۇ. بۇ «پوسايىچىنىڭ بۇددانىڭ رەسىمنى سىزىشى» دېگەن ۋەج ـ سەۋەب ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۇترا» نىڭ 3 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(6) بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر براخمان ئىككى قولىدا بىر نەرسىنى بۇددا سەدىقە قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەگمە شەكىللىك بىر ئىمارەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ «شەھزادىنىڭ بۇددىغا ۋىھارا سەدىقە قىلىشى» دېگەن ۋەج ـ سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى ساميۇكتا راتنا پىتاكا سۇترا (Samyukta – ratna – pitaka – sutra 《杂宝藏经》)نىڭ 4 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(7) ئولتۇرغان بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۈچىسىغا ناھايىتى كۆركەم كۆسەنچە كىيىم كىيىۋالغان بىر ئايال ئوڭ قولىدا بىر ئادەمنىڭ قولىنى ئېلىپ بۇددانىڭ تىزى ئۈستىگە سوزۇپ تۇرىدۇ. بۇ «جىيەن ئوغۇلنىڭ پەم ئىشلىتىپ خاننىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئېلىشى» دېگەن ۋەج ـ سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «نوم بىلەن ۋىنايا (پەرھىز)نىڭ پەرقى» دېگەن ئەسەرنىڭ 47 ـ جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(8) بېشىغا تاج تاقىغان، باش نۇر ھالقىسى بار بىر ئادەم ئولتۇرغان بۇددانىڭ سول تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر دانە شاھانە سايىۋەن بار.

بۇ «بۇددانىڭ بېشىغا شاھانە كۇنلۇك تۇتۇش» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاۋادانا ساتاكا ‹sataka - Avadana› 撰集百缘经» نىڭ 7 - جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(9) ئولتۇرغان بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە باش نۇر ھالقىسى بار بىر ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. بۇ ھېكايە مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(10) ئولتۇرغان بۇددا كۇرسى (يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇق)نىڭ ئاستىنقى قىسمىدا باش نۇر ھالقىسى بار بىر ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن بۇددانىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇرىدۇ. بۇ «پۇرانانىڭ راھىب بولۇشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «佛本生集经»نىڭ 37 - جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(11) ئولتۇرغان بۇددانىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، ئۇ سول قولىدىكى بىر دانە مەرۋايىتنى ئالدىدىكى بۇددىغا تەڭلەپ تۇرىدۇ. بۇ «بۇددىغا ئەگۈشتەر سەدىقە قىلىپ كامالەتكە يېتىش» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى ساميۇكتا راتنا پىتاكا سۇترا ‹sutra - pitaka - ratna - Samyukta› 《杂宝藏经》نىڭ 7 - جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(12) بۇددا ئوڭ تەرەپكە قاراپ ئولتۇرىدۇ، ئوڭ قولىدا بىر دانە پاترا بار، بۇددانىڭ ئالدىدا بىر ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىدا بىر دانە تەخسىنى كۆتۈرۈپ بۇددىغا تەڭلەۋاتىدۇ. بۇ «نامرات قىزنىڭ بۇددادىن تاماق تىلەپ يەپ ئەرشكە چىقىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر. (بۇ ھېكايە مەزمۇنى ساميۇكتا راتنا پىتاكا سۇترا ‹sutra - pitaka - ratna - Samyukta› 《杂宝藏经》 5 - جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(13) ئولتۇرغان بۇددانىڭ سول تەرىپىدە باش نۇر ھالقىسى بار، بېشىغا تاج تاقىغان بىر ئادەم ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ كەينىدە ئېگىز بىر مۇنار بار. بۇ «گانداۋى ‹gandhavi› خاننىڭ مۇنار ياساپ ئۆمرىنى ئۇزارتىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى ساميۇكتا راتنا پىتاكا سۇترا ‹sutra - pitaka - ratna - Samyukta› 《杂宝藏经》نىڭ 5 - جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(14) ئولتۇرغان بۇددانىڭ سول تەرىپىدە بىر ئادەم ئولتۇرغان بولۇپ ئۇ سول قولىدىكى نىلۇپەر گۈلنى بۇددىغا سەدىقە بېرىۋاتىدۇ. بۇ «گۈل سەدىقە قىلىپ ئارخاتلىققا يېتىش» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۇترا» نىڭ 3 - جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(15) ئولتۇرغان بۇددا ديان ئورۇندۇقىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئوڭ تەرەپكە قاراپ ئولتۇرىدۇ، بۇددانىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر دانە پاترا تۇتقان مايمۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇددانىڭ پەرھىز تامىقىغا ئېغىز تېگىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ «ماكاكا مايمۇننىڭ بۇددىغا ھەسەل تەقدىم قىلىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۇترا»نىڭ 12 - جىلدىدا ئۇچرايدۇ).



(16) ئولتۇرغان بۇددانىڭ سول تەرىپىدە بېشىغا ئۇچبۇرجەك باش كىيىم، ئۇچىسىغا يۇمىلاق ياقىلىق تون، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن بىر ئادەم ئولتۇرغان بولۇپ قولىدىكى يۇمىلاق تەگلىك بىر پاترانى بۇددىغا تەڭلەۋاتىدۇ. بۇ «پۇرنانىڭ بۇددىغا لىق بىر قاچا تاماق سەدىقە قىلىشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى ساميۇكتا راتنا پىتاكا سۇترا ‹sutra - pitaka - ratna - Samyukta› 《杂宝藏经》نىڭ 5 - جىلدىدا ئۇچرايدۇ). (18 - رەسىم)

(17) ئولتۇرغان بۇددانىڭ سول تەرىپىدە باش نۇر ھالقىسى بار، بېشىغا گۈللۈك تاج تاقىغان بىر ئادەم ئالقانلىرىنى جۈپلەپ بۇددىغا قاراپ زوقلىنىپ ئولتۇرىدۇ، بۇ ھېكايە مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(18) ئولتۇرغان بۇددانىڭ سول تەرىپىدە بىر ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ سول قولىدىكى تەخسىنى ئالدىدىكى بۇددىغا تەڭلەپ تۇرىدۇ، ئوڭ قولىنىڭ شەكلى ئېنىق ئەمەس. بۇ ھېكايە مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

(19) بۇددانىڭ سول تەرىپىدە كۇسەنچە كىيىنگەن بىر ئايال يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، ئۇ ئىككى قولىدا بىر دانە تەخسىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، تەخسىنىڭ ئىچىدە تاماققا ئوخشايدىغان بىر نەرسە بار. بۇ «پراسېناجىت ‹Prasenajit› خان مەلىكىسى سىمھانادانىڭ نامرات كىشىگە ياتلىق بولۇشى» دېگەن ۋەج - سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى ساميۇكتا راتنا پىتاكا سۇترا ‹sutra - pitaka - ratna - Samyukta› 《杂宝藏经》 نىڭ 2 - جىلدىدا ئۇچرايدۇ). (19 - رەسىم)

(20) ئولتۇرغان بۇددانىڭ سول يېنىدىكى بىر ئادەم ھارۋىدىن گۈل ئېلىپ بۇدداغا چېچىۋاتىدۇ. بۇ «گۈل ئۈزۈپ بۇدداغا سەدىقە بېرىپ ئەرشكە چىقىش» دېگەن ۋەج – سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاۋادانا ساتاكا Avadana – sataka، 撰集百缘经» نىڭ 6 – جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(21) بۇددانىڭ سول تەرىپىدە بىر ئادەم يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، ئۇ سول قولىدا بىر دانە ئېۋرىقنى كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولى بىلەن بۇددانىڭ پۇتىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئويۇقچە ئىچىدە ئىككى دانە قوش قۇلاقلىق ساپال كومزەك بار. بۇ «راھولا[27] (Rahula) نىڭ بۇددانىڭ پۇتىنى يۇيۇشى» دېگەن ۋەج – سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «ئاۋادانا سۇترا (avadana، 譬喻经)» نىڭ 10 – جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(22) ئولتۇرغان بۇددا سولغا يانچە بولۇپ ئوڭ قولى بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان، ئىككى قولىدا رەخت كۆتۈرۈۋالغان بىر بىكسۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرىدۇ. بۇ «بۇددانىڭ كېسەل بىكسۇنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىشى» دېگەن ۋەج – سەۋەب ھېكايىسىدۇر (بۇ ھېكايە مەزمۇنى «نوم بىلەن ۋىنايا (پەرھىز) نىڭ پەرقى» دېگەن ئەسەرنىڭ 18 – جىلدىدا ئۇچرايدۇ).

(23) بۇددانىڭ يېنىدا بىر بالا قولىدا دۇمباقچا ئوخشايدىغان نەرسىنى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. بۇ «كىچىك بالىنىڭ دۇمباق چېلىپ ئوينىشى» دېگەن يارالمىش ھېكايىسى بولۇشى مۇمكىن.

بۇ غاردا جەمئىي 46 پارچە ۋەج – سەۋەب ھېكايىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە پارچىسى 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيەلىكلەر تەرىپىدىن كېسىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن بولۇپ، ھازىر گېرمانىيە ئاسىيا سەنئىتى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، ئالتە پارچىسىنىڭ مەزمۇنى تېخى ئېنىقلانمىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، ساۋاستى ۋاداۋىنايا مەزھىپى «بۇددا دھارماسى ھەممە مەۋجۇداتلاردا ھېچقانداق ساختىلىق ئارىلاشمىغان ھالدا تەبىئىي مەۋجۇت بولغان بىر خىل ھەقىقىي خىسلەت»، «بۇددا دھارماسى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئەمما بىر بىرىگە تايىنىدىغان سەۋەب شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، يەنى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزگىرىپ باغلىنىشلىق سەۋەب ۋە نەتىجە، سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتى ئىچىدە بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. سارۋاستى ۋىدا ۋىنايا مەزھىپى «سەۋەب ۋە نەتىجە تەلىماتى» ئالاھىدە بولغان «سەۋەبنىڭ كېلىپ چىقىش تەلىماتى»نى مەركەز قىلغاچقا «ۋەجنى تەرغىپ قىلىدىغان مەزھەپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ئاۋادانا ساتاكا»، «ساميۇكتا راتنا پىتاكا سۇترا» قاتارلىق سۇترالار دەل تەڭرى ئىلكىدىكى ۋە ھەر تۈرلۈك مەۋجۇداتلارنىڭ قىلمىش، ئەتمىشلىرى ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان سەۋەب ۋە نەتىجىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەپ، ۋەج – سەۋەب سانسارىنى تەشۋىق قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان.[28] بۇ نوم – سۇترالار سارۋاستى ۋىدا ۋىنايا مەزھىپىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرلىرى ئىدى. قىزىل مىڭئۆيدىكى ۋەج – سەۋەب ھېكايىلىرىنىڭ باشقا مىڭئۆيلەرگە قارىغاندا كۆپ ۋە نەپىس بولۇشى ئەينى چاغدا كۇسەندىكى سارۋاستى ۋىدا ۋىنايا مەزھىپىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنىڭ پۇختا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەقلىلىق كۇسەن رەسساملىرى ئەنە شۇ مەزھەپنىڭ ئىدىيەسىنى تام رەسىم سەنئىتىدە نەپىس ۋە جانلىق نامايان قىلغان.



### پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقات يۇرتى: «قىزىل مىڭئۆيىنىڭ مەزمۇن خاتىرىسى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت – فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2000 – يىلى 6 – ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 302 – بەت.

② لىرا قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى قۇياش ئىلاھى ئاپوللونىڭ يېنىدىن ئايرىمايدىغان يەتتە تارلىق چالغۇسى بولۇپ قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يۇرتىمىزغا تارقالغان، بىراق بۇ چالغۇ پۈتۈن بۇددىزم دۇنياسىدىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە پەقەت قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 38 – غارىدىلا ئۇچرايدۇ.

③ بالىمان ئېلگىرى مەتبۇئات ۋە تاراتقۇلاردا خەنزۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە بېيلى دەپ ئېلىنغان، لېكىن بۇ چالغۇ قەدىمكى كۇسەنلىكلەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان چالغۇ بولۇپ، كۇسەن مىڭئۆيلىرىدە ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان پۈۋلىمە چالغۇدۇر. تام رەسىملىرىدە كۆرۈلگەن بالىمان قىسقا بولۇپ، پۈۋلەش ئېغىزىنىڭ ئالدىدا ئۈستى كەڭ، ئاستى تار قومۇشتىن ياسالغان لېپىرى بار، يەتتە تۆشۈكلۈك، سازەندىلەر بۇ چالغۇنى ئۆزۈنىسىغا تۇتۇپ بارماق بىلەن بېسىپ چالىدۇ.

④ 答腊鼓 سۇي، تاڭ دەۋرىدە كۇسەن، سۇلې، قوچو مۇزىكىلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان چالغۇلارنىڭ بىرسى ئىدى، كۇسەن، سۇلې ئەينى چاغدا توخار تىلى ئومۇملاشقان رايونلار ئىدى ياكى بۇ يەردە تاپلاپ دەپ ئاتىلىدىغان شۇنداق بىر چالغۇ بولغان، بۇ چالغۇ كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغاندىن كېيىن خەنزۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە 答腊 دەپ ئاتالغان، — خاياسى كىنىزۇ: «شەرقىي ئاسىيا چالغۇلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»

88 ـ بەت (خەنزۇچە).

⑤ تەڭرى ئىندرا بۇددا دىنىدىكى بۇددا دىنى ئەقىدىسىنى قوغدايدىغان ئەڭ مۇھىم تەڭرى، 33 تەڭرى يېرىنىڭ ئاتامانى. قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا ھورموزتا دېيىلگەن، بۇ سوغدىچە hwrmwza دىن كەلگەن. ھورموزتا مانى دىنىدا «ئىپتىدائىي ئىنسان» (تۇنجى ئىنسان)نى كۆرسىتىدۇ، بۇ نام قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىدا بولسا، تەڭرى ئىندرانى بىلدۈرىدۇ.

⑥ ترایاسترىمسا ئوردىسى يەنە 33 تەڭرى يېرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ ئالەم قارىشىدا، بۇ تەڭرى يېرى ئالتە قات ئامرانماق ئولۇس (بۇ ئاتالغۇ يېمەكلىك، ئۇيقۇ، جىنسىي ئارزۇ تەلپىدە بولىدىغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تامۇ (دوزاق)، پرىت (جىن ـ ئالۋاستى)، يىلقى (ھايۋانلار)، ئاسۇرىلار، ئادەم ۋە بۇ ئۇلۇستىكى ئالتە قات تەڭرىنى كۆرسىتىدۇ)نىڭ 2 ـ قېتىنى كۆرسىتىدۇ، تەڭرى ئىندرا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ 33 تەڭرى يېرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

⑦ سۇمېرتاغ ياكى سۇمىرۇ تېغى سانسكرىتچە «چىرايلىق، كۆركەم، ھەيۋەتلىك» دېگەن مەنىدە، ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى بىر تاغ بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش، ۋايدۇرى، خىرۇستالدىن ياسالغاچقا «كۆركەم تاغ» دەپ ئاتالغان. بۇددا دىنى مۇرىتلىرى بۇ تاغنى دۇنيانىڭ كىندىكى (مەركىزى) دەپ قارايدۇ.

⑧ سۇدارسانا شەھىرى ھىندى رىۋايەتلىرىدە سۇمىرتېغىنىڭ چوققىسىغا جايلاشقان، 33 تەڭرى يېرىنىڭ خوجىسى تەڭرى ئىندرا تۇرىدىغان شەھەر بولۇپ ئىچى تۈز، ئالتۇندىن ياسىلىپ ھەرخىل جاۋاھىرات بىلەن بېزەلگەن، مىڭ قوۋۇقلۇق دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. سۇدارسانا شەھىرى «خۇشال كۆرۈملۈك شەھەر» دېگەن مەنىدە.

⑨ ئارخات سانسكرىتچە سۆز، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئارخانت دېيىلگەن بولۇپ ھىنايا مەزھەبىدىكىلەر يەتمەكچى بولغان ئەڭ يۇقىرى مەنزىل سانىلىدۇ.

⑩ ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭدىكى قىياتاش رەسىملىرىنىڭ بايقىلىشى، تارقىلىشى ۋە ھۈنەر سەنئىتى، رەڭلىك سىزما»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2004 ـ يىلى 2 ـ سان.

⑪ شىنجاڭ مەدەنىيەت ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «چەرچەن زاغۇنلۇق بىرىنچى نومۇرلۇق قەبرىستانلىقى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى»، 1998 ـ يىلى 4 ـ سان، « چەرچەن زاغۇنلۇق 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى»، 1998 ـ يىلى 1 ـ 2 ـ قوشما سان.

⑫ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى «پىچان يانقىر ئىككىنچى نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى»، 2004 ـ يىلى 1 ـ سان.

⑬ بەن گۇ: «خەننامە.غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 925 ـ 926 ـ بەتلەر.

⑭ سۇجىۋا كۇسەنلىك مەشھۇر مۇزىكانت بولۇپ، ھەرقايسى مەتبۇئات ۋە تاراتقۇلاردا «سۇجۇپ» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ، بۇنداق ئاتاش كۇسەن تىلىنىڭ قائىدىسىگە توغرا كەلمەيدۇ ھەم بۇنداق سۆزمۇ يوق. شۇڭا تەتقىقاتچىلار كېيىنكى تەتقىقاتلىرىدا بۇ زاتنىڭ ئىسمىنى سۇجىۋا دەپ ئالسا تېخىمۇ ئىلمىي بولغان بولاتتى.

⑮ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئون ئىككى مۇقام غەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 102 ـ بەت.

⑯ ئۈچ ئاغلىق راھىب كالان (三法师) بۇددا دىنىدا نوم، شاستىر (شەرھ) ۋە ۋىنايا (قانۇن)دا كامالەتكە يەتكەن راھىب كالانلار شۇنداق دەپ ئاتالغان.

⑰ شۈەنزاڭ: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى».

⑱ خو شۇچۇ: «يىغلاڭغۇ بۇلاق مەجمۇئەسى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى 2008 ـ يىلى 6 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 50 ـ بەت.

⑲ پېللىئوت، لېۋى: «توخرى تىلى ئۈستىدە تەتقىقات»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1957 ـ يىلى 2 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 37 ـ بەت.

⑳ بۇ ھېكايە ۋەقەلىكى سانسكرىتچە «بۇدساتۋا ئاۋرۇدھامالا» دېگەن دەستۇرنىڭ 37 ـ بەت، «جاتاكا مالا»نىڭ 538 ـ بەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھىنايانا مەزھىپىنىڭ «سارۋاستىۋادىن ۋىنايا» دەستۇرلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. زېڭ ۋە زېگلىن: «توخرىچە كەمتۈك ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى»غا قاراڭ.

㉑ قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 38 ـ غارىدا ئورۇندۇقنىڭ ھەرخىل شەكلى كۆرۈلىدۇ، بولۇپمۇ ھەرخىل گۈل ئويۇلغان، يۆلەنچۈكلۈك، ئۈستىگە رەخت ياكى گىلەم يېپىلغان كىرېسلو شەكلىدىكى ئورۇندۇقلار ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. تام رەسىملىرىدىكى بۇخىل ئورۇندۇقلار گەرچە ئەمەلىي بۇيۇم بولمىسىمۇ ئەمما مۇشۇنىغا قاراپ قەدىمكى كۇسەنلىكلەر مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە ھەشەمەتلىك كىرېسلودا ئولتۇرغان دېيەلەيمىز.

㉒ ياكسا (yaksa): بۇ يەر ئۈستى كۆكتە يۈرۈيدىغان ئەركەك جىن ـ شاياتۇننى كۆرسىتىدۇ، چىشىلىرى ياكشىنى (yaksini) دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار ئىنسانلارنى قايمۇقتۇرىدۇ ياكى بۇددا دھارمىسىنى قوغدايدۇ.

㉓ پاترا (patra) سانسكرىتچە سۆز بولۇپ «پىيالە»، «چۆچەك» دېگەن مەنىدە. ئادەتتە بىكشۇلارنىڭ يېنىدا ئېلىپ يۈرۈيدىغان ئالتە بۇيۇمنىڭ بىرسى بولۇپ ئادەتتە مىتال ياكى ساپالدىن ياسىلىدۇ.

㉔ ۋىپاشىيىن (Vipashyin) يەنە بىپاسا بۇددا دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ ھىنايانا مەزھىپىدىكىلەر چوقۇنىدىغان ئۆتمۈشتىكى يەتتە بۇددانىڭ بىرسىنى كۆرسىتىدۇ.

㉕ راكشا قەدىمكى ئارىيان رىۋايەتلىرىدىكى جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ئومۇمىي نامى، ئۇلار ئەر ـ ئايال دەپ ئايرىلىدۇ، بەزى رىۋايەتلەردە راكشا ئەرلىرىنىڭ بەدىنى قارا، چېچى بېغىررەڭ، يېشىل كۆزلۈك، ئاياللىرى ناھايىتى چىرايلىق دېيىلگەن. قەشقەرلىك پېي خۇيلىن تۈزگەن «بارلىق نوملار شەرھى» دېگەن ئەسەردە، «راكشا بولسا جىن شاياتۇنلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇلار ئادەم گۆشى يەيدۇ، كۆكتە ۋە يەردە يۈرەلەيدۇ، كېسەل داۋالىيالايدۇ» دەيدۇ.

㉖ چاكراۋارتى راجا (转轮圣王) بولسا بۇددا دىنىنىڭ سىياسى ئىدېئولوگىيەسىدىكى ھۆكۈمراننى كۆرسىتىدۇ. بۇددا نوملىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ھۆكۈمران يەتتە ئەڭگۈشتەر ۋە تۆت ئەردەمگە ئىگە، سۈمېر تېغى ئەتراپىدىكى تۆت قىتئەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بۇرخان نومى ئارقىلىق دۇنيانى ئىدارە قىلىدىغان خانلارنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەن.

㉗ راھۇلا (罗罗) ساكيامۇنىنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى بولۇپ ساكيامۇنى بۇددالىق مەنزىلىگە يەتكەن كۈنى كەچتە تۇغۇلغان، 15 يېشىدا راھىب بولغان، شارىپۇترانى ئۇستاز تۇتۇپ ئارخاتلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەن، كېيىنچە بۇددانىڭ ئون شاگىرتىنىڭ بىرى بولغان.

㉘ جيا يىڭيى، چى شاۋشەن: «ھىندىستاندىن جۇڭگو شىنجاڭغا كەلگەن بۇددىزم سەنئىتى»، گەنسۇ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 9 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 284 ـ بەت .



# ئەدەبىياتقا بېغىشلانغان قەلب

پاشاگۈل ئىسمائىل تۇردى ھاجى قىزى

ھايات ئادەمگە مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئەمما، مەڭگۈلۈك بولىدىغىنى ئۇنىڭدىن قالغان ئىز، ماڭغان قەدەم، قول بىلەن تۇتۇپ، مېھرىنى بېرىپ قىلغان ئىش؛ تەپەككۇر ئىچىدە ئىجاد قىلىش؛ ئۈمىد ۋە ئارزۇدا ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىش؛ ئۆزىنى مەنىۋى مۇكەممەللىككە يۈزلەندۈرۈش؛ ئىلىمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆگىنىش، ئۆگىنىش ئۈچۈن زوق ـ شوق بىلەن ياشاش؛ مانا بۇ ھايات.

چېخوپ: «كىمكى ھېچنەرسىنى ئىستىمىسە، ھېچنەرسىدىن ئۈمىدۋار بولمىسا، ھېچنەرسىدىن ئەنسىرىمىسە ئەدەبىياتچى بولالمايدۇ» دېگەنىكەن.

2015 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى. ھاۋا ئوچۇق. فېۋرالنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان شۇۋرغانلىق كۈنى باشلانغاندەك تۇراتتى. كېچە ئاسمىنىدا يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئىچىدىن بىر يۇلتۇز سىرغىپ چۈشتى. بۇ يۇلتۇزنىڭ ساقىشى كۇچا ئاسمىنىنى دەققە تىترىتىپ ئۆتتى.

كۇچا ناھىيەلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ئالدىدا، كىشىلەرنىڭ خەت ـ چەك، ئەرز ـ شكايەت ئىشلىرىدىكى ھاجىتىنى راۋا قىلىپ كەلگەن بىر ئادەم بار، ئاپپاق، كۆتمەك ساقاللىرى قىزىرىپ پىشقان توغاچتەك مەڭزىگە خويمۇ ياراشقان، ھەمىشە كۈلۈمسىرەپلا تۇردىغان، مېھرلىك قوي كۆزلىرىدىن بىر خىل چېچەنلىكى، زېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، پەندىمۇ، دىندىمۇ ئوخشاش ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئوتتۇرا يول تۇتۇپ ياشاپ، خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ياخشى كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلگەن بۇ ئادەم ئابدۇرۇپ نىياز داموللام ئىدى. 65 يىللىق ھاياتىنى ئۆز كۇچىگە تايىنىپ، ھالال ياشاپ، خەتچىلىكتىن ئىبارەت تىرىكچىلىك بىلەن بىر ئائىلە ئەزالىرىنى بېقىپ كېلىۋاتقان بۇ ئەدىب بۈگۈن بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىپ، نۇرغۇنلىغان قەلبداش، قەلەمداش ھەمسۆھبەتلىرىگە خوشمۇ دېمەستىن كېتىپ قالدى.

تېخى ئۈلۈشكۈن، يەنى 2015 ـ يىلى 7 ـ فېۋرال ئۇ كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان مەدەنىيەت مەركىزىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئازات رەھمتۇللا سۇلتان مۇئەللىم «ئىلىم ئۆگىنىشكە يۈرۈش قىلايلى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەندە، ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىغانىدى. ئازات سۇلتان مۇئەللىم كۇسەن دىيارىنىڭ ئۆزىگە سۇنغان خۇشپۇراقلىق بىر دەستە گۈلنى ئاشۇ مۆتىۋەر ئۇستازغا تەقدىم قىلغاندا، زالدا يە-



نە بىر قېتىم گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىغانىدى.

ھايات ئۆزىنىڭ تۈمەن مىڭلىغان سىرلىرى بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرىدىكەن. تۈنۈگۈن كۆرگەنلەر بۈگۈن يوق. ھاياتلار ئۈمىدىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تارىخنى خاتىرىلەپ ماڭىدىكەن.

ئابدۇرۇپ نىياز داموللام 1950 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۇچا كونا شەھەر كۆچىبىرىق مەھەللىسىدە دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تۆۋەنگە چۈشۈش سىياستى بىلەن ئائىلىسى كۇچا ناھىيە ياقا بازىرى قاراڭغۇ كەنتىدە تۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ باللىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرى ئاشۇ كەنتتە ئۆتكەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى شۇ يېزىدا ئوقۇپ تاماملىغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا، ئەدەبىيات ۋە تارىخقا ئوتتەك قىزىقىپ، مەشىق تەرىقىسىدە نۇرغۇنلىغان شېئىر ۋە قوشاقلارنى يازغان. مەكتەپنىڭ قارا دوسكىسىدا ۋە «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ، «بالا يازغۇچى» دەپ تەرىپلىنىپ، كۆيۈۋاتقان يۈرىكىگە پىلىك يېقىلغان. يازغۇچىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى سولچىل لۇشيەنىڭ قارا بورىنى كۆتۈرۈلۈپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت بالايىئاپەتنىڭ باشلىنىش يىللىرىغا توغرا كېلىپ قېلىپ، سىياسىي جەھەتتە مەسىلە بار ئائىلىنىڭ پەرزەنتى دەپ چەتكە قېقىلىپ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئېگىلەش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىپ، يېزىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مەرھۇمنىڭ ئاتىسى نەياز داموللام تونۇلغان مۇدەررىس، ئۆلىما ئاخۇنۇم، ئىسلام دىنى مائارىپچىسى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتىسىدىن دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغان. كىچىكىدىن يۈرىكىگە تۇتاشقان ئەدەبىيات ئوتى سەۋەبلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، يازغانلىرىنى ئانچە - مۇنچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرۇپمۇ تۇرغان.

پارتىيە مەركىزى كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سىياسەتنىڭ ئەمەللىيلىشىشى بىلەن، ئۇلار كۇچا كونا شەھەرگە قايتىپ كېلىپ، مەھەللىسىدە بىر مەزگىل ئىماملىق قىلغان. ئۇ مەيلى قانداقلا ئىش قىلسۇن، كىتاب ئوقۇشنى، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىرەر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى. 1988 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات، تارىخ پەنلىرى بويىچە كۇچادا ئاچقان ئىككى يىللىق ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ، بىلىم ئاشۇرۇپ، ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە يەتكەن.

ئابدۇرۇپ نىياز داموللام بەش جان ئادەمنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن سومكىسىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېلىپ، كۇچا ناھىيە يېڭىشەھەر پوچتىخانا ئالدىدا ھاجەتمەنلەرنىڭ خەت - چەكلىرىنى يېزىپ بېرىش مۇلازىمەت كەسپى بىلەن تاكى ئۆمرى ئاخىرلاشقىچە شۇغۇللاندى.

بىركۈنى ئۇ ماڭا: «قىزىم، مېنىڭ بۇ ئىش - ئوقتىمنىڭ كىرىمى ئائىلىچىمنىڭ كىرىمىگە يېتىپ قالدۇ، بەزى ئايلاردا ئېشىپمۇ كېتىدۇ، لېكىن، قەلەم ھەققىدىن كۆپ ياخشى جۇمۇ» دەپ، ئۆز ئىشىدىن سۆيۈنۈپ كۈلگەنىدى.

«بەزىدە كەچتە ئۆيگە كېلىپلا، ‹ۋاي پۇتۇم، ۋاي بېلىم› دەپ، ۋايساپ كېتەتتى. پۇتى، بېلى قىشتا ئاغرىيتتى. قىش بولسىلا پۇتۇم ئىسسىمايدۇ دەيتتى. ‹ئۇنداق بولسا ئەتىدىن باشلاپ چىقمىسىلا، ئۆيدە ئارام ئالغاچ، كىتابلىرىنى ئوقۇپ، يېزىقچىلىقلىرىنى قىلسىلا، سەيپۇڭلۇقۇمدىن كىرگەن كىرىم بىلەن ياشاپ تۇرايلى، بالىلارمۇ چوڭ بولۇۋاتىدۇ، رىزقىنى بېرە› دېسەم ‹ياق، بولمايدۇ خوتۇن. مەن پۇتۇنسۇرۇك ئەر تۇرۇپ، سىلىنىڭ قولۇڭلىغا قاراپ ياتامدىم، مەن سىلىنى، بالىلىرىمىزنى، مۇشۇ ئۆينى بېقىشىم كېرەك› دەيتتى - دە، بىرەر كۈن ئارام ئېلىپلا، يەنە چىقىپ كېتەتتى رەھمەتلىك.» دەپ كۆز يېشى قىلدى ئاتمىشلاردىن ئاشقان ئۆمۈر جۈپتى.

«دادام كىتابنى بەك ياخشى كۆرەتتى. تۇرمۇشدىن ئېشىنىپ قالسىلا، كىتاب سېتىۋالاتتى. ئاخشاملىرى كىتاب ئوقۇيتتى. ‹مەن چوڭ بولدۇم دادا، كىچىكرەك بولسىمۇ مەن ئاچقان تاللا بازىرىنىڭ سودىسىمۇ خېلى يامان ئەمەس، ئەمدى ئارام ئالسىلا، ئەگەر ھۆكۈمەتكە ئىشلىگەن بولسىلا، پېنسىيەگە چىقاتتىلا› دېسەم، ‹رەھمەت بالام! ئىنسابىڭغا بارىكاللا، سېنىڭمۇ ئۆيۈڭ، باقىدىغان خوتۇن - بالىلىرىڭ بار، سالامەتلىكىم ياخشى بولغاندىن كېيىن مىدىراپ تۇراي، ئۇ يەرگە چىقسام، ئۇنىڭ - بۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، ھال - مۇڭ بولۇپ تۇرىدىكەنمەن، كۆڭلۈممۇ ئېچىلىپ قالىدىكەن» دەيتتى دادام.

بىر كۈنى دادام ئۆيگە شۇنداق خۇشال، روھلۇق كىرىپتۇ. ناھىيەمىزنىڭ ھاكىمى ھەسەنجان ھاكىم ماڭا بىر كومپيۇتېر بەردى، ‹يېزىقچىلىقنى مۇشۇنىڭدا قىلسىلا، پارتىيەمىزنىڭ ياخشى سىياستىنى، كۇچانى كۆپلەپ تەشۋىق قىلسىلا، خەلقنىڭ بەختىيار، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى يازسىلا› دېدى. قاراڭلار، مانا خاتىرە كومپيۇتېركەن، ئۆز قولى بىلەن بەردى، ياشراق بولغان بولسام ئۆگىنەتتىم، ئەپسۇس 60 تىن ئاشتىم، شۇنداقتىمۇ تىرىشىپ باقاي، ئىلگىرىمۇ ھەسەنجان ھاكىم كىتاب، خاتىرە بەرگەن» دەپ كىچىك بالىدەك خۇش بولۇپ كەتكەن دادام نەچچە كۈنگىچە كۆرگەن - بىلگەنلەرگە سۆزلەپ يۈر-

www.uyghurkitap.com

دى، - دېدى ئوغلى ماڭا ھەسرەت بىلەن.

ئالىم، زىيالىيلىرى قەدىرلەنمىگەن ئەل خارابتۇر. ئەزەلدىن ئىلىم ئەھلى قەدىرلىنىپ كەلگەن مەرىپەتلىك ئەل كۇچانىڭ بۇگۈنىدە ھېلىھەم ئابدۇرۇپ نىياز داموللامغا ئوخشاش ئۇستازلىرىمىزنىڭ بەلگىلىك ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامغا ئىگە بولۇشى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۇردى. ھەسەنجان ھاكىمغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى.

ئوغلى دادىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلەپ يەنە مۇنداق دېدى: «دادام مېنى ئۈرۈمچىگە ئاپارساق، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە كىرسەك، ئازات سۇلتان رەئىسىمىز بىلەن كۆرۈشسەم، مجىت ناسىر بىلەن ھال - مۇڭ بولۇپ كەلسەم بولاتتى» دېگەندى. مەن دادامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئاپاردىم. دادام خۇشاللىقىدا ماڭا: «رەھمەت بالام! تىلىكىمگە يەتكۈزدۈڭ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە كىرىپ، ئۆزۈمنى كاتتا جايغا بارغاندەك ھېس قىلدىم. بۇ يەردە ئاقىللار، جاھاننىڭ سەركىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزۈمنى بىر ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئوقۇغان قىران يىگىتتەك ھېس قىلدىم» دېگەندى.

ئابدۇرۇپ نىياز داموللام ھاياجان ۋە سەممىيلىك بىلەن قەلەم تەۋرەتتى، زوق بىلەن يازاتتى. مۇشەققەتلىك كۈنلەرگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ تەبەسسۇم قىلالايتتى. ھەر قانداق ئەسەرگە ھارارەت بەرگەن نەرسە يازغۇچىنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ھاياجان، پىداكارلىق، جاسارەت، چىدامىلىق ۋە ماھارەت ئۇچقۇنلىرىنىڭ مۇجەسسەمدۇر.

ئۇ ئۆزىگە يول كۆرسەتكەن، ياخشىلىق قىلغان، ياردەم قىلغانلارنى ئەسلەيتتى، تىللاردا داستان قىلاتتى. بىر كۈنى بىر ئىش بىلەن پوچتىخانىغا كىردىم، ئادىتىم بويىچە ئالدى بىلەن بۇ مويسىپىت ئۇستازغا سالام بەردىم. سومكىسىدىن شەرەپ گۇۋاھنامىلىرى ۋە ئەزالىق كىنىشكىلىرىنى ئېلىپ كۆرسەتتى ھەمدە: «ھاياتىمدا ماڭا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغان ئازات سۇلتان، مجىت ناسىر، كۇچادا رەھمەتلىك ئەخمەت تۆمۈر بىلەن ھەسەنجان ھاكىم قاتارلىقلارنى ھەرۋاقىت ئەسلەپ تۇرىمەن، ھەربىر دۇئالىرىمدا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيمەن. ھەسەنجان ھاكىم بىز كۇچادىكى ئەدىبلەرگە ئاچقان سۆھبەت يىغىنىدا بىزنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيەگە ئورۇنلاشتۇرىمىز، كۇچانى سىرتقا تەشۋىق قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ رولى زور. يۈز يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىياتلارنى، ئۆزگىرىشلەرنى ياخشى يېزىڭلار، دېدى. شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىم، ناھىيە رەھبەرلىرىمىزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى كۆرۈۋالدىغان بولدۇق - ھە! » دەپ زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ كەتتى. قەلبىگە گۈزەل ئارمانلارنى پۈككەن بۇ ئۇستاز شۇنداق تۇيۇقسىز كېتىپ قالدى. مۇشۇ يەرنى يېزىۋاتقاندا كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ ئاقتى. رەھمەتلىك شۇنچە ئۇمىدۋار ئىدى. «ئارمىنىڭىز چېچەك ئاچقۇسى، خاتىرجەم ئۇخلاڭ، روھىڭىز ھەر ۋاقىت بىز بىلەن بىللە» دېدىم ئۈنسىز.

مەرىپەتپەرۋەر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ئابدۇرۇپ نىياز داموللامنىڭ ھازىرغىچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «مىراس»، «شىنجاڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي» ژۇرنىلى، «بۇلاق»، «مەركىزى خەلق رادىيو ئىستانسىسى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «كۇسەن مەدەنىيتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرنال، رادىيولاردا 200 پارچىگە يېقىن ئەدەبىي - ئەسەرلىرى، 200 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئاشۇ بىر يۈرۈش نەتىجىلىرى بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاخبارات مۇكاپاتىغا ھەم كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە، رادىيو - تېلېۋىزىيە، نەشرىيات - ئاخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن كۇچانى سىرتقا تەشۋىق قىلىشتىكى «ئىلغار شەخس» دەپ باھالىنىپ شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن.

شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان ئابدۇرۇپ نىياز داموللامنىڭ «مەرىپەت مەشئىلى» ناملىق كىتابى نەشرگە تاپشۇرۇلغان.

مەن تىرىشچان، سەۋرچان، خۇشپېئىل بۇ ئۇستاز ھەققىدىكى ئەسلىمەمنى ئەل سۆيگەن شائىرىمىز مۇھەممەدجان راشىدىن ئابدۇرۇپ نىياز داموللامنىڭ خاتىرىسىگە يېزىپ بەرگەن مۇنۇ شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇم:

يامان كۈنلەر مەن بىلەن كەتكەي،
ياخشى كۈنلەر سەن بىلەن قالسۇن.
مەنلا تارتاي تىكەن دەردىنى،
قىزىل گۈللەر سەن بىلەن بولسۇن!

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئۇچا ئوتتۇرا مەكتەپتە





# ساخاۋەت يولىغا تاشلانغان قەدەم

(زىيارەت خاتىرىسى)

نۇر تۇمۇر

2015 ـ يىل 14 ـ ئاپرېل چۈشتىن بۇرۇن تۇرمۇش
بۇيۇملىرى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كونا شەھەرگە كىرگەن
ئىدىم. ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ سائەت 10:30 ئەتراپىدا
(ئۈرۈمچى ۋاقتى) ئۆيۈمگە قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ساقـ
ساقتىكى ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ كېتىۋاتسام بىر تاكسى
يېنىمغىلا كېلىپ توختىدى. ئارقىدىنلا شوپۇر ماشىنا ئەيـ
نىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ماڭا قاراپ:

— نەگە كېتىۋاتىسىلا، قارىسام ياشىنىپ قالغان كىشى
ئىكەنلا، قوللىرىدا كۆتۈرۈۋالغان نەرسە ـ كېرەكلەرمۇ
خېلى باركەن، تاكسىدا بىر كىشىلىك بوش ئورۇن بار ئىـ
دى. مەن سىلىنى بارىدىغان يەرلىرىگە ھەقسىز ئاپىرىپ
قوياي، — دېدى.

مەن تونۇشمايدىغان، ئەسرا بولۇشۇپ باقمىغان بۇ
تاكسى شوپۇرىنىڭ ئىلتىپاتىدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىـ
لىپ:

— بولدى، مەن ئاپتوبۇستا كېتىۋېرەي، — دېدىم.
لېكىن شوپۇر ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپلا ئالدى. ئاخىرى
شوپۇرنىڭ ياخشى كۆڭلىنى رەت قىلالماي تاكسىغا چىقـ
تىم. تاكسىدا بىر جۈپ ئەر ـ ئايال بالىسى بىلەن بارـ
كەن، تاكسى يېڭى شەھەر تېرەك تۈۋىگە كەلگەندە مەن
چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. لېكىن شوپۇر قوشۇلمـ
دى، ئۇ:

— مەن ماۋۇ ئۈچەيلەننى ناھىيەلىك دوختۇرخانىـ
نىڭ ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن سىلىنى دېگەن
يەرلىرىگە ئاپىرىپ قوياي، — دېدى سەممىيلىك بىلەن.
ئۈچەيلەن ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ
تۇرۇشىغا، تاكسىنىڭ يېنىغا ياشانغان ئەر ـ ئايال ئىكـ
كەيلەن پەيدا بولدى. ئەرنىڭ ئىسمى ماچۈن شى، ئايالـ
نىڭ ئىسمى شى چېنلى ئىكەن. تاكسى شوپۇرى يەنە ناھاـ
يىتى قىزغىنلىق بىلەن:

— قېنى مەرھەمەت، تاكسىغا چىقىڭلار، بىز ھەممـ
مىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، — دەپ ئۇلارنى يۆلەشتۈرۈپ
تاكسىغا چىقىرىپ، دېگەن يېرىگە ھەقسىز ئاپىرىپ قويـ
غاندىن كېيىن، مېنى مەنزىلىمگە ئېلىپ ماڭدى.

مەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ
ئىشلاردىن تاكسى شوپۇرىنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەندەك
بولدۇم. بۇنىڭدىن بۇرۇن بىر قانچە قېتىم شىنجاڭ تېلېـ
ۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم تاكسى
شوپۇرلىرىنىڭ خالىسانە مۇلازىمەت قىلغانلىقى توغرىسـ
دىكى ئاخبارات خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن مەن
ئۆز دىيارىمدا ئەنە شۇنداق خالىسانە مۇلازىمەت قىلىۋاتـ
قان تاكسى شوپۇرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تولىمۇ
سۆيۈندۈم، تەسىرلەندىم.

— ئۇكام، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ قاچاندىن بېرى
تاكسى ھەيدەۋاتىسىز؟ مۇشۇنداق خالىسانە ياخشى ئىش
قىلىۋاتقىنىڭىزغا قانچە ئۇزاق بولدى؟ — دەپ سورىدىم
مەن قىزىقىپ، — ھازىر جەمئىيەتتە كۆپىنچە تاكسى شوـ





بۇرلىرى سائەت، ۋاقتقا قاراپ مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئەكسىچە، سىز ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىۋاتىسىز، بۇنىڭدا بىر سەۋەب بارمۇ قانداق؟

ئۇ سەل خىجىل بولغاندەك قىزىرىپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

— ئىسمىم ئۆمەرجان ئېزىز، بۇ يىل 28 ياشقا كىردىم. تاكسى ھەيدەۋاتقىلى بەش ئايغا يېقىن بولدى. مەن ئانچە - مۇنچە ياردەم قىلغان ئىشنى كۆپ دېگىلى بولمايدۇ، ئاران بىرەر يۈز قېتىمچە بولدى. مەندىن جىق ياخشى ئىش قىلىۋاتقان تاكسى شوپۇرلىرىمۇ بار. مېنىڭ قىلغىنىم ھېچقانچە ئەمەس تېخى.

— سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىزمۇ ئاز ئەمەسكەن، سىلەردىن بەك تەسىرلەندىم، — دېدىم مەن.

— ئادەم دۇنيادا ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىسا بولمايدۇ. «يالغۇز ئادەم ئادەم بولماس، يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس» دېگەندەك، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى بىر - بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەن. ئادەملەرنىڭ ھەر ۋاقىت بىر - بىرىگە ھاجىتى چۈشۈپ تۇرىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشى، ئۆزئارا كۆيۈنۈشى كېرەككەن. شۇندىلا ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى بولىدىكەن، ياشاشنىڭ لەززىتىنى تېتىغىلى بولىدىكەن. مېنىڭ ئاز - تولا مۇشۇنداق ئىش قىلىپ قويۇشۇم كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ مۇھىملىقىنى، قىممىتىنى ھېس قىلدۇرالىسا مەن شۇنىڭغا خۇش.

— ئاتا - ئانىڭىز بارمۇ بالام، — سورىدىم مەن بۇ ياش بالىغا مەستلىكىم كېلىپ.

— مەن ئاتامدىن كىچىك قالغان، شۇڭا، كوچا - كويلاردا ياشانغان كىشىلەرنى ئۇچرىتىپ قالسام، رەھمەتلىك ئاتام ئېسىمگە كېلىدۇ. مېنىڭ خالىسانە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئوبيېكتلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ياشانغانلار، مېيىپلار، ئاجىزلار. مەن ئۇلارنى قەيەردە ئۇچرىتىپ قالسام، دەرھال ماشىنامنى توختىتىپ ھەقسىز ئېلىۋالىمەن. چۈنكى ئۇلار ھەرۋاقىت ياردەمگە موھتاج. ياشانغانلارنىڭ بۈگۈنى — بىزنىڭ ئەتىمىز. كونىلاردا «نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن» دەيدىغان گەپ باركەن. مەن بۇ ھاياتىمدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، باشقىلاردىن خۇش تەبەسسۇملۇق چىراي، مېھىرلىك سۆز، مۇھەببەتلىك كۆڭۈل كۈتۈشتىن ئاۋال، بىز باشقىلارغا شۇنى بېرىشىمىز كېرەككەن. مېنىڭ ھازىرقى بۇ كىچككىنە ئىشلىرىم ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۆزۈم ئۈچۈن. بۈگۈن سىلىنى ماشىنامغا سېلىۋالغان بولسام، مەن قىيىنغاندا مېنىمۇ مۇشۇنداق يۆلەپ ماشىنىسىغا سېلىپ مەنزىلىمگە يەتكۈزۈپ قويىدىغانلار چىقىدۇ. چۈنكى بۇ ئۆتنە ئالەم. بۇ بىر ئۆتنە ئالەم. مەن دائىم يېتىم - يېسىرلارنىڭ غەمگۇزارى، ساخاۋەتچى ئاتا نۇرتاي ھاجىمنى، مېھرىبان ئانىلارنىڭ باشلامچىسى رەيھان ئاپپاينى ۋە شۇ قاتاردىكى نۇرغۇن ئەلسۆيەرلەرنى ئەسلەيمەن. ماشىنامدا رادىيو ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم پىكىرلىشىپ كېتىمەن. مېنىڭمۇ ئۇلاردەك ساخاۋەتلىك ئىشلارنى كۆپرەك قىلغۇم كېلىدۇ. بىراق، ھازىر مەندە ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق، شۇنداقتىمۇ تىرىشىمەن، بەل قويۇۋەتمەيمەن.

مەن بۇ ئاقكۆڭۈل، سەممىي بالىغا قاراپ ئىچىمدە ئاپىرىن ئېيتتىم. نى مەكتەپلەرنى پۈتكۈزۈپ، مۇشۇنچىلىك بىر ئىشلارنى قىلىشنى ئويلاپ بولالمايۋاتقان بىر قىسىم بالىلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، بۇ بالىغا قۇت تىلىدىم. ئاتا - ئانىسىنىڭ تەلىيىدىن سۆيۈندۈم.

— قارىغاندا ھازىرقى قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزدىن رازى ئەمەسكەنسىز بالام، تېخىمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلغۇڭىز باركەن، بىر كۈنلەردە شۇنداق بىر ئىمكان ھازىرلانسا، يەنە قانداق ئىشلارنى قىلغۇڭىز بار؟ — دېدىم مەن يەنە قىزىقىپ.

— مەن تېخى ياش، تىرىشىپ پۇل تېپىپ، ئىقتىساد جۇغلاپ، شەرت - شارائىتىم پىشىپ يېتىلگەندە، چوڭ دائىرىدە بىر ساناتورىيە قۇرۇپ چىقىپ، جەمئىيەتتە ئىگە - چاقىسىز قالغان ياشانغانلار، يېتىم - يېسىرلار، ئاجىزلار، مېيىپلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىگىچە خاتىرجەملىك يارىتىپ بېرەلىسەم، — دەيدىغان ئارزۇ - ئارمىنىم بار. مەن بۇ پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھەرۋاقىت تىرىشىمەن.

ئاددىي تاكسى شوپۇرىنىڭ روھىي دۇنياسى ماڭا ئاجايىپ تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ سەممىي قەلبى مېنى تەسىرلەندۈردى. «مانا بايلىق دېگەن» دېدىم ئىچىمدە بالىغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشىۋېتىپ. ئۆيگە كىرىپلا ئارام تاپالمىدىم. تاكسى شوپۇرىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى مېنى ئويلىغانسېرى ھاياجانغا سالماقتا ئىدى. شۇڭا ئاخباراتچىلىق سېپىدىن ئاللىقاچان چېكىنىپ چىققىنىمغا، قولۇمنىڭ تىترەپ تۇرغىنىغا قارىماي بۇ خاتىرىنى يېزىشقا تۇتۇندۇم.

ئاخىرىدا مەن ئۆمەرجان ئېزىزنىڭ ۋە شۇ قاتاردىكى ئۇلۇغۋار ئارمانلارنى دىلىغا پۈككەن مەنىۋىيىتى توق ئوغلانلىرىمىزنىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ بالدۇرراق ئەمەلگە ئېشىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن تىلەيمەن!

غەيرەت قىلىڭلار بالىلىرىم! ئۇلۇغلۇق ئاددىيلىق ئىچىدە!...

ئاپتور: كوچا نېفتچىلار چوڭ قوروسىدا

# ياخشىلىق ئىزدىسەڭ، ھەر يەردە بار

**ئادالەت ئابدۇۋەلى**

## تۇنجى قەدەم

تالاي ئەسىرلىك تارىختىن بۇيان، بىرەر ياخشى ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئەڭ ئاۋۋال مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئويلىشى، پىلانلىشى، باش قاتۇرۇشى بىلەن روياپقا چىقىپ، يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن. شۇ بىر ئادەمنىڭ تۇنجى قەدەملىرى بىلەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قەدەملىرى، نەپەسلىرى بىر يەرگە جەم قىلىنىپ، تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ئۇلۇغۋار، تېخىمۇ يۈكسەك پەللىلەرگە يول ئېچىلغان.

تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن قارايدىغان بولساق، تارىخنىڭ بەتلىرىگە پۈتۈلگەن يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن دەريا ـ قانالالارنىڭ قېزىلىشى، تاغ ـ دەريالاردىن ھالقىغان يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى، ئاۋات شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، زامانىۋى ئۇچۇر ـ تېخنىكىسىنىڭ مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ يېڭىلىنىپ تۇرۇشى... قاتارلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان قايسىبىر بەرپالارنىڭ تەگ تېگىنى ئاختۇرسا، يىلتىزى ھامان بىر ئادەمنىڭ تۇنجى قەدىمىگە، ئاشۇ تۇنجى قەدەمنى بېسىش ئۈچۈن ئالغان ئىسسىق نەپەسلىرىگە بېرىپ توختىمىسۇن!

ئاددىيسى، بۈگۈننىڭ ئۆزىدە تېلېۋىزورلاردا مېھرىبان ئانىلار، مېھرىبان ئاتىلار، ساخاۋەتچى كارخانىچىلار، مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەر، يېتىملارنىڭ يېشىنى سۈرتكەن ئوقۇتقۇچىلار، ھەقسىز قان تەقدىم قىلغۇچىلار، مۇساپىرلارنى ھەقسىز تاماق بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاشخانا خوجايىنلىرى... بۇلارنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىسسىق نەپەسلىرىنى، ئۈنسىز بېسىلىۋاتقان تۇنجى قەدەملىرىنى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. ئەنە شۇنداق قەلبلەردىن قەلبلەرگە تۇتاشقان ھارارەتتە كىمنىڭ يۈرىكى ئىللىمىسۇن! كىمنىڭ دەردى شىپا تاپمىسۇن، كىمنىڭ يوللىرى ئېچىلىپ مەنزىلى يورۇمىسۇن!

مەن يېقىندىن بۇيان، ئەتراپىمدىمۇ ئەنە شۇنداق باشقىلار ئۈچۈن قەدەم ئېلىپ، باشقىلار ئۈچۈن نەپەسلىنىپ ياشاشقا جۈرئەت قىلالىغان، ئۆزىدىن ھالقىيالىغانلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلدىم.

مەن مۇخبىرلىق قىلىپ چېپىپ يۈرگىلى ئۇزۇن بوپتۇ، بۇ جەرياندا ياخشى تىپ، ياخشى ئىشلارنى جىق قېزىپ قەلەمگە ئېلىپ رادىيو ئاۋازى ئارقىلىق خەلققە يەتكۈزدۈم. نەزەرلىرىم ھامان يىراقتا، ناتونۇش سىمالار ئارىسىدا بولدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى زىيارەت قىلغاندا بىر قېتىم كۆرۈشكىنىمچە قايتا كۆرمىدىم. ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشلار داۋاملىشىۋاتامدۇ ياكى توختاپ قالدىمۇ بۇلارنى ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىشقا ئىمكانىيىتىم يار بەرمىگەنچە قالدى.

قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئىچىمگە كىرىۋالغان تىنىمسىزلىق مېنى ئەتراپىمغا دىققەت قىلىشقا ئۈندەپ تۇراتتى. ئەنە شۇ ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە كەسپدىشىم ۋە كەسپتىكى قابىل ئۇستازىم ئەنۋەر ھەمدۇلغا نەزەرىم چۈشتى.

ئەنۋەر ھەمدۇلنىڭ ھەر كۈنى ئىدارىدىكى بىر كۈندىلۈك جىددىي خىزمەتلىرىنى قىلىپ تۈگىتىپ بولۇپ، ئەتىسى ـ ئاخشىمى كىملەردۇر بىركىملەر بىلەن پاراڭلىشىپ، سىردىشىپ يۈرگىنىنى، ھەتتا پىدائىيلار تاكسى شىركىتى قۇرۇپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش غېمىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. ئەپسۇس مەن يەنىلا كۈندىلىك خىزمەت تەرتىپلىرىنىڭ زىچلىقى بىلەن كۈنلەرنى كۈنلەرگە ئۇلاپ كېتىۋەردىم. بىرەر قېتىم «ئەنۋەرجان، سىلى ئويلاۋاتقان، سىلى تىرىشىۋاتقان، سىلى قىلىۋاتقان ھېلىقى ئىشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ!؟» دەپ سوراپ باقمىغانىدىم. بىر كۈنى بىر ناتونۇش نومۇردىن تېلېفون كېلىپ قالدى، قارشى تەرەپ تېلېفوندا:

— خانىم، ئەنۋەر ھەمدۇل دېگەن ئاكىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىلا، «پىدائىيلار تاكسى ئەترىتى»نى قۇرغان ئەنۋەر ھەمدۇلغا ۋە بۇ شىركەتتىكى بىر شوپۇر يىگىتكە رەھمىتىم بار ئىدى. شوپۇر يىگىت جىددىي كېسەل بولۇپ بولالماي قېلىۋاتقان ئاپامنى دوختۇرخانىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. ئۇلارغا بىر ئۆمۈر تۆلىسەممۇ تۈگىمەيدىغان كۆڭۈل قەرزى بولۇپ قالدىم. ھازىرچە قۇرۇق رەھمىتىمنى بولسىمۇ ئېيتقاچ تۇراي دېۋىدىم... — دېدى ماڭا گەپ قىلىش ئىمكانىيىتى قالدۇرمايلا.

مەن ئەنۋەرجاننىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرىپ، قارشى تەرەپ بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ ئويلىنىپ قالدىم.

توغرا، ماڭا ئەڭ يېقىندا تۇرۇپ، شۇنچە ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىۋاتقان تىرىشچان، مەسئۇلىيەتلىك كەسپدىشىم ئەنۋەر ھەمدۇل ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە نېمىشقا بۇرۇنراق قەلەم تەۋرەتمىگەندىمەن؟!... شۇ بىر ئوتنىڭ تەپتىدە دەرھال ئەنۋەر ھەمدۇل ھەققىدە ئاڭلىنىۋاتقان سادالارغا قۇلاق سالدىم.



## سادا

مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن يەكەن ناھىيەسىدىن ناھىيەمىزگە كەلگەن دوستىمىز مۇتەللىپ قاۋۇل ماڭا مۇنداق دېدى:

— كۇچادا «پىدائىيلار تاكسى ئەترىتى»نىڭ تەشكىللىنىشى ھەققەتەن بەك ياخشى ئىش بوپتۇ. ئىلگىرى مەركىزى شەھەر ئۈرۈمچىدە مۇشۇنداق پىدائىيلار ئەترىتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، بۇ قېتىم كۇچاغا كېلىپ بۇ ئەترەتنىڭ بۇ يەردىمۇ بارلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇش بولدۇم ھەم دوستلىرىمنىڭ ياردىمىدە بۇ پىدائىيلارنىڭ ھەقسىز مۇلازىمىتىگە ئېرىشىپ ھەققەتەن سۆيۈندۈم...

بىر خەنزۇ يولداش زىيارىتىمنى قوبۇل قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ماشىنام ئالدىنقى كۈنى كەچ بۇزۇلۇپ قېلىپ، ئەتە ئوڭشىتارمەن دەپ ئويلاپتىمەن. كىم بىلسۇن ئايالىمنىڭ قورسىقى شۇ كېچىسى ئاغرىپ كەتتى. مەن تۈن كېچىدىن ئاشقاندا تولغىقى تۇتۇپ كەتكەن ئايالىمنى يۆلەشتۈرۈپ، چوڭ يولغا چىقتىم، بىز يېرىم سائەتچە ساقلىغان بولساقمۇ ماشىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى، ئايالىم بارغانچە بولالمىغىلى تۇردى، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تېپىرلاپ تۇرالماي قالدىم. شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ماشىنىنىڭ چىراغ نۇرى كۆرۈنگەندەك قىلدى، يېقىنلاپ كېلىۋىدى، ئۇ راستىنلا بىر تاكسى ئىكەن، ماشىنا ئالدىمغا كېلىپ توختىدى ۋە مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنى ساقلاپ تۇرماستىن ئايالىمنى ماشىنىغا چىقىرىشىمغا ياردەملەشتى. بىز دوختۇرخانىغا كەلگەندە دوختۇرلارنىڭ «تاس قاپسىلەر كېچىكىپ قېلىپ، بالا تۇنجۇقۇپ قالغىلى» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئۇھ دېدىم. ھازىر ئانا - بالا ساق - سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ. ئاشۇ تاكسى شوپۇرى بىز بىر ئائىلىنى بەخت ھېسلىرىغا چۆمدۈردى. مەن ئۇ يىگىتكە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

مېنىڭ بۇ پىدائىيلار ئەترىتى ھەققىدە كۆپرەك ئەھۋال ئىگىلىگۈم كەلدى. شۇ قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسى ۋە پىدائىيلارغا بولغان ھۆرمىتىم مېنى ئۇلارغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى.

خىزمەتدىشىم — كۇچا خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ پىشقان رىياسەتچىسى ئەنۋەر ھەمدۇلنى زىيارەت قىلدىم:

ئەنۋەرجان مېنىڭ زىيارەت مەقسىتىمنى بىلگەندىن كېيىن خۇددى بۇ ئىش بىلەن ئالاقىسى يوقتەك كەمتەرلىك بىلەن:

— ئەمەلىيەتتە، بۇ پىدائىيلار ئەترىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مەن ئەمەس، دەل ئاشۇ تاكسى شوپۇرلىرى، ئۇلار ئۆزلىرى ماڭا تېلېفون بېرىپ ئۈرۈمچىدىمۇ مۇشۇنداق بىر ئەترەتنىڭ بارلىقىنى، ناۋادا ناھىيەمىزدىمۇ مۇشۇنداق بىر ئەترەت قۇرۇلسا دەرھال ئەزا بولۇپ كىرىش ئارزۇسى بارلىقىنى، بۇنداق ئارزۇدىكى تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى، مۇمكىن بولسا مېنىڭ باشلامچى بولۇپ تەشكىللىشىمنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. شۇنچىلىك ئاددىي، مەن پەقەت ئۇلار ئارىسىدا بىر كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ئاشۇنداق بىر ياخشى پۇرسەتنى ئىزدەپ يۈرگەن تاكسى شوپۇرلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلدىم. ھازىر پىدائىيلار ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ ئەترەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى شەخسەن مېنىڭ تۆھپەمدىن دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ پىدائىيلارنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى كىملەر؟ قانداق مۇلازىمەت قىلىدۇ؟

— ئاساسلىقى مېيىپلار، ياشانغانلار ۋە مۇھتاج تازىلىق ئىشچىلىرى. ئۇلار قانداقلا چاغدا قاتناش ۋاستىسىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ تېلېفون قىلسا، پىدائىيلار تاكسى ئەترىتىدىكى شوپۇرلار ئۇلار ئۈچۈن ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىدۇ.

مەن ئەنۋەرجانغا يەكەنلىك ئەما دوستىمىز مۇتەللىپ قاۋۇلنىڭ ئۈنگە ئېلىنغان ئاۋازىنى قويۇپ بەردىم. مۇتەللىپ قاۋۇلنىڭ چىن كۆڭلىدىن سەممىيلىك بىلەن ئېيتقان ھەر بىر جۈملە سۆزى ئادەمنى ھەققەتەن تەسىرلەندۈرەتتى:

— بۇ ئىشنىڭ ئەل ئىچىدە بۇنچە ياخشى تەسىر قوزغايدىغانلىقىنى مەنمۇ ئويلاپ باقمىغانىدىم، تاكسى شوپۇرلىرىمىزنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ھەققەتەن كۆپچىلىكنى قايىل قىپتۇ. گەرچە بۇ ئىشتا مېنىڭ بىۋاستە تۆھپەم بولمىسىمۇ پىدائىيلار ئەترىتىدىكى تاكسى شوپۇرلىرىدىن بەكلا سۆيۈندۈم، — دېدى ئۇ مۇتەللىپ قاۋۇلنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەممىيلىك بىلەن، ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

— ئىستانسىمىزنىڭ «قاتناش قىزىق لىنىيەسى» پروگراممىسى يولغا قويۇلغان بىر قانچە يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن شوپۇرلار بىلەن تونۇشتۇم. ناھىيەمىز چوڭ ناھىيەلەرنىڭ بىرى، شۇنداق بولغانىكەن ناھىيەمىزگە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كېلىدىغان ساياھەتچىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ناھىيەمىزگە كەلگەن مېھمانلار كۆپ ھاللاردا ئالدى بىلەن تاكسى شوپۇرلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىدۇ، بىر ناھىيەنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ قانداقلىقىنى تاكسى شوپۇرلىرىمىزنىڭ ساپاسىغا قاراپ بەلگىلىشىدۇ. مەن دەسلەپتە شوپۇر دوستلار مېنى ئىزدەپ كېلىپ مۇشۇنداق بىر پىدائىيلار تاكسى ئەترىتى قۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنگەندە، بىرئاز ئىككىلەنگەنىدىم. گەرچە ئۇلارنىڭ كۆڭلى ياخشى بولسىمۇ، ئاخىر چىقماي، ئاجىز - مېيىپ كىشىلىرىمىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەنىدىم. بىراق ئۇلارنىڭ كۈچلۈك تەلپىي ۋە ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئىلتىجالىرى ئالدىدا مەن راستىنلا ئامالسىز قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە ھە - پە دېيىشىپ بېرەي دەپ بۇ ئىشقا قەدەم ئالدىم.

مەن ئەنۋەرجاننىڭ ياردىمىدە پىدائىيلار ئەترىتىنىڭ ئەزاسى مۇختەر روزىنى تېپىپ زىيارەت قىلغىنىمدا ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئەسلىدە ئوڭ قولۇڭ بەرگەننى سول قولۇڭ كۆرمىسە ياخشى. بىزنىڭ مەقسىتىمىز قانداقتۇر بىر شان-شەرەپكە ياكى جەمئىيەتتە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشىش ئەمەس، پەقەت خالىسانە ياردەمنى قانۇنلۇق ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ھەم ياخشى بولغان بىر كەيپىياتنى يارىتىش. ھازىر ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق، بىزنىڭ قىلغان مۇشۇ كىچىككىنە ياخشى ئىشلىرىمىز سەۋەبىدىن جەمئىيەتتە تېخىمۇ كۆپ پىدائىيلار مەيدانغا كەلدى. كۆچا خەلق رادىيو ئىستانسىسىدىن «قاتناش قىزىق لىنىيەسى»نىڭ رىياسەتچىسى ئەنۋەر ھەمدۇل بىزنى يېقىندىن قوللىدى ھەم بىر قانچە ئاپتوموبىل رېمونت دۇكانلىرىغا بىزنى تەشۋىق قىلىپ تونۇشتۇردى. نەتىجىدە «ياخشى ئىشلار مەندىن باشلانسۇن، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پىدائىيلار ئەترىتى»نىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوللاش ئۈچۈن «مۇھەممەتجان ئاپتوموبىل توك رېمونتچىلىقى دۇكىنى»، «جاپاكەشلەر ئاپتوموبىل رېمونت مەركىزى» ۋە يەنە بىر قىسىم ئاپتوموبىللارغا ئاپتول ئالماشتۇرۇش ۋە سىرلاش دۇكانلىرىنىڭ خوجايىنلىرىمۇ قاتناش قىزىق لىنىيەسى پروگراممىسى ئارقىلىق پىدائىي شوپۇرلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقى، ئاپتوموبىللىرىمىزدا كاشىلا كۆرۈلسە، پەقەت ئەڭ تۆۋەن باھادا ماتېرىيال ھەققى ئېلىپ، ئىش ھەققى ئالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىپادە بىلدۈردى. «ياخشىلىق يەردە قالماس» دەپ بىز ياخشى ئىش قىلساق ھامان ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغانلار، قوللايدىغانلار چىقىدىكەن.

دېمەك، بۇ پىدائىيلار بىر تەرەپتىن ئاجىزلارغا، مېيىپلارغا، مۇھت تازىلىق ئىشچىلىرىغا ياردەم بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ۋە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشىپ كەپتۇ.

## چۈشىنىش

مەن ئىز قوغلاپ يەنە بىر قانچە پىدائىي شوپۇرلاردىن ئەھۋال ئىگىلىدىم.

ئاپتوموبىل توك رېمونتچىلىقى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇھەممەتجان ئابباس ئۇستام بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بۇ پىدائىيلارنى قوللاش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ مەخسۇس «ياخشى ئىشلار مەندىن باشلانسۇن پىدائىي تاكسىسى» دېگەن تاختىنى ياسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغان مۇنتىزىم بىر كوللېكتىپ بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن مەدەت بېرىپتۇ. ھازىر ئۆزلۈكىدىن كېلىپ پىدائىي بولىدىغان تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ سانى 20 دىن ئاشقان بولۇپ، يەنە بىر قىسىم شوپۇرلار گەرچە تاختاي ئاسمىغان بولسىمۇ، بۇ ياخشى ئىشنى جىمجىت داۋاملاشتۇرۇۋېتىپتۇ. مۇھەممەتجان ئابباس بىلەن كۆرۈشكىنىمدە ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

— شوپۇرلارنىڭ بەزىلىرى باشقىلارغا ئىشلەيدۇ، ئۇلارنىڭ تاپىدىغىنىمۇ چاغلىق، شۇنداق تۇرۇپ ئۇلار بۇ ياخشى ئىشلارنى قىلالىغان يەردە بىز تىجارەتچىلەر قاراپ تۇرساق تازا توغرا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا «قاتناش قىزىق لىنىيەسى» پروگراممىسى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەن بىلەن ئالاقىلىشىشىنى ئېيتتىم، شۇنداق قىلىپ 23 نەپەر تاكسى شوپۇرى مەن بىلەن ئالاقىلەشتى. مەن ئۇلارغا «ياخشى ئىشلار مەندىن باشلانسۇن پىدائىي تاكسىسى» دېگەن تاختاينى ياساپ بەردىم. ئاپتوموبىلنىڭ توك يولىدا مەسىلە كۆرۈلسە ھەقسىز ياساپ بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلسە، دۇنيا چوقۇم تېخىمۇ ئىللىقلىققا تولىدۇ. ھازىر بىز يەنە ھەر قايسى ئىش باشقارمىلىرى ۋە مەھەللە كومىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شۇ جايدىكى ئاجىزلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىمىز.

دېمەك، جەمئىيەتتە «ياخشى ئىشلار مەندىن باشلانسۇن، پىدائىي تاكسىسى» نىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوللايدىغانلار ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن، مەن «جاپاكەشلەر ئاپتوموبىل رېمونتچىلىق مەركىزى»دىن ئابدۇراخمان ئوسماننى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇ مۇنۇلارنى ئېيتتى:

— ئەمەلىيەتتە تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئۇنچە باياشات ئەمەس، ئۇلار قىلالىغاننى بىز قىلالمىساق، بىزنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىمىزدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن! بىزمۇ مۇشۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ئىكەنمىز، جەمئىيەتكە ئانچە - مۇنچە تۆھپە قوشۇشىمىز، باشقىلارنىڭ ياخشى ئىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشىغا ھەمدەم بولۇشىمىز كېرەك. بۇرۇنقىلار دەپتىكەن: «ھەردەم ياخشى ئىش قىل، قىلالمىساڭ ياخشى ئىش قىلغانلارغا ئەگەش» دەپ. بىز شۇنچە يىل تىجارەت قىلىپ مۇشۇنچىلىك بىر ياخشى ئىش قىلىشنى ئويلىماپتىمىز، ئەمدى شۇ ئىش قىلىۋاتقانلارغا ئەگىشىش ئارقىلىق بولسىمۇ ياخشى كۆڭۈللىرىنى كۆپەيتەيلى دەپ ئويلىدۇق.

مەن بۇ پىدائىيلار تاكسى ئەترىتىنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا مۇشۇ ئەترەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرىغا چىققان تاكسى شوپۇرى قاھار ھاشىمنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق بىر ئەترەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغانلىقىنى سورىغىنىمدا ئۇ مۇنداق دېدى :

— مەن ئاتامدىن كىچىكلا ئايرىلىپ قالغان، گەرچە تەربىيە ئاتىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان بولساممۇ، ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، ياخشى تەربىيەسىگە ئېرىشتىم. تەربىيە ئاتام ماڭا كىچىكىمدىن باشلاپلا: «ئوغلۇم، قولۇڭدىن كەلسە باشقىلارغا ياردەم قىل، ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ،

سەن قىلغان شۇ بىر ياخشىلىق بىر ئادەمنى تەسىرلەندۈرۈپ ئۇنىمۇ ياخشىلىق قىلىدىغان يولغا باشلىيالىسا ئەجەب ئەمەس!» دەيتتى. تەربىيە ئاتامىمۇ ئاللىقاچان تۈگەپ كەتتى. مەن بىرىنچىدىن ئاتا ـ ئانامنىڭ تەربىيەسىگە جاۋاپ قايتۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، ياردەمگە موھتاجلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، ئۇلارغا كىچىككىنە بولسىمۇ خۇشاللىق بېرەلىسەم دەپ، بۇ ئىشنى قىلدىم. ھازىر جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىناق، بەختىيار بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. شۇنداق ئىكەن، چوقۇم بىز ئەۋزەل شارائىتىمىزنى قەدىرلەپ، قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەمگە ئېھتىياجلىقلارغا ياردەم بېرىشىمىز، ئىناق بىر كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك، شۇندىلا ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق باشقىلارنى تەسىرلەندۈرەلەيمىز، دۇنيانى ئىللىقلىققا تولدۇرالايمىز.

مەن قاھار ھاشىمنىڭ سۆزلىرىدىن تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ قانداقتۇر باشقىلارنىڭ ياكى جەمئىيەتنىڭ ۋە ياكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلماستىن، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆزئارا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش ئارقىلىق، كۆڭۈللەردىن كۆڭۈللەرگە يول ياساش مەقسىتىدە تەشكىللەنگەنلىكىنى بىلىپ بەكمۇ تەسىرلەندىم.

توغرا، تاكسى شوپۇرلىرى بۇ ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ بېسىمنى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىسپاتلىدى. بۇ پائالىيەتكە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان ئىسسىق نەپەسلەرنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغىنىمدا، ئۇلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى سەپەرلىرىگە ئاق يول تىلىدىم.

گەرچە بۇ پىدائىيلار ئەترىتى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ بىر مۇنتىزىم ئەترەت بولۇپ شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئۇلار بىر تەرەپتىن كىرا قىلىپ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياخشى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاچقا بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشمايدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تۈنجى قېتىم يىغىلىپ ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش چاي ـ سۆھبەتتە جەم بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بارغىنىمدا پەقەت 11 نەپەر شوپۇر بۇ يىغىلىشقا قاتنىشالىپتۇ. قالغانلار تۈرلۈك سەۋەبلەردىن كېلەلمەپتۇ. بەزىلەر ئۇزۇنراق يولغا چىقىپ كېتىپتۇ، بەزىلەر ماشىنىسىنى رېمونت قىلدۇرۇۋېتىپتۇ، يەنە بەزىلەر ساقسىز بولۇپ قاپتۇ...

دېمەك، ئۇلارمۇ تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك غەملىرىنى يەۋېلىپ، تىنىمسىز تىرىشىپ كېتىۋاتقان ئاددىي كىشىلەر، ئۇلارنىڭمۇ غەملىرى بار، ئۇلارنىڭمۇ كىشىگە دېيەلمەيدىغان دەرتلىرى، ئۇلارنىڭمۇ يېتەلمەيۋاتقان ئارمانلىرى بار. ھەتتا ئۇلار كىمدۇر بىر ھاجەتمەننى مەنزىلگە ئېلىپ كېتىۋاتقان شۇ پەيتتە، ياشانغان ئانىسى يول بويىدا ماشىنا توسالماي تۇرغان بولۇشى؛ ئۇلار كىمدۇر بىر ئاجىزنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويۇپ، ھەققىنى ئالماي كېتىۋاتقان شۇ دەقىقىدە، بالىسى مۇئەللىمگە تاپشۇرىدىغان نەچچە يۈەننى بېرەلمەي تىرناق تاتىلاپ تۇرغان بولۇشى؛ ئۇلار چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغاندا، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ئۇنتۇپ، بىر بىمارنى ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ يېنىك تىنغاندا ئايالى ئۇنىڭغا تاماق ساقلاپ ئىشتىھاسىز ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ پىدائىيلار ئەنە شۇنداق غەملەردىن، دەرتلەردىن، كۈتۈشلەردىن، موھتاجلىقلاردىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ باشقىلار ئۈچۈن نەپەس ئالالىغانلار، باشقىلار ئۈچۈن قەدەم باسالىغانلاردۇر. بۇ پىدائىيلار ئەترىتى قۇرۇلۇپ بىر ئاي جەريانىدا قىلغان ياخشى ئىشلىرىنىڭ سانىنى بىرمۇ بىر ئىگىلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا كۆزۈم يەتتىكى، مېھرىنىڭ چېكى بولمىغاندەك تاكسى پىدائىيلىرىنىڭمۇ قىلغان، قىلىۋاتقان ئىش ـ ئىزلىرىنىڭ چېكى يوق ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە باشقىلارنىڭ تاكسىلىرىدىكى «ياخشى ئىشلارنى ئۆزۈمدىن باشلايمەن ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پىدائىي تاكسى» دېگەن تاختاينى كۆرگەندىن كېيىن كۆپلىگەن تاكسى شوپۇرلىرى بۇ ئەترەتكە قوشۇلۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپتۇ. جەمئىيەتتە ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەرنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىدىن، دۇنيانىڭ كۈندىن ـ كۈنگە گۈزەللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قەلبىم تولىمۇ لەرزىگە كەلدى. ئىنتايىن ھاياجانلاندىم. ھەم ئۇلارنىڭ بۇ ياخشى ئىشلىرىنىڭ ئەبەدىي ئۈزۈلمەي داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلىپ زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم.

ئەنە شۇنداق ئېيتىلىشقا تولىمۇ پەخىر بىلەن ئېيتىلىدىغان، قۇلاققا تولىمۇ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان، گاھىدا چۈش كۆرگەندەكلا ئۇندەرەپ ئويغىنىپ كەتكىنىڭچە بىر ئىشلارنى قىلغۇڭ كېلىدىغان، لېكىن قىلىمەن دېگەنگە ئەمەس، قول سېلىپ قىلغاندا، ھەربىر نەپەسلىرىڭ، ھەربىر قەدەملىرىڭنى شۇ ئىشقا ئاتىغاندا، تىرىشىپ قەدەم ئالغاندا رېئاللىشىدىغان ئىشلارنىڭ كىمدۇر بىر كىملەر تەرىپىدىن ئاللىقاچان ۋۇجۇدقا چىقىپ، ئىش ئەھلىمۇ، ئەتراپىدىكىلەرمۇ مۆلچەرلىگۈسىز نەپكە ئېرىشۋاتقىنىنى بىلگىنىڭدە خۇرسەن بولماي تۇرالمايسەن. ئۆز ـ ئۆزۈڭگە : «ياخشىلىق ئىزدىسەڭ ھەر يەردە بار» دېمەي تۇرالمايسەن.

مۇشۇ خۇرسەنلىك ھېسلىرىم بىلەن كەسپدىشىم ئەنۋەرجاننىڭ شۇنداق ئاددىي لېكىن ئۇلۇغ بىر سەپەرلەر ئۈچۈن باسقان قەدەملىرىگە، ئۇ باشلاپ كېتىۋاتقان بۇ سەپتىكى تاكسى شوپۇرلىرىغا قايىللىق بىلەن ئاپىرىنلار ئېيتتىم:

— ياشا يىگىتلەر! ئۆزگىلەرنىڭ خۇشاللىقلىرى ئۈچۈن ئالغان ھەربىر قەدەملىرىڭدىن گۈللەر ئۈنسۇن! ئۆزگىلەر ئۈچۈن ئالغان ھەر بىر نەپەسلىرىڭلاردىن تارىغان ھارارەتتە دۇنيا ئىللىقلىققا تولسۇن!

ئاپتور: كۇچا خەلق رادىيو ئىستانسىسىدا





# كۆيۈك

(ئىزدەنمە ھېكايە)

ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر

... كۆڭلۈم زادى نېمىدىن سۇ ئىچىدىغانلىقى ئېنىق بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىر ئوتتا كۆيۈۋاتاتتىم.

— ئەجەپ كۆڭلۈم سۇ ئىچمىدى؟

— نېمىشقا؟

— ئىشقىلىپ سەۋەبى بار ياكى يوق.

سەۋەبى بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ. ئەمما بەزى سەۋەبلەر تولىمۇ غۇۋا.

ئىنسانلار غۇۋا سەۋەبلەرنىمۇ كوچىلاپ سوراپ بېقىشقا ھېرىسمەن بولغانسېرى بىمەنىلىككە غەرق بولىدۇ.

— ئابايىم سەن ئەجەب كۆڭلۈم سۇ ئىچمىدى دېدىڭمۇ؟

— بۇ گېپىم بولمىدىما؟

— سەن نېمىگە قارىتا دەۋاتىسەن؟

— بولدىلا باشقا گەپ بولسا قىلىشايلى.

— سەن مەن بىلەن مۇڭدىشىشنى خالىمامسەن؟

— نېمىشقا مۇڭدىشىمىز؟

— بۇنىڭغا نېمىشقا دېيىش كېتەمدۇ؟

ئۈندىمىدىم. كۆڭلۈك سۇ ئىچمىگەنسېرى ئۈندىمەيدىغان بوپقالىدىكەنسەن!

... ئەمسە نېمىنى خالايمەن؟

بارغانسېرى گەپ قىلىشقا ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. گەپ ئىنساننىڭ خىيانىتى! گەپ قىلىشالايدىغانلار ئاۋۇغانسېرى كۆڭۈل يوقاپ كېتەتتى ...

... ئەمسە نېمىنى خالايمەن؟

— ھېچنېمە خالىماسلىقنى ...

— ھېچنېمە دېمەسلىكنى ...

— ھېچنېمە كۆرمەسلىكنى ...

كەيپىياتىم شۇنداق چاغ ئىدى.

كۆرۈنگەندە يوقمەن،
يوقلۇقۇمدا بارمەن.
غەمناك بولما ئەي دۇنيا،
ئىچىم دەرتلىك شوقمەن ...

دەپ يازغىنىمدەك تېنىم كىشىلەر ئارىسىدا روھىم سەندە ئىدى.

نېمىشقا ھېكايە يېزىۋاتقانلىقىم ھەققىدە گەپ سورىمىغىن، نېمىشقا قىلىشنى خالىمىغانلىقىم ھەققىدە گەپ سورىمىغىن.

شەيخ سەئدىنىڭ «زىرىككەندىن تەشنا بولغان ياخشى» دېگەن كەلىمىسى ئېسىمگە كېلىۋالدى. ئىچىمگە بىر ئوت كىرىۋالغانسېرى ئېسىمدە قالىدىغان نەرسە كۈندىن ـ كۈنگە ئازلاۋاتاتتى ...

— نېمىشقا؟

— چۈنكى، كۆيۈۋاتقان ئوت ھەممىنى ئوتقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

— سېنى كۈتۈۋاتىمەن دېسەم ئىشىنەمسەن؟ — دەپ سورىدىم سەندىن.

— نېمىشقا ئىشەنمەي ، — دېدىڭ سەن.

— ئەگەر سەن بىر پىيالە زەھەر بولساڭمۇ بىمالال ئىچىۋېتەتتىم.

— ئۇ چاغدا زەھەرمۇ سۆيگۈگە ئايلىنىپ كېتەتتى، — دېدىڭ شۇنچىلىك تەبىئىيلا. سەندىن بەك ـ بەك مەمنۇن بولغانتىم.

— سېنى كۈتۈۋەرسەم رازىمۇ سەن؟

— ياق، سىز توي قىلىڭ.

— قايسى يۈرىكىڭدىن دەۋاتىسەن؟

— مەندە ئىككى يۈرەك بار دەپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

— كۆيگەن يۈرەكتە ئىككىلىك قالمايدۇ. بارچە ئىككىلىكلەر ئەمەلىيەتتە بىرلىكتۇر. بىراق، تىل ئىككىلىكنى، دىل بىرلىكنى خالايدۇ.

— شۇنداقمۇ؟

— سەن ئەجەب ماڭا ئىككىلەنمەيلا «توي قىلىڭ» دەيسەنغۇ؟





— شۇ مەن باغلاقتىكى ئادەم، مېنى دەپ ئۆمرىڭىز زايە بوپ كەتمىسۇن.

— مەن ئالللىقاچان زايە بولۇپ كېتىشتىن قورقماس بولۇپ بولغان.

— لېكىن ...

— بولدى، لېكىن - پېكىن دېمە!

— قىزىل چىراغقا كەپقاپتۇقۇ؟ قىزىل چىراغ بىر دەم ئۆچمەي تۇرسا بوپتىكەن؟

— ۋاي مۇشۇ تاتلىق ئاغزىڭغا!...

مېنى ھاياجانلاندۇرۋەتكىنىڭچە ئۆيۈڭگە كىرىپ كەتتىڭ. ئادەمنى ھاياجاندۇرالايدىغان نەرسىدىن ئەڭ ئاخىر سۆيگۈلا قالامدۇ نېمە؟

مەن نېمىنى خالايدىغان بوپقالدىم؟ سەندىن بۆلەك ھېچنېمىنى خالىماسلىقنى ... شۇنداقمۇ؟

... كۆزۈڭگە شۇڭغۇپ كەتتىم. پايانسىز ئوكيان بەئەينى تونۇردەك ھارارەتتە مېنى يوق قىلماقتا ئىدى. قانچە يوق بولغانسېرى شۇنچە مەپتۇن بولاتتىم. ئاھ، دىل خالاشقان مەپتۇنلۇق؟ ساڭا نېمە يەتسۇن؟!!!...

مەن ئۈچۈن مۇھىم بولغان نەرسىلەر ئەمدى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئايلىنىۋاتقانسېرى يوپۇرماققا قارىسامۇ سەن كۆرۈنەتتىڭ. سەن بىلەن بىللە ماڭغان يولدا ھامان سەن كۆرۈنەتتىڭ، قايغۇمدىمۇ سەن، ھوزۇرۇمدىمۇ سەن! نە ملك قايغۇلار كەلسۇن، سەن بولغاچقىلا ئۇمۇ ئىختىيارسىز خۇشاللىققا ئايلىنىپ كېتەتتى ...

— سېنى كۈتۈۋاتقانلىقمنى ئۇنتۇپ قالما - ھە؟

— بولدى كۈتمەڭ.

— نېمشقا؟ ...

— مېنى دەپ ئۆمرىڭىز زايە بولۇپ كېتىدۇ ...

— سەنچە زايە بولمايدىغان نېمە بار؟ نېمە زايە بولمايۋاتىدۇ؟ قارا، تالايلىغان يۈرەكلەر بار بىراق كۆڭۈل يوق، تالايلىغان كۆڭۈللەر بار، سەندەك ئىچكىشكەن يار يوق.

پەقەت تۇرمۇش قۇرۇپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈنلا ئۇندىمەي ياشاۋەرسەڭ بولامتى؟ نېمشقا دىل خالىغاننى سۆيۈش ئۈچۈن ئادەت چەمبىرىكىڭنى بۇزۇپ چىقالمايسەن؟ ئۆزى خالىمىغان كىشىگە چىداپ تۇرۇپ كۆڭۈل بېرىش ئۆزىنى قىيداپ تۇرۇپ ئۆلتۈرگەنگە باراۋەر ئەمەسمۇ؟

— سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن تۇرمۇش باشقا گەپ ...

— تۇرمۇشتا كۆڭۈل بولمىسىمۇ بولىدۇ دېمەكچىمۇ سەن؟

— ياق شۇ ... مەن سىزگە گەپ تېپىپ بېرەلمىگۈدەكمەن!

— ماڭا قارا تاتلىقىم، بەزىدە تۇرمۇشقا ئۇيغۇن ئەقىلمۇ سۆيگۈنىڭ دۈشمىنى؟ سۆيگۈ ئەسلىدە ئۇيغۇنسىزلىق ئىچىدىكى ئۇيغۇنلۇق.

سەن ئۇندىمىدىڭ ... چۈنكى، مېنىڭ كۆڭلۈمنى تولىمۇ ئاياپتىڭ ... قايسى بىر ھەشەمەتلىك ئىمارەت، ئېسىل ماشىنا، ئازادە باغچا - سارايلار ... كۆڭۈل ئۈچۈن ئەمەس. ئىنسانلار كۆڭۈللىرىنى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن دەپسەندە قىلىشىدۇ - يۇ، ئاخىر بېرىپ ھەممە ئىشنىڭ كۆڭۈل ئۈچۈن بولىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇن تەن ئېلىشىدۇ.

... ئەمسە نېمىنى خالايمەن؟

كىم بولسۇن نە ملك شاھانە سارايلاردا مېنى مېھمان قىلسۇن سەن بولمىساڭ بەرىبىر ئىدى ...

مەيلى ملك قۇياش پارلىسۇن، كۆكتە سەن بولمىساڭ پارلاقلىقىمۇ زۇلمەت ئىدى ...

مەيلى قانچىلىك كىشىلەر مېنىڭ ئەڭ يېقىنىم بوپكەتسۇن سەن بولمىساڭ بەرىبىر ئىدى ...

سەن بار جاندا مەن بار، سەن يوق جاندا مەن يوق ...

... ... كۆڭلۈم زادى نېمىدىن سۇ ئىچىدىغانلىقى ئېنىق بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىر ئوتتا كۆيۈۋاتاتتىم.

— بۇ قانداق ئوتتۇ؟

— قانداق ئوتلىقنى ملك دەپ بەرسەممۇ بىلمەيسەن ئاغىنەم، چۈنكى كۆيگەن ئۆلىدۇ، بىلگەن كۆيىدۇ.

— ئۇنداقتا سەن يوقىلىپ كېتىپسەن؟

— نە كىشىلەرنىڭ باردى - كەلدىسى، نە مەززەسىز ئولتۇرۇش، نە مەززەسىز قوغلىشىشلاردىن مېنى ئىزدىمىگىن. ئىچىدە ئوت كۆيۈۋاتقان ئادەمدىنمۇ بەختلىك ئادەم بارمۇ؟

— بەك تەركىدۇنيا بوپكەتتىڭمۇ نېمە ئاداش؟

— تەركى بىمەنە بوپكەتكەندىمەن ...

— ئادەم چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن ...

— كۆيۈكنىڭ دەردىنى كۆيگەن بىلىدۇ.

— بەلكىم ...

... ... ... ... ... ... ... .

يوشۇرۇن يىغلاۋاتقانلىقىڭنى دەماللىققا بىلەلمەپتىمەن.

— نېمشقا يىغلىدىڭ؟

— ...

— نېمە بولدۇڭ؟ دېگىنە ...

— ...

— سېنى رەنجىتتىمۇ؟

بوينۇمغا گىرە سېلىپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتىڭ ...

— مەندىن ئۇنداق چوڭ ئۈمىد كۈتمەڭ!...

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

— سىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بولدۇم ...

— نېمشقا بۇنداق دەيسەن؟

— ئىشقىلىپ مەن سىزنى سىز مېنى ياخشى كۆرگەندىنمۇ بەك نەچچە ھەسسە ياخشى كۆرىمەن تاتلىقىم!... سىزگە بۇنى چۈشەندۈرۈپ بولالمايۋاتىمەن ...

(داۋامى 34 - بەتتە)

# دوستۇمنىڭ قىسمىتى

(ھېكايە)



پەخىرىدىن مۇسا

كۆرۈشمىگىلى ئوتتۇز يىل بولغان بىر بالا ئاغىنەم بىلەن تاسادىپىيلا ئۇچرىشىپ قالدۇق. كۆزلىرىمىز لىق ياشقا تولدى، قۇچاقلاشتۇق، ھىدىمىزنى پۇرىشىپ كەتتۇق ... ئۇنىڭ بىر كۆزىدىن ئايرىلىپ يەكچەشمە بولۇپ قالغىنىغا ھەيرانلىقىم تاشتى.

مەن ھاللىقتىكى بۇ قەدىناس دوستۇمنى ئۆيۈمگە باشلاپ كەلدىم. ئۇنىڭ كەسكەن لەغمەنگە ئامراقلىقىنى بىلەتتىم. چۆپلىرى يىلىكتەك كەسكەن لەغمەن داستىخانغا كەلتۈرۈلگەندە، دوستۇم ئىختىيارسىز تىلىنى تامشىپ كەتتى، بېشىنى چايقىغىنىچە دېدى:

— مېنىڭ ئامراق تامىقىمنى ئۇنتۇپ قالماپسەن، بۇ مېنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغىنىڭغۇ ئاخىر، رەھمەت ئاغىنەم.

ئۇ شۇنداق دەپلا تەخسىنى قولىغا ئالدى.

— ۋۇي، بۇ توشقان گۆشىغۇ؟ — دېدى ئۇ بىر لوقما گۆشنى چايناۋېتىپ.

— شۇنداق، بازاردىن سېتىۋالغان، — دېدىم مەن.

ئۇ بىر پەس نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ كەتتى.

— نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ — سورىدىم مەن.

— ساڭا ھېلى دەپ بېرەي.

ئۇ ئامراق تامىقىنى ئىشتىھا بىلەن مەززە قىلىپ يېدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىزىلگۈل قوشۇلغان زەپە چېيىدىن ئىچىپ راھەتلەنگەچ مۇڭدىشىشقا باشلىدۇق.

— قېنى، بايا دېمەكچى بولغان گېپىڭنى دېگىنە، ھە راست، كۆزۈڭگە نېمە بولدى؟ — دېدىم ئالدىراپ.

تاماقتا توغرالغان توشقان گۆشىنى يەۋېتىپ، ھايۋانلارغا چېتىشلىق بىر قانچە ئىش ئېسىمگە كېلىپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى، — دېدى دوستۇم سۆز باشلاپ، — ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىز چوڭ بولغان ئاشۇ چەت سەھرادا ئەينى چاغدا تۈرلۈك ھايۋان، ئۇچار-قۇشلار ناھايىتى كۆپ بولىدىغان. بىز ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى تۇتاتتۇق، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەيتتۇق. سەن ئالىي ئوقۇلغا ئوقۇشقا بىر كەتكەنچە مەركىزىي شەھەردە تۇرۇپ قالدىڭ. مەن سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىچىم پۇشسا بۇرۇن ئىككىمىز ئوينىغان سازلىقلارغا، توقايلىقلارغا، دەريا بويلىرىغا، ئورمانلارغا بېرىپ كۆڭلۈمنى خۇش ئېتىپ يۈردۈم. شۇ چاغلاردا مەن ئۇچراتقان بىر نەچچە ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ، خۇددى ھېكايىدەكلا. يەكچەشمە بولۇپ قېلىشىممۇ ئاشۇ «ھېكايە» بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

دوستۇم بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ئۇنتۇپ قالمىغان بولساڭ، سوپىسوپىياڭنى سەنمۇ بىلىسەن، ئۇ ئىنسانلارغا پايدىلىق قۇش. ئۇ زىيانلىق ھاشارات ۋە لىچىنكىلارنى ئوزۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپەيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

— ئۇ يەنە تېخى ھاۋارايىدىن مەلۇمات بەرگۈچى دېگىنە، — دېدىم دوستۇمنىڭ گېپىگە لوقما سېلىپ، — ئۇ نەي ئاۋازىغا ئوخشاش سايرىسا ئەتىسى جەزمەن ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ، مۈشۈك مىياڭلىغانغا ئوخشاش سايرىسا، ئەتىسى يامغۇر ياغىدۇ. ئۇ بەزىدە بىرەر ئۈگۈشسىزلىققا ئۇچرىسىمۇ ئاشۇنداق سايراپ كېتىدىغان. ئۇنىڭ رەڭگى قانداق بولىتتى؟

بوغۇزى، گەجگىسى ۋە قورسىقى سېرىق، دۈمبىسى بىلەن قۇيرۇقى قېنىق قارا، تۇمشۇقى توم، ئۇزۇن، ئاچ قىزىل رەڭدە كېلىدۇ.



— ھە، ھە، ئېسىمگە كەلدى، تېخى كۆز چانىقىدا ئىنچىكە قارا سىزىقى بارغۇ، — دېدىم ئۆزۈمنى باسالماي.

— ھەرنېمە بولسا ئۇنتۇپ قالماپسەن، — دېدى دوستۇم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىر كۈنى نەچچىمىز ئورمانغا ئوينىغىلى باردۇق، مەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۇتاش شاخلىرى ئارىسىدا بىر قۇش چاڭگىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم - دە، مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ چاڭگىغا ئىچىگە قولۇمنى تىقتىم. بىر نەرسە مىخ سانچىغاندەك چوقۇلىۋەتتى، «ۋايجان!» دەپلا قولۇمنى ئىتتىك تارتىۋالدىم، قولۇمنىڭ دۈمبىسىنىڭ ئىككى - ئۈچ يېرىنىڭ گۆشى تىتىلىپ، لۆمۈلدەپ قان چىقىۋاتاتتى. ئاچچىقىمدا چاڭگىنى چىڭ قاماللاپ يۇلۇۋالدىم - دە، غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتتىم. چاڭگىدا راۋۇرۇس پۇختا ئىكەن، بۇزۇلمىدى، ئەمما ئىچىدىن بىر ئانا سوپسوپىياك پۇررىدە ئۇچۇپ چىقتى، ياندىكى دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇپ مۈشۈك مىياڭلىغاندەك بىرخىل ئاۋازدا ئېچىنىشلىق سايراپ كەتتى. بۇ چاغدا پەستە تۇرغان دوستلىرىمدىن بىرى ماڭا قاراپ تۇۋلىدى:

— ھەي ئاداش، نېمە قىلاتتىڭ بىچارە قۇشنىڭ چاڭگىسىنى بۇزۇپ يەرگە تاشلاپ؟ قارىغىنە، تۇخۇمدىن چىقاي دەپ قالغان باچكىلىرى بار ئىكەندۇق، تۇخۇملار چېقىلىپتۇ، باچكىلىرى ھايات قالمايدۇ ئەمدى!

دەل شۇ پەيتتە، مېكىيان سوپسوپىياكنىڭ توختىماستىن سايرىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان بىر خوراز سوپسوپىياك نەلەردىندۇر ئوقتەك ئۇچۇپ كەلدى، ئۇ پەس ئۇچۇپ ئەتراپنى بىر ئايلاندى، ئەھۋالنى كۆرۈپ جۈپتىدىنمۇ ئېچىنىشلىق سايرىۋەتتى، ئاندىن ئاسمانغا تىك كۆتۈرۈلۈپ، ئارقىدىن تۈكلىرىنى ھۈرپەيتكىنچە ماڭا قاراپ ئۇچار نەيزىدەك شۇڭغۇپ كەلدى - دە، يۈزۈمگە ئۆزىنى ئۇردى ... «ۋاي ...» دېگىنىمنى بىلمەن، دەرەختىن يىقىلىپ چۈشتۈم، ئوڭ قولۇم بېغىشىدىن سۇندى، خوراز سوپسوپىياك تالىۋەتكەن يۈزۈم قانغا بويالدى ...

— يەنە بىر كۈنى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دوستۇم بىر ھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، — ھېلىقى دوستلىرىمدىن بىرسى ماڭا تۈنۈگۈن توقايلىقتا يانداش ئېكىنزارلىقتا بىرنەچچە قاپقان قۇرۇپ قويغانلىقىنى، قاپقانغا بىرەر ئولجا چۈشكەن بولسا، كاۋاپ قىلىپ يەپ كېلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. مەن ئەزەلدىن ياۋا جانلىقلارنىڭ گۆشىگە ئامراق بولغاچقا، ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم.

بىز دوستۇم قاپقان قۇرۇپ قويغان جايغا كەلدۇق. مەن قاپقاننى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، قاپقاندا توشقاننىڭ ئۈزۈلگەن بىر تال قانلىق پاچىقى تۇراتتى. يەنە قاپقاننىڭ قارشىسىنى بويلاپ ئېقىپ ماڭغان قان ئىزىغا كۆزۈم چۈشتى. ئېنىقكى، پۇتى قاپقانغا قىسىلىپ قالغان بىچارە توشقان ھاياتلىق ئۈچۈن تىركىشىپ، بىر ئامالالار بىلەن پۇتىنى ئامبۇردەك قىسىۋالغان قاپقاندىن ئۈزىۋېلىپ قاچقاندەك قىلاتتى. كۆڭلۈم ئەمەسلا بوپقالدى، ئىختىيارسىز قان ئىزىغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئەللىك قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن پاكار بىر دۆڭلۈككە يېتىپ كەلدىم، قان ئىزى مۇشۇ يەردە غايىب بولغانىدى. ئىككى چامداپلا پاكار دۆڭلۈككە چىقتىم، بۇ يەردە بولۇق ئۆسكەن كىچىك دائىرىدىكى بىر پارچە چۆپلۈك بولۇپ، چۆپلەر ئارىسىدا قورساق قىسمى بىلەن پۇتلىرى قانغا بويالغان، ئالدى پۇتىنىڭ بىرسى ئۈزۈلگەن بىر بوز توشقان سوزۇلۇپ ياتاتتى. تۇغۇلغىنىغا نەچچە كۈنلا بولغان ئۈچ دانە بۆجەن ئانىسىنىڭ باغرىغا چىڭ چاپلاشقىنىچە ئاجىزغىنە مىدىراپ ياتاتتى. مەن ئانا توشقاننىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق، قارىچۇقلىرى خىرەلەشكەن بولۇپ، كۆز جىيەكلىرىدە ياشقا ئوخشاش سۇيۇقلۇق پىلدىرلاپ قالغانىدى. يېرىم ئوچۇق ئاشۇ كۆزلىرىدە يەنە قانداقتۇر بىر سىرلىق، سوغۇق سوئال ئىپادىسى قېتىپ قالغانىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۆجەنلىرى ئۈچۈن قىسماقتىكى پۇتىنى ئۈزىۋېلىپ ئۇۋىسىغا قېچىپ كەلگىنى ئايان بولدى.

— ھەي، بۇياققا كەلگىنە! — دەپ ۋارقىرىدىم قاپقانچى ئاغىنەمگە. ئاۋازىم ھەم ئاچچىق ھەم قاتتىق چىقىپ كەتكەن چېغى، ئۇ يېنىمغا ئۇچۇپ كەلدى، كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن ماڭا سوئاللىق تىكىلدى.

— قارا، نېمە ئىش قىلىپ قويۇپسەن؟ كىچىككىنە نەپسىڭنى دەپ بىر جانغا زامىن بولۇپسەن، ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان نىمجان ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ قالاي دەپتۇ. نېمىشقىمۇ ساڭا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلگەندىمەن!

مەن ئىتتىك ئېڭىشىپ ئۈچ تال بۆجەننى چاپىنىمنىڭ پېشىگە يۆگىدىم، ئۇلارنى ئاۋايلاپ كۆتۈرگىنىمچە ئالدى - كەينىمگە قارىماي ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتتىم. يەتتە كۈندىن كېيىن ئىككى بۆجەن ئۆلۈپ، بىرسى ھايات قالدى، ئۇنى تۇجۇپىلەپ بېقىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن يايلاققا قويۇۋەتتىم. ھېلىقى ئاغىنەممۇ شۇ ئىشتىن كېيىن ھاۋانلارغا قاپقان - تۇزاق قۇرمايدىغان بولدى.

— ھېلىقى «پولات تاۋلاش» يىللىرىنى بىلسەڭغۇ، — دېدىم شۇ ئىشلار ئىختىيارسىز يادىمغا يېتىپ، — شۇ زامانلار كېلىشتىن بۇرۇن بىزنىڭ مەھەللە قانداق بۈك - باراقسان باغۋارانلىق، ئورمانلىق مەھەللە ئىدى - ھە! شۇڭىمۇ بۇ مەھەللىنى «قاراباغ» دەپ ئاتايتتى ئەمەسمۇ. مەھەللىمىزدە باغ بۇلبۇلى، مەھەللە بۇلبۇلى، قارابويۇن بۇلبۇل، قوڭۇر بۇلبۇل، توغراق بۇلبۇلى، تاغ بۇلبۇلى ... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاخشاملىرى بەس - بەس بىلەن مۇڭلۇق سايراپ كېتىشلىرىنى دېمەيسەن، تاڭ ئاتقىچە سايراپ چىقاتتى، مەن بۇلبۇل ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىم



... نېمە بولدى، بىلمەيلا قالدۇق، بىر چاغدا كەسكىن بۇيرۇقلار كېلىپ «پولات تاۋلايمىز ... مانچە يىلدا چەت ئەللەردىن ئېشىپ كېتىمىز ...» دېگەن پاراڭ چىقتى. ئورمانلار، مېۋىلىك دەرەخلەر كېسىلدى، يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاندى، غولى، شاخلىرى كۆيدۈرۈلۈپ رودىلار ئېرىتىلدى، پولات دېگەندەك بىر نېمىلەرنى تاۋلاش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. ھەممە يەر قاقاسلىققا ئايلاندى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بۇلبۇللار، بۇلبۇل ئاۋازى بۇ زېمىندىن يوقالدى. بۇ يەردە قۇشلار، ئورمانلار يوقىلىش بىلەن بىللە زېمىنمۇ قۇرغاقلاشتى، قۇرىدى. زىرائەتلەر بۇرۇنقىدەك ئوخشىماس بولدى، بارا - بارا يالتىراققا ئۆگىنىۋالدى، خىمىيەۋى ئوغۇت دېگەن نەرسىگە كۆنۈۋالدى.

— بۇنى بىر دېمە ئاغىنە، — دېدى دوستۇم ھەسرەتلىنىپ، — بولدىلا، گېپىمىزنى شاخلىتىپ ئىچىمىزنى تېخىمۇ ئاچچىق قىلمايلى. مەن بېشىمدىن ئۆتكەن يەنە بىر ئاچچىق ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي.

مەن ئۇنىڭ بايانلىرىغا ئەستايىدىل قۇلاق سالدىم.

— بىزنىڭ بىر بوغاز بايتىلىمىز بولىدىغان، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ قۇلۇنلىدى، قۇلۇن شۇنداق چىرايلىقكى، يايلىسى بىلەن قۇيرۇقى قارا، تېنىنىڭ رەڭگى ئوچۇق قوڭۇر كەلگەن چىلان رەڭگىدىكى قۇلۇن ئىدى.

— دادا، بۇ جانىۋارنى چىلانتورۇق دەيمىزغۇ - ھە؟ — دېدىم بايتال بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان دادامدىن سوراپ.

— ھە، ئۇ چوڭ بولسا چىلانتورۇق دەپ ئاتايمىز، — دېدى دادام.

— ھازىرچۇ؟ چىلانقۇلۇن دەمدۇق؟

دادام گېپىمدىن كۈلۈپ كەتتى:

— ئۇ بەش ئايلىق بولمىغۇچە قۇلۇن دەپ ئاتاۋېرىسەن، بەش ئايلىقتىن ئاشقاندىن كېيىن تايچاق دەيسەن. ئۇ ئىككى ياشقا كىرگەندە غونان، ئۈچ ياشقا كىرگەندە قونۇن، تۆت ياشقا كىرگەندە دۆنەن، بەش ياشقا كىرگەندە ئۆگى ئات، ئالتە ياشقا كىرگەندە ياكى ئۇنىڭدىن ئاشقاندا بەششە دەپ ئاتايسەن.

— ئاتلار ئادەتتە نەچچە ياشقا كىرگەندە قېرى ھېسابلىنىدۇ؟ — سورىدىم تېخىمۇ قىزىقىپ.

— 15 ياشتىن ئاشقان ئاتلارنى قېرى ئات دەيمىز. قېرىپ ئىشقا يارىماس بولۇپ قالغان ئاتنى ئازما ئات دەيمىز. يۇقىرىقىلار خۇددى ئادەملەرنى بوۋاق، بالا، ئۆسمۈر، ياش، ئوتتۇرا ياش، قېرى دەپ ئاتىغان بىلەن ئوخشاش، بالام. ئەجدادىڭدىن كۆچمەن چارۋىچىنىڭ پۇشتىسەن، بۇنداق ئاتالغۇلارنى بىلمىسەڭ ئاتا - بوۋاڭنىڭ قارغىشى تۇتىدۇ جۇمۇ ! — دېدى دادام ماڭا يالتتىدە بىر قاراپ قويۇپ.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، ھېلىقى چىرايلىق قۇلۇننىڭ غونان بولغان ۋاقتى. ئەمدى ئۇ كېلىشكەن چىلانتورۇق تۇسۇنتايىغا ئايلانغانىدى. مەن پات - پات ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتىم، توقايلىقتا ئۇنى چاپتۇرۇپ ئوينايتتىم، ئۇ كاساپەت خۇددى دۇلدۇلدەك ئۇچاتتى.

ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. غوناننىڭ ئانىسى — نېرىراقتا ئىشتىھا بىلەن ئوتلاۋاتاتتى. مەن چىلانتورۇق غوناننى يايلاق مىنىۋېلىپ توقايلىقتا ئۇياقتىن - بۇياققا چاپتۇرۇپ ئويناۋاتاتتىم. بايتال پات - پات بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قاراپ پۇشقۇرۇپ قوياتتى. ئۇقتەك ئۇچۇۋاتقان غونان بىر چاغدا نېمىدۇر بىر نەرسىگە پۇتلاشقاندەك بولۇپ تۇيۇقسىزلا ئالدىغا مۆدۈرۈپ كەتتى. مەن ئۈچ - تۆت مېتىر ئالدىغا قاڭقىپ چۈشتۈم. سۇرئەتنىڭ تېزلىكىدىن ئۆزىنى تۇختىتىۋالالمىغان ئۇچقۇر ئات مەندىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ قاتتىق كىشنىگىنىچە ئۈستۈمدىن سەكرىدى. ئەمما قايسى پۇتىكىن يوتامغا شۇنداق كۈچلۈك دەسسىلىپ كەتتىكى، ئاغرىق دەستىدىن بۆرىدەك ھۇۋلاپ كەتتىم. غونان مەندىن ئەپۇ سورىغاندەك ئۈستى - بېشىمنى پۇراپ، ئەتراپىمدا نەچچە مەرتەم پىرقىرىۋەتتى. لېكىن مەن چىدىغۇسىز بۇ ئاغرىققا پايلىيالماي، مېڭەمگە تېپىپ چىققان غالجىرانە بىر ئاچچىقنىڭ دەھشىتىدە چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم - دە، غونانغا قاراپ ئېتىلدىم. ئەمما ئۇ دەسسىۋەتكەن ئوڭ يوتامنى كۆتۈرەلماي يىقىلدىم، دەل شۇ چاغدا ئىككى قەدەم نېرىسىدا تۇرغان بىر تال سۆگەت بادرىسىغا كۆزۈم چۈشتى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىر پۇتلاپ سەكرەپ بارغىنىمچە بادرىنى قولۇمغا ئېلىپ غونانغا قاراپ ئېتىلدىم. ئۇ نېمىشقىدۇر قاچمىدى، مەن ھېچنەرسىنى ئويلىماستىنلا ئۇزۇن بادرا بىلەن ئۇنىڭ پۇتىغا كۈچەپ ئۇرۇۋەتتىم. غونان ئېچىنىشلىق كىشنەپ ئارقا سول پۇتىنى سۆرىگىنىچە قاچتى. مەن شۇئان يەنە جايىمدا ئولتۇرۇپ قالدىم، ئوڭ پۇتۇم ئاغرىقتىن باشقا ھېچنېمىنى سەزمەيۋاتاتتى. بايتال تايچىقىنى كۆرۈپ بوراندەك ئۇچۇپ كەلدى، بالىسىنى يالاپ، پۇراپ كەتتى، ئارقا پۇتىغا قاراپ كەينى - كەينىدىن يىغلىغاندەك كىشنەۋەتتى. غونان ئارقا سول پۇتىنى دەسسىيەلمەي سۆرىگىنىچە دىڭگوسلاپ قالغانىدى. ئانا بايتالنىڭ ماڭا قادالغان يوغان قارا كۆزلىرىدىن بىر ئۆچمەنلىك ئۇچقۇنىنىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بىر ھايۋانغۇ دېگەن ئوي بىلەن بۇ ئىشنى تېزلا ئۇنتۇپ قالدىم.

قان ئۇيۇپ كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن يوتام ئون بەش كۈنلەردە ئەسلىگە كېلىپ نورمال مېڭىپ كەتتىم. لېكىن چىلانتورۇق غوناننىڭ پۇتى سۇنغىنى ئېنىق ئىدى. چارۋا مال دوختۇرلىرى ئۇنى ساقايغان ھالەتتىمۇ مېيىپ بولۇپ قالىدۇ، يۈگرەلمەيدۇ، ئۈستىگە ئادەم مىنسىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ، دەپ يەكۈن چىقاردى. بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلاندىم، پۇشايمان قىلدىم. غونانغا ئىچىم ئاغرىپ نەچچە رەت ئۇنىڭ يېنىغا باردىم، لېكىن ئۇ مېنى يېقىن كەلتۈرمىدى، مەندىن دۈشمەندىن قورققاندەك ئۈركۈپ



قاچتى، بايتالمۇ قاتتىق ئاۋازدا كىشنەپ ھازىرلا مېنى دەسسەپ ـ چەيلەيدىغاندەك ئەلپازدا ئالدى پۇتلىرىنى تىك كۆتۈرۈپ ئىگىز ـ پەس شىلتىپ كەتتى. مەن ئانا ـ بالا ئاتلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئەجەبلەنسەممۇ، ئانچە تېرەن ئويلاپ كەتمەپتىمەن.

شۇ ۋەقە بولۇپ ئۇن ئالتىنچى كۈنى شەھەرگە بىر ئىش بىلەن ماڭغان دادامنىڭ جېكىلىشى بىلەن ئېغىلغا كىرىپ ئات ئوقۇرىغا قۇرۇق چۆپ تاشلاۋاتقىنىمدا، ماڭا سوغۇق نۇرلار چاچرىتىپ چەكچىيىپ تۇرغان يوغان بىر جۈپ قارا كۆزلەرگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، تېنىم شۈركەندى، بۇ غوناننىڭ ئانىسى بايتالنىڭ كۆزلىرى ئىدى. كۆڭلۈمدە بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بىشارىتى ئەكس ئەتكەندەك بولۇپ شۇنداق بېشىمنى كۆتۈرۈشۈمگە، ئوقۇر ئۈستىدىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر تومتۇۋاقلىق پۇت «قارس» قىلىپ ئوڭ كۆزۈمگە تەگمەسمۇ، ۋايجان دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئىككى مېتىر نېرىغا دومىلاپ كەتتىم ...

ساق بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن كېيىن ھوشۇمغا كەلسەم دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. دادامنىڭ دېيىشىچە، بايتال مەندىن تايچىقىنىڭ ئۆچىنى ئاپتۇ. مەن بىر كۆزۈمدىن ئايرىلىپتىمەن. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، بايتال بىلەن غونان شۇ كۈنى كېچىسى بىزنىڭ بۇ ئائىلىدىن غايىب بوپتۇ. ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى داداممۇ بىلمەيدىكەن.

ــ ھايۋانلاردىمۇ مۇھەببەت، نەپرەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئۆز ھوقۇقىنى قوغداش ئېڭىنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك ئىدى! ــ دېدى دادام يەكپاي كۆزۈمگە مىختەك قادىلىپ.

ئۇنىڭ بۇ كۆزلىرى خۇددى ھېلىقى ئاتنىڭ كۆزىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى، تېنىم شۈركەندى ...

ــ كېيىن ئۇ ئاتلارنى تاپتىڭلارمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم تەقەززا بولۇپ.

ــ ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتسىمۇ ھازىرغىچە ئىزدەۋاتىمىز، تاپالمىدۇق. لېكىن ئۇ ئاتلار تېرە تاشلىغان ھالەتتىمۇ مەن ئۇلارنى تونۇيالايمەن، ــ دېدى دوستۇم ئۆكۈنۈش ئىچىدە.

ھەر ئىككىمىز ئۈنسىز ھالدا خىياللار دەرياسىغا چۆكۈپ كەتتۇق ...

ئاپتور: باينىغولىن گېزىتىدە

(بېشى 30 ـ بەتتە)

سەن تولىمۇ چاندۇرماي يىغلاۋاتاتتىڭ ...

ــ نېمانچە باغرىڭ يۇمشاق سېنىڭ؟ نېمانچە مۇلايىم مەھبۇبسەن؟ مېنى ئەسىر قىلدىڭ ئەي باغرىم! شۇقەدەر ئەسىر قىلغىنىكى ئۇنىڭدىن سېنى تاپاي!... ساڭا بارلىقىم پىدا بولسۇن!!! ...

ــ رەھمەت تاتلىقىم!

... كۆڭلۈم زادى نېمىدىن سۇ ئىچىدىغانلىقى ئېنىق بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىر ئوتتا كۆيۈۋاتاتتىم.

بۇ قانداق ئوت؟

كۆيۈكتىن شادلىق ئىزدەيدىغان ئوت.

بەلكىم قۇياشمۇ ئېرىپ كېتىدىغان ئوت.

بەلكىم، كۆيگىنىنى شۇ قەدەر يوشۇرىدىغان ئوت ...

... ... ... ..

ــ جۆرە ئاداش بىر دەم كۆڭۈل ئاچلى ...

ــ ۋاي تېخىچە ئەملىك ئۆسمىدىما؟

ــ بەك ھاماقەت ئاشىقكەنسەن، خوتۇن خەق دېگەنگىمۇ شۇنچىلا ئەقىدە قىلىش كېتەمدۇ دەيمەن؟

ــ ئىچىڭ پۇشامدۇ سېنىڭ؟

ــ شاھ مەشرەپتەك بولمىقىڭ بەسى مۈشكۈل ... .

ــ توت ... توت ... توت ... دۈت ـ دۈت ـ دۈت ...

ــ كەلسىلە مېھان كەلسىلە، كۆڭۈللىرى نېمە تارتسا، نېمە يېسىلە شۇ با ...

رېئاللىقتىن ئاللىقاچان چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدىم. چۈنكى، سۆيگۈ رېئاللىق بىلەن چىقىشالمايتتى ... سۆيگۈ كۆڭلى يوق بىلەن چىقىشالمايتتى ...

سۆيگۈ ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن چىقىشالمايتتى ...

... ئەمىسە نېمىنى خالايمەن؟

بىر ئوتنى ... .

ئاھ، بەرباد قىلغۇچى سۆيۈملۈك ئوت، ئاھ، يەكۈزگۈچى ئوت!...

ئۇنىڭ بويىنىدىكى ھالرەڭ شارپىسى ئىسسىق ياشلار بىلەن نەمدەلگەنىدى ... ئۇ تېخىچە شۇنداق چاندۇرماي يىغلاۋاتاتتى ... ئەسلىدە سۆيگۈ گۈلى ھىجران ياشلىرى بىلەن ياشىرىپ تۇرسا كېرەك، شۇڭا دەيمەن، سۆيگۈ ئۆلمەيدۇ دەپ ...

... زادى نېمىنى خالايدىغاندىمەن؟

ئادەمنىڭ تولا ئۆمرى بىھۇدە ياشلار بىلەن خورايدىكەن، چاتاق يېرى بىھۇدە ئىش قىلىۋاتقانلارنىڭ شۇ ئىشنى بىھۇدە ئەمەس دەپ قارىۋېلىشى ئىكەن ...

... كۆڭلۈم زادى نېمىدىن سۇ ئىچىدىغانلىقى ئېنىق بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىر ئوتتا كۆيۈۋاتاتتىم.

ئۇ تېخىچە چاندۇرماي يىغلاۋېتىپتۇ ... بەلكىم ئۇمۇ بىللە يىغلاۋاتقاندۇ؟ ...

مەنىلىك بىر ئوت مېنى ھامان بىر يۈكسەكلەرگە باشلايتتى ... ئازابلىق ئەمما مەنىلىك كۆتۈش ... ھامان دىلىمنى نەمدەپ تۇراتتى ...

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدە




### ئېگىز ئاسماندا قۇش ئۆلمەس

يولۇڭغا يۈرىكىم پايە، ئۆتى گۈلخانلىرىڭ بولسۇن،
كۆزۈم كۈندۈزدە كۈن، تۈندە يورۇق چولپانلىرىڭ بولسۇن.

ئېگىز ئاسماندا قۇش ئۆلمەس، سېنىڭ باغرىڭدا شۇڭقاردىم،
كېلەرگە گۈندىخانەمگە ھامان ئىمكانلىرىڭ بولسۇن.

ياسايمەن ئۇستىخانىمدىن ئېتىڭغا تۆت تاقا ئەلھەق،
تېنىمدىن قامچا ئەشمەككە لەۋز ـ پەرمانلىرىڭ بولسۇن.

تىلەيمەن كىرپىكىم قاقماي ئاياغىڭغا چىمەنلەرنى،
پورەكلىك غۇنچە كۆكسۈڭدە گۈلۈڭ ـ رەيھانلىرىڭ بولسۇن.

ئەزەلدىن تەقدىرى قىسمەت ئىمىش ئاشىققا سەرسانلىق،
باياۋاندا جېنىمنى ملىڭ قىلاي، كارۋانلىرىڭ بولسۇن.

قازارمەن چىن مۇھەببەتكە ھاياجانلىق بۇلاقلارنى،
قېنىپ بىر ئوتلىغىن، ئاندىن ئىشق تۇغيانلىرىڭ بولسۇن.

كېلە يار، لەۋلىرىڭ بىرلە دېمىدە سۈيىنى بەرگىن،
مېنىڭدەك خارۇزار ئاشىق سېنىڭ قۇربانلىرىڭ بولسۇن!




### ئاق ياقۇت

ئاق بۇلۇتتەك كۆكتىكى ساھىبجامال نەلەردىدۇر؟
چۈشلىرىمدە جىلمىيىپ تۇرغان ئايال نەلەردىدۇر؟

«ئاق سادا، ئاق بوشلۇقۇم، سەن ـ سەن نازاكەت كۆزنىكى»①،
تۈنلىرىم يۇلتۇزغا زار، ئەرشەن قارال نەلەردىدۇر؟

قىپقىزىل لەۋلەردە ئاق ئەترەم ئېسەدەپ توزۇغاي،
تامچە سۇ ئالماققا خۇمرامىغا ساپال نەلەردىدۇر؟

ئەي قىزىل رەڭ، شارقىراپ ئاقتىڭ سۆڭەكنىڭ قېتىدا،
بىغۇبار قۇم ئاق چېچەك ئاچقان خىيال نەلەردىدۇر؟

گۆركىرەپ كەلگەن ھالاكەتتىن قارايدى شوللار،
كۆرمىكىم يوقتۇر تولۇن ئايىنى، ھىلال نەلەردىدۇر؟

ئاق يوتا، ئاپئاق بېلىقنىڭ كۆكسىدەك تىترەشلىرى،
ساھىلىمنى يۇتۇۋالغان ئوت ئارال نەلەردىدۇر؟

قانسىراقلىق يۈرىكىم، ئايلان يۈرەككە ـ كەل قېنى،
سەن كەبى ئاق ياقۇتۇم، مەۋھۇم ۋىسال نەلەردىدۇر؟

---

① بۇ مىسرا شائىر ۋارىسجان قاسىمنىڭ.



## قىزىل چىراغنى كېسىپ ئۆتۈش

كۆندە غايىب، تۈندە يوق دەردىنىڭ داۋاسى، دەردىمەي،
كۆزلىرىمدە ئاي ئەمەس، ئاينىڭ قىياسى، دەردىمەي.

چاقمەن قۇلۇپنى ئاستا پۇتلىرىمدىن بىر مۇبىر،
تەنگە يەتكەي لەھزە دەپ جانىنىڭ رىزاسى، دەردىمەي.

مەن پەقەت يولدىن ئۆتەرمەن، قىپقىزىل ياندى چىراغ،
ئۆتمىكىمنىڭ ئاخىرى باردۇر ئاداسى، دەردىمەي.

ئۆتمەن ئۇ چەتكە ئەمدى، قايتمەن ئاندىن چوقۇم،
تاشقا يەر بار، قۇش دېسەم باردۇر ساماسى، دەردىمەي.

ماۋۇ تاشنىڭ دەردى يوقكەن، يۈرىكىممۇ لىق ئىدى،
سايدا قالغان ئېھتىمال تاشنىڭ ياراسى، دەردىمەي.

كىم مېنىڭ ئالدىمدىكى؟ ياق، تامدىكى سۈرەتقۇ سەن!
بۇندا يوق مەن كىرگىلى توشقان ئۇۋاسى، دەردىمەي.

ئۇچىدۇ ياپياش دەرەخنىڭ ياپرىقى شاخ ـ شاخىدىن،
سۆڭىكىمدە ئۇيغاي تۈننىڭ ھاۋاسى، دەردىمەي.

دەسسىمە تورمۇزغا ئەبلەخ! يوق كىشىم دەۋا ئۈچۈن،
ئاھ، سەتەڭ چوكان ئىكەن — كۆزنىڭ قاراسى، دەردىمەي!

تۇۋلىدىم جەھلىم بىلەن، سالدىم ئىچىمنى لەرزىگە:
مەن غېرىبنىڭ بارلىقى يەكتا خۇداسى، دەردىمەي...

## يارغۇنچىقىم

سەن ئېسىمگە يادىكار قالغان بىسات يارغۇنچىقىم،
ئاقسۇزۇكنىڭ يارمىسى خۇددى ناۋات، يارغۇنچىقىم.

شۇمىكىڭنى چۆرگىلەپ ئۇچماقنى ئەتسەڭ ئىختىيار،
جان ئانامنىڭ قوللىرى بولغان قانات، يارغۇنچىقىم.

ئايدىڭىم ئايدىڭ تېخى، چۆچەكلىرىمگە سەن گۇۋاھ،
شەھرى باغدادتىن كېلۇرمۇ شەھرىزات، يارغۇنچىقىم؟

پىل چىشىدەك دانە ـ دانە تەندە جانىنىڭ يارمىسى،
قان بىلەن روھىمغا سەن بەرگەن سۇبات، يارغۇنچىقىم.

بىر تېشىك مەزلۇم ئانامدى، بىر تېشىگىدى جان ئاتام،
جۈپتى يوق تاشتۇر يېتىم ئۆتكەن ھايات، يارغۇنچىقىم.

يەر بىلەن ئاسماننى جۈپلەپ مەن ساڭا قىلدىم قىياس،
ناتىۋان رىشتەمنى چاتتىم قاتمۇقات، يارغۇنچىقىم.

قۇشمىكىن، يارگۈلمىكىن ئۇچقان بېشىمدا چۆرگىلەپ،
مېنى ئۇنتۇپ كەتمىگەي ھەردەم مامات، يارغۇنچىقىم.

ئۆگۈتۈم — غەم، تارتقىلى خورجۇنلىرىمدا لىقمۇلىق،
مەن يېتىملار روھىغا قالغان زاكات، يارغۇنچىقىم.

ئېزىلەرمەن يارمىدەك، ئاندىن كېتۈرمەن بىر يولى،
بولمىغان دۇنيا قېنى كىمگە رابات، يارغۇنچىقىم؟

## يېڭىسار قايراقلىرى

ئۆستىدە چۆللەر سەرەتان يېڭىسار قايراقلىرى،
قۇمغا ئايلانغان توزۇپ غۇربەتتە تاش ياپراقلىرى.

قېنى ھەيۋەت چوققىلار، ئۇچقاي لەپىلدەپ ھېچنېمە،
كۆكتە سۇمۇرغقا قانات بولغانمىش باير اقلىرى.

باغرىدىن ئۆتكەن شامالغا ئوت كېتەر مۇز تاغقچە،
سايداشقا پاتمچۇقلار يوق گىياھ ـ قامغاقلىرى.

ئىستىسەڭ ئالتۇن تېپىلماس، پاقىراپ قالغاي كۆزۈڭ،
تاشقا ئايلانغان جەسەتنىڭ تاشتىدۇر بارماقلىرى.

يەردە سۇ ھەم كۆكتە سۇ، تاشلايدۇ قايراققا مېنى،
ئايدىڭى ئۆچكەن خىيالنىڭ ئايدىكى قولۋاقلىرى.

تاغ دېگەننىڭ سۇرى باردۇر بۆرىلەرنىڭ كۆزىدە،
تاغنى قايراق ئەيلىگەندۇر تەڭرىنىڭ چاقچاقلىرى.

مەن غېرىب توشقاندىمەن بۇندا تېنەپ يۈرمەك نېمە،
ھدى كەلمەس، تىۋشى يوق، قايدىدۇر قالجاقلىرى؟

ئاقىدۇ نەلەردە دەريا، بىر قېنىپ سۇ ئىچمىدىم،
تۆكۈلەر قايراققا سەرسان بۇ كۆڭۈل تۇپراقلىرى.

ئاھ قەلەندەرلىك، ماڭا شاھلار ھۇزۇرى سەندىدۇر،
ئۇچرىماس چۆلدە قاراقچى، سۇدا يوق قارماقلىرى...

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيەلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە



# تەلەيلىكمەن، تەلەيسىزمەن

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران

## ئوت يىلى

كونا يىلنىڭ تاموژنىسىدىن
گۇرۇلدىگەنچە ئۆتتى بىر ئوت
پاسپورتىدا ئوت تامغا
چوغ كۆچۈپ كەلگەن بارچە ئوچاقتىن
ئۇ ياشىغان تۆت تامغا
كۆيەر ئىزلىرىغا ئەگىشىپ
ئوت مەسەللىك گۇر - گۇر كۆلەڭگە
كالېندارنىڭ قالدى ئېسىدە:
مۇز تۇتقان كۆڭۈلدە يىغلاۋاتقان ئوت
توڭلىغان كۆڭۈلگە بولدى سەرەڭگە...
رىۋايىتىدە دۇنيانىڭ
ئوت كەتتى يېڭى بىر قىسسەگە
يېڭى غەزەل تاپتى پىرچەڭگە[1]...

ئوت ئوتنى ئۇلغايتتى، يالقۇن يالقۇننى
يالقۇن جانغا ئىگە قىلدى ئالتۇننى
مۇز مەۋجۇتلىقىدىن قالار بۇ يىل
قاپلار ئوت نوپۇزى يۇرتنى، ئەلكۈننى
ئەلمىساقتىن ئۆچمەي كەلگەن ئوت
كۆرەر ئىككى ئوتتا يېڭى دۇربۇننى...

ئوت كۆيدۈرۈپ ماغار ھەممىنى
كۆيۈپ باققان بىلەر بۇنىڭ تەمىنى
چۈشسە كۆيۈك يۈرەك كۆيۈك يۈرەككە
شاھ ئوردىسى قىلار ھەتتا گەمىنى

ئوت ئوتتا كۆيدى، ئوت كۆيگەن يەردە
بولماس قاراڭغۇلۇق، بولمايدۇ ھەم جۇت
تۇتقۇزدى كۆڭۈل كۆڭۈلگە تەمتەك[2]
ئىتتىپاقداش دۆلەتلەردەك
تەكشۈرۈشنى كەچۈرۈم قىلغان
ئەمدى ئىككى ئوتقا كەتمەيدۇ پاسپورت
تەھرىرلەپ غارىمدا مەشئەلنى
توخۇ يىلى دېگەن مۆچەلنى
ئۆزگەرتمەكتە ئوت يىلغا ئوت

① پىرچەڭگە — رىۋايەتلەردىكى ناخشا پىرى
② تەمتەك — يول خېتى

## تەلەيلىكمەن، تەلەيسىزمەن

مۇشۇ كەمگىچە
گاھ بازاردا، گاھى مازاردا
قىسمەت سايەمدەك مېنى ماردى
بىر ئاي ئالدىدا
بىر سومكىنى كۆردۈم دالدىدا
تەلەي دېگەن لىققىدە ئىدى
ھايات ئىشارىلەپ ماڭا سومكىنى
ياشلىرىمنىڭ كەينىدە تۇرۇپ
كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قارىدى
بىلسەم ئۆتمۈشۈمنى قىلماققا ئوسا
كەپتۇ ئېتىزىمنى ئەيلەپ تۆت چاسا
ئۈنۈپ چىقار بەلكىم
ئۇرۇق، تۇپراققا بېقىپ بۇغداي ياكى چىم
ئاتقاندا قەدىناسلىق چوغدەك بىر چۆچەك



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پاژ قىلىپ قالدى يۈرەك
بۆرە پەسلىم
قېقىرىمغا سەلدەك تارىدى

خامىنىمدا لىققىدە چەش
نە مۇمكىن بۇ چەشنى گىر بىلەن ئۆلچەش
تەلەي دېدى چەشنىڭ ئېتىنى
قىرانلىق لەززىتىنى جېنىمغا قويۇپ
قۇرۇغان قوۋزىقىمنى شارت - شۇرتلا سويۇپ
تۇتقۇزدى يانچۇقۇمغا
مىسكىنلىكنىڭ ئۆلۈم خېتىنى
«تەلەيلىكسەن!...» دېگەن بىر سادا
بايرىقىغا ئەيلىدى خادا
دەپتىرىمنىڭ ئىچى، تېشىنى...
تەلەيلىكمەن دېدىم تۇنجى رەت
كۆرۈپ قالدىم، مۇھەببەت —
سىلار ئىدى يۈرىكىمنىڭ قېتىنى

ئاچتىم ئىشىكنى
تۇراتتى يەرگە جىجىلانغان
«تەلەيسىز مەن...» دېگەم ئىمزايىم.
ئەتەم يات ئۆيدە قىسار بويىنىنى
جېنىمغا قاراڭغۇ تۇتقان - قويغىنى
ئوڭۇم سوقۇلۇۋېرىپ چۈشۈمگە
كۈتكىنىم پۈتلىشىپ كۈتمىگىنىمگە
قەلبىمنى چۆكتۈردى ئۆزىگە جىمجىت
ئۆزۈمدىن ئەل بولۇپ چىققان ئىمزايىم...
تەلەي بىلەن ئارامدا
لىق تولدى بىر پىراق يارامدا
ۋىسالمۇ، پىراقمۇ ئەمدى ئىمزايىم؟...

## بىر جۈپ شېئىر

ھەسرەتنىڭ قۇملۇقىغا كۆمۈلگەن
ھەر بېتىگە تەلەيسىزلىكنىلا سۈمۈرگەن
مومىياغا ئايلىناي دېگەن بىر داستان
ماڭدى مۇزېيدىن بەتكە
قۇمدەك ئۇۋۇلۇپ كەتكەن
ھەر ئۇۋاقچىسىغا مىڭ دەز كەتكەن
كۆل تېگىدىكى چوغ يۈرەكتىن چىققان شامالنىڭ
ئىللىق - ئىللىق پۈۋلىشى بىلەن...
ئىچىدە ساقلاپ كەلگەن چوغى
يالقۇن بولۇپ تىرىلگەن چېغى
قىپقىزىل بىر توپ يۇلغۇن
كۆتۈرۈلدى قۇم تېگىدىن بىخلاپ - بىخلاپ
كۆكتىن كۈننىڭ، ياندىن چوغنىڭ سۆيلىشى بىلەن...

ماڭدى بۇ ياقتىن بىر شېئىر
ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان
خىيالدا سىزىپ ساقلىغان
تونۇش بىر شېئىرغا كۆڭلى تارتىپ...
ئىزدىگىنى تاغ ئىچىدە ئۇچرىدى
مىسرالار مىسرالارنى ئۇچلىدى
ئىككى كۇپلېتلىق كارۋان
جۆنىدى بىر شېئىرغا يانمۇيان
تۆگىلىرىگە بىر - بىرىنى ئارتىپ...

بىر جۈپ شېئىر
قاپىيەسى توق كەلگەن
تۇراق، رىتىملىرى شوخ كەلگەن
بىر بېيىتنىڭ جۈپ مىسراسىدەك
ماڭدى كىتاب تامان گىرەلىشىپ...
قەلەم يورغىسىغا كىردى
كۆڭۈل تەننى جەننەتكە ئەكىردى
تۇزۇدى قارا كۈنلەر خىرەلىشىپ...

بىر جۈپ شېئىر
ئۇۋا سالدى ئىككى تەندە بىرلا جان
كۈلدى داستىخاندا پورەك - پورەك
تۇزغا چىلانغان ئىككى توغرام نان

## ئۇ قاتتا بىر ئالما

قۇرۇۋاتقىنى بىلەن كۆكلەۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان شاخ
يا سېرىق ئەمەس يا يېشىل ئەمەس ياپراق
رەڭگىنى بىكىتمەك تەس يېرىلغان قوۋزاق
بىر ئالما كۆزگە چېلىقار ئۇندا
يېرىمى قىپقىزىل، يېرىمى سېرىق...
ئۆز تەمىدىن كەتمىگەن پۇراق
ھۇشسىز ئېچىرقىشىڭنى قىلار پاتپاراق
ئۇ ياقتىن ئەسكەن شامالغا ئەل بولسا دىماق
سېرىق سۇ قەلبىڭدە ياسايدۇ ئىرىق...

ئۇ قاتتا بىر ئالما
سىنچى كۆزۈڭدىن قۇتۇلالماس
پوستىدا كۈن ئەمەس، قۇرتنىڭ ئىزى...
غولىدا نەم دىدارى يا بار يا يوق
بىر ماددىسى بەك كەم، بەك ئارتۇق
كۆۋرۈك بۇزۇۋېتىلگەن
ئاپتاپ ئۈزۈۋېتىلگەن
ئۆزى ئۆزىگە لەخمە ياساپ يەر تېگىدىن
ئۆملەر دەريا تامان يىلتىزى...



ئۇ قاتتا بىر ئالما
تىكەنلىك سىمدا قاشالانغان
ئۈستى نامەلۇم جىسمدا يېپىلغان
ئاسار ئەتىقچى ئارخېئولوگنىڭ ئويىدا
ئۆلچەملىك ئالما ئۇ تۆت ئىقلىم ئارا
يامغۇردا ئەمەس، قاردا تېپىلغان

ئۇ قاتتا بىر ئالما
سۆيگە قېنىپ باقمىغان
ئالما سۈرىتىدە يېنىپ باقمىغان

**ئاتمىش**

ئاتمىش دېگەن سان
سەن تەرەپتىن كېلىپ ئەتىگەن
جېنىمغا سۇ قۇيدى ئەسلىمە
ئويلىرىمغا يېپىلىپ تېرەن

پەيغەمبەر يېشىغا ئەڭ يېقىن ساندۇر
ئاتمىش دېگەن
نەۋائىيمۇ ئۆمۈر قېقىدىن
ئاتمىشنى يېگەن

نۆلنى چۇۋۇپ ساناقلىرىمدىن
بارمىقىمغا تېرىدىڭ سۈرەن
شۇ كۈندىن باشلاپ
كۈن تۈننى تاغقا كۆمۈپ قويۇپ
ئاتمىش قېتىم كىردى ئۆيۈمگە
تۇمشۇقىدا شۇ كۈنكى ئۆلەن
كۆزۈمدە ئۇيۇپ قالدى ئاتمىش دېگەن سان
ۋە بىر ـ بىرىدىن ياغ تارتقان جۈپ تەن...

ئاپتور: «كىروران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە



# سەھەرلەردىن ئىزدىدىم سېنى

راھىلە توختى

## كۈسەن قىزى

ئۆتمۈشۈڭنىڭ چەكسىز پاكلىقى،
دولقۇنلىسۇن تومۇرلىرىڭدا.
يىلتىزلىرىڭ كۆمۈلگەن مىڭئۆي،
ئېپار چاچسۇن زىناقلىرىڭدا.
كۈسەن روھى تىنىقلىرىڭدا،
يۈرىكىڭدەك تۇرسۇن ياشىرىپ.
سۆيۈملىككى سايرىغان قۇشتەك،
بەختىڭ ئۆتسۇن ھەردەم كۆكىرىپ.
باغلىرىڭغا باشلا قۇياشنى،
سىرلىرىڭنى سەزسۇن يۈرىكى.
ئاۋازىڭدىن مەست بولغان بۇلبۇل،
مۇڭلىرىدا كۈسەن چېچەكى.
كۈسەن قىزى — ئۇيغۇرنىڭ قىزى،
قەدىمىڭدە ئەجدادلار ئىزى.
غۇرۇر، پەخىر سەلتەنەتىڭدە،
ئاتالغايسەن زېمىننىڭ كۆزى.

## سەھەرلەردىن ئىزدىدىم سېنى

سەھەرلەردىن ئىزدىدىم سېنى،
سەھەرلەرگە سىڭىپ ھەر كۈنى.
تۇيغۇلىرىم ئۆتتى بېغىڭدىن،
بولۇپ گويا تاڭنىڭ سەلكىنى.

سەھەرلەردىن ئىزدىدىم سېنى،
دەريالارنىڭ بولۇپ دولقۇنى.
تەنھا تاشقا قالدىم يۆلىنىپ،
ساھىللارنىڭ بولۇپ تۇتقۇنى.

سەھەرلەردىن ئىزدىدىم سېنى،
تارالغاندا نۇرلار يالقۇنى.
ئىزلىرىڭدا ئېزىقىپ يۈردۈم،
جىسمىڭ قېنى؟ ھېسلىرىڭ قېنى؟

ئاپتور: جۇڭگو خەلق بانكىسى كۇچا ناھىيەلىك تارماق بانكىسىدا

www.uyghurkitap.com



# بىر سىقىم نۇر، بىر ئۇچۇم سايە

قەھرىمان روزى ئەرچىن

## كېچىگە كىرىش

كېچىگە كىرسەم
يېپىلار يۇلتۇزلارنىڭ ئىشكى.
كېچىگە كىرسەم
ئېچىلار ئەترگۈلنىڭ ئىشكى.

ئىچىمدە مىڭ يۇلتۇز،
ئەترگۈلنىڭ ياپرىقى كۈندۈز.

كېچىگە كىردىم، يېپىلدى ئىشىك،
ئىچىمگە كىردىم، ئېچىلدى ئىشىك.

كۆرۈۋالاي كېچەمدىكى قىز،
قارا لىباستىن چىققىنە تېز!

## جىمجىت سادا

1
چۈشكە باشلاپ بۇ كېچە
كىردىڭ ئايىغاق چۈشۈمگە.

2
رىلىسلىق چۈش يولى تۈتاشقان ھەيۋەت
ئاي پاتقان كېچىدە قۇياشقا پەقەت.

3
قۇرلار پۈتۈپ ئۆلۈمگە،
ئوقۇپ بەردىم گۈلۈمگە.

4
سەگەك تۇرغان كۆزۈڭدە
چۈش كۆيلىرى چاپىدۇ
ئويۇپ قەلب تۆرۈڭدە.
كۆيلەر گۈلنى تاپىدۇ.

5
ئېزىقار چۈش يولى بىرلا رىتىمدا
ئېزىقار چۈشۈمدە جىمجىت بىر سادا.

## يارسىز كېچە

تىرىلمىدىم تا تاڭ ئاتقۇچە،
توقۇلماقتا ئاينىڭ كۆينىكى
تار ئۆزۈلگەن شۇ ئايسىز كېچە.

بولۇپ قالسا بۇ كېچە پۈتۈن
تۆتتۇلاقنىڭ سۇنغان پايىسى
بىر تال چوغدۇر پەقەت سەن ئۈچۈن.

چېچەكلەيدۇ بىزدىكى باھار
يۇلتۇزلىرىم جىمجىت ئاخشامدا
چاراقلايدۇ قاتار ۋە قاتار.

پىلسىراتتىن ئۆتمەكتىمەن يار؛
كاككۇك كەبى ئۈنلىشىڭ ئارا
سۇمبۇل چېچىڭ بولدى ماڭا دار.

## بىر سىقىم نۇر، بىر ئوچۇم سايە

قۇش يۇرىكى يۇلتۇزسەن،
كۆيۈۋاتقان كۆكسۈمدە.
بىر تال قىلدىن ئۆتمەن،
پارلاپ تۇرغان بىر قۇياش
قاراپ تۇرار ئۇستۇمدە.

ئوك قاناتىم يورۇق ئاي،
سول قاناتىم قاپقارا.
تۈن كېچەمنى يورۇتقاي،
يۇلتۇزلارنى كۆيدۈرگەن
بىر سىقىم نۇر تەن ئارا.

مۇدھىش كېچەم قاپقارا،
دەپتەرلەرگە تولماقتا.
يورۇق كۈن ۋە تۈن ئارا،
ئوك قاناتىم قىش تامان
ئوت ئىچىدە سولماقتا.

سانسىز كېچەم تىنغ ئۇرار،
بىر تال قىلدىن ئۆتكۈچە.
زىمىستاندا تىك تۇرار،
چەكسىز نۇرنىڭ ئىچىدە
يۇلتۇز كەبى ھەر كېچە.

## ئۈچ كېچە مونولوگى

بىرىنچى كېچە
لەك ئۇردۇ تەندە كېمە پىرىستان تامان؛
كېچە كۆيگەن ئۆركىشلىك يامان،
لەڭگەر تاشلاپ چايقىلىدۇ ساھىلىڭدا جان.

ئىككىنچى كېچە
ياسىلىپ چىقىدۇ كېمە گەۋدىسى،
سۇنۇپ تۇرار ئۇنىڭ ماچتىسى،
مۆگدەپ قالسا كېمە ماتروسى.

ئۈچىنچى كېچە
تەنھا كېمە كۈتەر يولۇچى،
بۆلۈملىرى قۇرۇقتۇر، قۇرۇق،
كېمىلەر جىم، دېڭىزلار ئۇلۇغ.

## تىل ئۇربىتاسى

داۋاملىشىدىغان جىنايەتتىن سەن كەلدىڭ
ئۇزاق ئاچچىق كۈتۈشلەردىن سەن كەلدىڭ
سەۋەبى يوق بارلىقىڭدىن سەن كەلدىڭ.

ئاسمىنىڭ ئۆز يولىدا كېتىۋېرەر
سەن كەلگەن بارلىقىڭغا كېتىۋېرەر.

ئاينىڭ يالىڭاچلىقىدا كۈنىنىڭ بەختى بار
قۇياشنىڭ يالىڭاچلىقىدا ئاينىڭ تەختى بار.

تىلنىڭ تىلىكى ئۆز ئوربىتاسىدا
تىلنىڭ قىيامى ئۆزىنىڭ قىنىدا.
تىلنىڭ زەھرى تىلنىڭ تېشىدا-
بىر مەركەزگە تاشىدۇ قارا.

ئىچمەكتىسەن تىل قىيامىنى
ئۆلۈپ كېتەر تىلنىڭ يامنى.

## كۆيۈك تىل قوشىقى

تىلىم كۆيگەن
دىلىم كۆيگەن،
كۆيۈپ، كۆيۈپ
ئاينى سۆيگەن.

ئېتىلمىدى تىلىم ئوقتەك،
توڭلاۋاتار ئۆيى يوقتەك.

ئاتماس كېپەك
مەغلۇپ ئوۋچى.
بولۇپ كېچە
ئېتىلغۇچى.

ئىچى-تېشى تاشتەك قاتقان -
تىلىم چۆلدە ئۇخلاپ ياتقان.

تىلىم قۇرۇق،
دىلىم قۇرۇق.
يارنىڭ لېۋى
تىلىمدا يوق.

ئاپتور: باي ناھىيەلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە




## پەرىشانلىق بايرىمى

پەرىشانلىق بايرىمى
ھېچكىم يوق
قەلبىڭنىڭ دېرىزىسى ھەسەن - ھۈسەندەك

سوزۇلار...

پەرىشانلىق بايرىمى
ھېچكىم يوق
قەلبىڭنىڭ دېرىزىسى ھەسەن - ھۈسەندە
توزار...

## ئۇيقۇ دەرىخى ئاستىدىكى يوچۇن مۇناسىۋەت

ئەي، ئۇيقۇلۇق ئايال
چېچىڭ ئاستىدا،
تۈن كېچىنى ئوقۇماقتىمەن...

ئەي، ئۇيقۇلۇق ئايال
كىرپىكلىرىڭ ئارىسىدا
تەنھالىقنى ئوينىماقتىمەن...

ئەي، ئۇيقۇلۇق ئايال
تېنىڭدىكى ئەگىملەر ئارا
ھەسرىتىمنى بېزىمەكتىمەن...

## غېرىبلىق تەختى

ئاي يىراقتا كۆرۈنەر غىل - پال
ئەڭ قەدىمي ھەسرىتى بىلەن.

ئاسماقتىمەن
سۆيگۈمىزنىڭ تاملىرىغا
تۈننىڭ تەختىنى...

## ئۆلۈم

ئەي، ئۆلۈم
قۇشسەن، بىر قۇش
سايراشلىرىڭ ئويغىتار مېنى
ئەي، ئۆلۈم
قۇشسەن، بىر قۇش
قاناتلىرىڭ ئوينىتار مېنى

## تېڭىرقاش

سەھەر
ئەي، مېنىڭ تۈندىكى غەمناك ئىشىكىم
ئېچىلىسەن، غايىب بىر قول قۇلۇپلار يەنە.
تېڭىرقاپ يۈرۈيمەن ئەس ھويلىسىدا
ئاشۇ قولغا قولۇمنى سوزۇپ...

## چۈشتىن ئۆتۈش

چۈش
ئەي، تەنھالىقنىڭ بېكىتى
ئۆتمەكتىمەن سەندىن ئاۋايلاپ
ھارغىن، ئەمما ئۇلجا ئالغان ئەسكەردەك.

## قايتا

گۇگۇم
ئەي، مېۋىلىك دەرەخ ئېغىزى
يەنە كەلدىم سېۋىتىمنى كۆتۈرۈپ...

## ھاياتىم

ئۇيۇم بىلەن ياشايمەن
ئاداشقاق
ھەمدە، قايتىلانماس سۆيگۈدە
بۈيۈك بىر چوققىنى



يارىتىدىغان...

### تۇتۇق قۇش

ئۇزاپ بارماقتىسەن
ئاياغلىرىڭدىن ئەپسانىلەر ئۆرلەر
شۇنداقتىمۇ،
غىل ـ پال كۆرۈنىدىغان قۇش كەبى
تىنىقىمغا يېقىن بىر يەردە،
ئۇۋا سېلىپ زورايماقتىسەن...

### كۆرۈنمەس چېچەكلەر ئارا

كۆزلىرىمنى ئاچسامالا
تورۇسلار قارىدار
سېغىنىش ئەترلىرى تەنهالىقىمنى ئورار
مەيۈسلۈكتىن باشلانغان بۇ سەھەر
سۆزدەك زورىيار
كارىۋاتنى ئىلكىگە ئالار
ئاندىن
نامەلۇم بىر قول
يوقلۇق چېچەكلىرىدىن بىرئاز سېپىپ
ياستۇقنى بېزەر

كۆتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان بىر باش
ئاۋۇ چېچەكلەر ئارا
يوقلار... قارشى قىرغاقتا نامايەن بولار

ئاپتور: شىمالىي جۇڭگو مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ ئوقۇتۇش بۆلۈمىدە.



## قارا ئەتىرگۈل

**ئىمىنجان كېرىم ئاقشەھىرى**

### مېھمان ئەمەس ئوغلۇڭمەن ئانا

مېھمان ئەمەس ئوغلۇڭمەن ئانا،
بارسام چىقتىڭ ئالدىمغا كۈلۈپ.
چاچلىرىڭدا سۆيۈپ ئوردۇڭ هويلا،
مېھمانلاردىن زىيادە كۆرۈپ.

مېھمان ئەمەس، ئوغلۇڭمەن ئانا،
يوللىرىمغا سالدىڭ پاياندار.
كۈتۈۋالدىڭ پەگادا تۇرۇپ،
تۆرگە راسلاپ كۆرپە ـ يىكەنداز.

مېھمان ئەمەس، ئوغلۇڭمەن ئانا،
مېھمان كۆرۈپ بولدۇڭ پايپېتەك.
چېپىپ يۈردۈڭ بېشىڭدا مېكىپ،
داستىخانغا تىزىپ قەنت ـ گېزەك.

مېھمان ئەمەس، ئوغلۇڭمەن ئانا،
ماڭلىيىمغا سۆيدۈڭ يېنىشلاپ.
مەندىن ئەھۋال سورىدىڭ تەكرار،
رۇخسارىڭغا ئاپتاپنى چىللاپ.

مېھمان ئەمەس، ئوغلۇڭمەن ئانا،
هاردۇق يېتىپ، كېتىپسەن چارچاپ.
ئۆزۈڭ يېمەي مېنى يېسۇن دەپ،
تاپقىنىڭنى قويۇپسەن ساقلاپ.

مېھمان ئەمەس، ئوغلۇڭمەن ئانا،
ئەسلىي ماڭا سەن ئىدىڭ مېھمان.
سېنى يۆدۈپ ئاپىراي ھەجگە،
خىزمەت قىلاي سويۇپ مەن پاقلان.

مېھمان ئەمەس، ئوغلۇڭمەن ئانا،
ئەمدى تاشلاپ كەتمەيمەن يىراق.
پەرۋانەڭمەن ئەتراپىڭدا مەن،
سەن قەلبىمدە نۇرلۇق شام ـ چىراغ.

### قارا ئەتىرگۈل

قىزىل گۈللەر ئەيمىنەر سەندىن،
قارىلىقىڭ ئاجايىپ سېھىر.
سېنى دەيمەن گۈللەرنىڭ تاجى،
يارنى كۈيلەپ يېزىلغان شېئىر.

رۇخسارىڭنى قىلمايسەن كۆز ـ كۆز،
پىنھانلاردا كۈلسەن ئۈنسىز.
دىدارىڭنى كۆرۈشكە دائىم
شامال بولۇپ بارىمەن ئىزسىز.

شەبنەم بولۇپ قونسام لېۋىڭگە،
بەرگىڭ ئارا ئۇخلسام قېنىپ.
خۇش ھىدىڭغا مەست بولۇپ كۆڭۈل،
ئويغىنىدۇ قۇياشتەك يېنىپ...

ئاپتور: كوچا ناھىيەلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە




## «بىلەرمەن»لەر

بىلەرمەن بىر تونۇشۇم بار ئىدى. تۆت ئادەم بىر يەرگە كېلىپ، بىر - ئىككى ئېغىز پاراڭ قىلىشسىلا، پەيدا بولۇپ گەپكە ئارىلىشاتتى. ئارىلاشقاندىمۇ 18 مىڭ ئالەمدىكى ھەرقانداق كەسىپ، ھەرقانداق ئىشقا مۇناسىۋەتلىك گەپ چىقسا، «ھە، شۇنىڭ گېپىمۇ؟ مەن بىلەمەن...» دەپلا گەپ باشلاپ، تاكى باشقىلارنىڭ ئىچى پۇشۇپ زېرىكىپ كېتىپ قالمىغۇچە بولدى قىلمايتتى.

بىر كۈنى بىر نەچچەيلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق، ئۇ بىلەرمەن تونۇشۇم يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ كەلگەندە يەر ئاستى پويىزىنىڭ خەلقئارادا «مېترو» دېيىلىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ بولۇۋاتاتتى.

— ھېلىقى مېترونىڭ گېپىنى دېيىشىۋاتامسىلەر؟ — دېدى ئۇ كېلىپلا گەپكە ئارىلىشىپ، - مەن بىلىمەن، مەن تېخى ئۇنى يەپمۇ باققان، تەمى شۇنداق ئېسىل دەڭلا...

— دېمەسمۇ، ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەن ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. قىزىقارلىقى شۇكى، «پويىزنى يەپ باققان» ئۇ بىلەرمەن تونۇشۇم تولىمۇ بىئەپ بىر كەيپىياتتا بىزگە قوشۇلۇپ سەت ھىجايدى.

بۇ قەشقەرگە تېخى پويىز كەلمىگەن يىللاردىكى گەپ بولۇپ، پويىزنى يېگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەمدىلەتىن تېلى چىققان كىچىك بالىلارمۇ بىلىدىغان بىر ئۇقۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى بىلەرمەن كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەخمىقانە گەپنى قىلىشتىن يانمايدىغان نادان بايقۇشلارنىڭ ھېلىھەم بولۇشى، بولغاندىمۇ زامان تەرەققىياتى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىپ، بىلەرمەنلىك دەرىجىسىنىڭ بارغانسېرى ئۆسۈپ بېرىشى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ ۋە چوڭقۇر ئويلارغا سالىدۇ. جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بىلەرمەنلىك دەرىجىسى قانچە ئۆسكەنسېرى، ئاشۇ بىلەرمەنلەر تەبىئەتتىن، تەبىئىي قانۇنىيەتلەردىن شۇنچە يىراقلىشىپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بىلەرمەنلەرنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە سالىدىغان زىيىنى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

مەلۇم بىر ناھىيەنىڭ بىر بىلەرمەن مۇئاۋىن سېكرېتارى بار ئىدى. ئۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆستەڭ يار ئېلىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپلا، بىلەرمەنلىك قىزغىنلىقى قايناپ تاشتى - دە، ئىشخانىدىكىلەرگە پۈتۈن ناھىيە بويىچە يېزا - كەنت ۋە ئىدارە - جەمئىيەتلەردىن دەرھال ئادەم تەشكىللەپ سۇ يار كەتكەن نەق مەيدانغا ئاتلىنىشقا بۇيرۇق قىلدى. «باھانە - سەۋەب كۆرسەتكەن، ياكى سۇسلۇق قىلغان رەھبەرلەرنىڭ مەسىلىسى قاتتىق ئويلىشىلىدۇ!...» دېگەندەك ئىجراسى قاتتىق ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى.

بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا نەق مەيدانغا دېھقانلار ۋە ئىدارە - جەمئىيەتتىكى خادىملاردىن بولۇپ نەچچە ئون مىڭ ئادەم، نەچچە مىڭ ماشىنا - تىراكتور ۋە سان - ساناقسىز ئات - ئېشەك ھارۋىلىرى يىغىلدى. نەتىجىدە يول نەچچە كىلومېتىر يەرگىچە توسۇلۇپ قېلىپ، يار كەتكەن





جاينى ئېتىشكە كېرەكلىك ياغاچ ـ تاش ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى نەق مەيدانغا ئاپارغىلى بولمىدى. بۇيرۇق بويىچە نەق مەيدانغا ئالدىراپ ـ سالدىراپ يېتىپ كەلگەن كىشىلەر دەسلەپتە جىددىيلىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرى ۋە ئېتىز ـ ئېرىقلىرىنى زىرائەتلىرى بىلەنلا يالماپ يۇتۇپ كېتىۋاتقان كەلكۈنگە قاراپ نېمە قىلىشنى بىلمىگەن ھالدا تىت ـ تىت بولۇپ تۇرۇشقان بولسا، كېيىنچە قالايمىقانچىلىق ئېغىرلىشىپ، ئىزدىگەن ئادەمنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، بەزىلەر بىرەر دالدىنى تېپىپ ئۇخلاشقا ياتسا، يەنە بەزىلەر نەلەردىندۇ قارت تېپىپ كېلىپ ئويناشقا چۈشتى.

ھاكىمنىڭ نەق مەيدانغا يېقىنلاپ كېلىپ قالغىنىنى ئاڭلىغان ھېلىقى «بىلەرمەن» مۇئاۋىن سېكرېتار، نەق مەيداندا ئەڭ جىددىي ھالەتتە «قوماندانلىق» قىلىشنى ئەۋجىگە چىقاردى.

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشىسەن؟! پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا خىزمەت كۆرسىتىدىغان ۋاقىت كەلدى! ئۆزۈڭنى سۇغا ئېتىپ، يار كەتكەن جاينى ئېتىش!

سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پىشقان بىر كەسىپ ئەھلى بولۇپ، مۇئاۋىن سېكرېتارغا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قويدى. چۈنكى ئۇ نەچچە مېتىر كەڭلىكتىكى دامبىنى بۇزۇپ، شىددەت بىلەن شارقىراپ ئېقىۋاتقان، ھەتتا ھارۋا، قول تىراكتورلارنىمۇ ئېقىتىپ كېتىۋاتقان بۇ زور ئېقىننى نەچچە ئون ئادەمنىڭ ئۆزىنى سۇغا ئېتىشى بىلەن توسۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە مۇنداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغاندا بىھۇدە ئۆلۈم ـ يېتىم ھادىسىسى كېلىپ چىقىشى مۇمكىنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

— نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن دەيمەن؟! سۇغا سەكرەشمەمسەن؟!!

ئون نەچچە ئادەم بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، ھودۇقۇشۇپ، راستىنلا سۇغا كىرىشكە تەييارلاندى. ئەمدى يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرسا ئۆلۈم ـ يېتىم ھادىسىسى كېلىپ چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۇ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ۋاقىرىدى:

— ئارقاڭغا يېنىش! ھەرقانداق مەسئۇلىيەت كەلسە مانا مەن ئىگە!... سۇغا سەكرەپ ئۆلۈپ بەرگەن بىلەنمۇ يار كەتكەن ئېغىزنى ئېتىش مۇمكىن ئەمەس! ھەرقايسىڭغا جانىڭنىڭ لازىمى يوقمۇ؟! ئارقاڭغا يېنىش دەيمەن!!

سۇغا سەكرەشكە تەييارلانغان كىشىلەر بىردە پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارىغا، بىردە سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا قاراشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. دەل شۇ چاغدا قاشىنىڭ ئۇلار دەسسەپ تۇرغان ئىككى ـ ئۈچ مېتىرچە يېرى غۇلاپ چۈشۈپ، سۇغا سەكرەشكە تەييارلانغانلاردىن ئىككىسى توپا بىلەن سىرىلىپ چۈشۈپ كەتتى ۋە شىددەتلىك ئېقىندا بىر كۆرۈنۈپ ـ بىر كۆرۈنمەي ئېقىپ كەتتى. كىشىلەر سۇنى تىزگىنلەش ئەمەس ئېقىپ كەتكەنلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ غېمىدە تىپىرلاپ قېلىشتى. لېكىن ھېچكىم ئۆزىنى سۇغا ئاتالمايتتى.

باشقا بىر جىددىي يىغىن بىلەن ئالدىراش بولۇپ قېلىپ، نەق مەيدانغا كېيىنرەك كېلىپ، بۇ يەردىكى ئەھۋالنى كۆرگەن ناھىيە ھاكىمى ئالدى بىلەن ئېقىپ كەتكەنلەرنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇق بېرىپ، بىرقانچە دانە قۇتقۇزۇش چەمبىرىكىنى سۇغا تاشلاتقۇزدى.

ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار سۇ ئۈزۈشنى بىلگەچكە ئېقىننىڭ نەچچە كىلومېتىر ئايىغىدىكى يېيىقتىن چىقتى. خەتەرنى تېخىمۇ ئېنىق، بىۋاستە ھېس قىلغان كىشىلەر ھاكىمنىڭ ئاتىلارچە ئاقىللىقىغا، نېمىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدىغان رەھبەر ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشتى.

ھاكىم خاپا بولۇپ:

— قايسى بىلەرمەننىڭ قىلغان ئۇقتۇرۇشى بۇ؟! — دەپ كايىدى ۋە ھېچكىم بىلەنمۇ كېڭەشمەي ئولتۇرماي، جىددىي ئەھۋالغا جىددىي قاراپ دەرھال تەدبىر قوللىنىپ بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە باشلىدى.

— ئاۋۋال يوللارنى توسۇۋالغان ماشىنا ـ تىراكتورلار ئېلىپ كەلگەن شاخ ـ شۇمبا، ياغاچ تاشلىرىنى يول ياقىسىغا رەتلىك چۈشۈرۈپ قويۇپ ئارقىغا چېكىنسۇن! يىراق يېزىلاردىن كەلگەنلەر دەرھال قايتىپ كەتسۇن! مۇشۇ يۇرتتىكى ئۇستىخىنى قاتقان ئەرلەردىن باشقىلار قاشتىن يىراقلاشسۇن!...

— ھاكىم، مېنىڭچە،... — سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دادىللىق بىلەن ھاكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىرقانچە تەكلىپ بەردى ۋە شۇ بويىچە ئىشقا كىرىشتى، نەتىجىدە ياۋا كەلكۈن قىنىغا چۈشۈپ، چوڭ بىر ئاپەتنىڭ ئالدى ئېلىندى.

رېئاللىقىمىزدا يۈز بەرگەن يۇقىرىقى ئەھۋالدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، نۆۋەتتىكى تەرەققىيات بىر قىسىم بىلەرمەنلەرنىڭ بىلەرمەنلىك دەرىجىسىنىمۇ «تەرەققىي» قىلدۇرۇۋەتكەن بولۇپ، بۇ ھال باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش ئىجتىمائىيەتكە ۋە تەرەققىياتقا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بىلەرمەنلىكنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى بىلمەسلىك بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

بۇ يەردە يەنە ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، يۇقىرىقى بايانلار ئارقىلىق ھەرگىزمۇ «مەنسەپدارلار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ» دېمەكچى ئەمەسمىز. ھوقۇق تۇتۇش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ. مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقانلارنىڭ بۇ نۇقتىنى بىلىشى ئېنىق. «رەھبەرلىك سەنئىتى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ سالمىقىنىڭ ئادەتتىكىچە ئە-



مەسىلىكنى ھېس قىلىپ يەتكەن بىر قابىل رەھبەرنىڭ باشقا ساھەلەردىكى ھەممە بىلىملەرنى بىلىپ كېتىشى ناتايىن. كۆپ سانلىق رەھبەرلىرىمىز كەمتەرلىكى بىلەن خەلقنىڭ ھۆرمەت تۆرىدە بولۇپ كەلدى.

ماۋزېدۇڭ: «تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق» دېگەنىدى. بۇ يەردە دېيىلگەن «تەكشۈرۈش» دېگەن سۆزدە، ئەھۋالنى چۈشىنىش، جۈملىدىن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئېنىق. ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرنى «بىلەرمەنلەر دەۋرى» دەپ ئېيتىش مۇمكىن. گەرچە 20 ياشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ياشلار ئانچە بېلىپ كەتمىسىمۇ، 30 ياشلاردىن ئاشقانلارغا ئايانكى، مۇندىن 15 — 20 يىللار ئىلگىرى مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا، جامائەت سورۇنلىرىدا ياكى بىرەر ئەمەلىي ئىش باشلىنىش ئالدىدا «تۇگمەن بار يەردە ياغۇنچاقنىڭ نېمە ئىشى؟... يەنىلا كەسىپ ئەھلىلىرى سۆزلىسۇن» دەيدىغان ئادەت سۆزلىرى ھەمىشە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ سۆزدىن تەكەللۇپ ۋە كەمتەرلىك پۇرىقى چىقىپ تۇرۇش بىلەن بىللە، «بىلمىگەن ئىشقا ئارتۇقچە چات كىرىۋالماي، بىلىدىغانلارغا يول بېرىش» كېرەك دېگەندەك ئېسىل خىسلەت چاقناپ تۇراتتى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە مۇتەخەسسىسلەر يىغىلغان سورۇنلاردا بىر نادان سۆزگە تەكلىپ قىلىنسا، «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ» ھېچكىمگە گەپ بەرمەي ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىدىغان «تەرەققىيات»لار بارلىققا كەلدى. ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ رېئاللىق، بەزىدە كىشىنى «بۈگۈنكى دەۋر بىلەرمەنلەر دەۋرى بولۇپ كەتتىمۇ نېمە» دېگەندەك تۇيغۇغىمۇ كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

توغرا، يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە مەلۇم دەرىجىدە بىلەرمەنلىك خاھىشى يوقمۇ ئەمەس. دېمىسىمۇ كىشىلەرنىڭ تارىختىن بۇيان بىلگەنلىرى ھەددى ھېسابسىز بولدى. ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، يالىڭاچ ياشايدىغان ئىپتىدائىي ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، كىيىم - كېچەك كىيىشنى بىلدى؛ بارغانسېرى ئېسىل تۇرالغۇلاردا ئولتۇرۇشنى بىلدى؛ ئالاقە ئىشلىرىدا ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ئىما - ئىشارەتكە تايىنىشتىن قۇتۇلۇپ، ئەڭ مۇرەككەپ ئىچكى تۇيغۇلارنىمۇ تىل - يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەشنى بىلدى؛ قانىتى يوق تۇرۇپ ئۇچۇشنى، ئۆزىدىن باشقا بارلىق مەخلۇقاتلارنى يېڭىپ زەپەر قۇچۇشنى بىلدى؛ ئۈستۈنلۈك ئىستىكىدە ئاتوم بومبىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دەھشەتلىك قوراللارنى ياساشنىمۇ بىلدى. ۋاھالەنكى، ئاشۇ بىلىشلەرنىڭ ئەڭ كاتتا مېۋىسى بولغان ئاتوم بومبىسى بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىگە ئەڭ زور تەھدىت بولماقتا. ئادەمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلارغا سالىدىغىنى شۇكى، ئىنسانلار بىلەرمەنلىكى تۈپەيلىدىن مىسلىسىز زور خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مەسىلىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشنىڭ ئورنىغا، يەنە ئاشۇ بىلەرمەنلىككە تايىنىپ يېڭى بىر چىقىش يولى تېپىشنىڭ كويىغا چۈشتى. «تەرەققىي تاپقان ئەللەر» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يەر شارىدىن ھالقىپ، كائىناتتىن باشقا بىرەر ماكان ئىزدەش كويىغا چۈشكەنلىكى بۇ پىكرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى.

يەنە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، يۇقىرىقى بايانلاردىن تەرەققىياتقا ئۆچمەنلىك قىلىش مەناسى چىقمايدۇ. تەرەققىيات ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تېما. ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى بىلگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، تەرەققىياتنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئەمما مەيلى ئەمەلىيەت، مەيلى نەزەرىيە نۇقتىسىدىن ئېيتايلى، ئاشۇ تەرەققىيات يوللىرى ھامان ئەگرى - توقاي بولىدۇ. مۇشۇ مەنادىن ئېيتقاندا، بىلەرمەنلىك ۋە تەرەققىيات ھەققىدىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ بېقىشنىڭ پايدىسى بولسا باركى، ھەرگىز زىيىنى يوق. بۇ پىكرىمىزنى نۆۋەتتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر ئاساسىدا داۋاملاشتۇرۇپ كۆرەيلى:

ھەممىمىزگە ئايانكى، يەر شارى بىز ئىنسانلارغىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماي، يەنە باشقا جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتلارنىڭ سۆيۈملۈك ماكانى. ھاياتلىقتىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مۆجىزە ئالدى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغان مۇۋاپىق ماكانغا موھتاج. ئىنسانىيەت گەرچە ئالەم بوشلۇقىغا يۈرۈش قىلىش سىنىقىدا قىسمەن غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئۇ يەردە ۋاقىتلىق تۇرغىلى بولىدىغان تەجرىبە پونكىتلىرىنى قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ ۋاقىتلىق پونكىتلاردا يەنىلا يەر شارىدىن ئېلىپ چىققان ئوكسىگېن، كىيىم - كېچەك ۋە ئوزۇقلۇق قاتارلىق زۆرۈر ماددىي بۇيۇملارغا تايىنىشتىن قۇتۇلغىنى يوق. بۇ ھال ئىنسانىيەتنىڭ بىلىشى گەرچە مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەر شارىدىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان دەرىجىگە تېخى يەتمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەسىلىنىڭ ئىككىنچى تەرىپى شۇنداقلا ئەڭ ماھىيەتلىك تەرىپى شۇكى، ناۋادا ئىنسانلار بىلەرمەنلىكتە ھەققەتەن چەكتىن ئېشىپ، ئۆزلىرى ھالسىرىتىپ قويغان ھازىرقى يەر شارىدىن ۋاز كېچىپ، كائىناتتىن باشقا بىرەر يېڭى ماكان تېپىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۇ يەردىكى ئولتۇراقلىشىش نەچچە يۈز مىڭ يىل ھەتتا نەچچە مىليون يىل داۋاملاشقان تەقدىردىمۇ، ئىنسان ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن نەپسانىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك بىلەن قوشكېزەك بولغان ساختا بىلەرمەنلىك مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇ يېڭى ماكانىنىڭ تەقدىرىمۇ بۈگۈنكى يەر شارىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. چۈنكى ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ بىلەرمەن، ئەڭ ئالىي جانلىق دەپ ھېسابلايدىغان ئىنسان، يەر شارىنىڭ ئۆزد-

نىڭ ۋە ئۆزىگە پايدىلىق بولغان سان ـ ساناقسىز جانلىقلارنىڭ سۆيۈملۈك ئانا ماكانى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى بۇلغاش، تىلغاش ئۆزىگە ـ ئۆزى قەست قىلغانغا باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، تا ھازىرغىچە بۇ جەھەتتىكى بىلەرمەنلىكىنى توختاتقىنى يوق. بۇ ھال كىشىگە ئۆردەك: «مۇشۇ قوڭغۇم بولسا، ھەممە كۆلنى سېسىتىمەن دەيمىش» دېگەن تەمسىلنى ئەسلىتىدۇ. گەرچە بۇ تەمسىلدىكى ئۆردەكنىڭ كۆلنى بۇلغىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ يەر شارىنىڭ مۇھىتىنى بۇلغىشى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ۋە ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، بىرى ئۆز قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلمىگەنلىكتىن، يەنە بىرى بىلىپ تۇرۇپمۇ توختىتالمىغانلىقتىن بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە بىر خىل ئىچكى ئورتاقلىق مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ ئۆردەكلەر سۇغا ماياقلاش تەبىئىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەنگە ئوخشاش، ئىنسانلارمۇ ئۆزىنى مەيلى قانچىلىك پەردازلاپ كۆرسەتمىسۇن، بىلەرمەنلىك ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بۇزغۇنچىلىق تەبىئىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكىدىن ئىبارەت. كونىلارنىڭ: «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي ئۆلگەندە چىقار» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى ئەنە شۇ بولسا كېرەك.

شۇنداق، ئىنسان جانلىق مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى سۈت ئەمگۈچىلەر تۈرىگە مەنسۇپ بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۈت ئەمگۈچىلەردە بولىدىغان گېن بىلەن شەكىللەنگەن تەبىئىتىنى ئۆلسىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. خۇددى يولۋاس ئاچلىقتىن ئۆلسىمۇ ئوت ـ چۆپ يېمىگىنىگە؛ قوي ـ كاللار ئۆلسىمۇ گۆش يېمىگىنىگە ئوخشاش.

بۇ يەردە شۇنداق بىر نۇقتىنى، يەنى بىلىشكە ئىنتىلىش تېپىدىكى بىلەرمەنلىك ئىجابىي ئامىللارغا تويۇنغان بولغاچقا، ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكىدەك ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىدە تارىختىن بۇيان پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئىچكى ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايمىز، ئەلۋەتتە. ئەمما يەنە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، خۇددى پۈتكۈل ئالەمنى پۈتمەس ـ تۈگىمەس نۇر مەنبەئى بىلەن تەمىنلەپ، بارچە ھاياتلىققا مەۋجۇتلۇق شارائىتى يارىتىپ بەرگەن قۇياشنىڭ نۇرلىرىدىمۇ زىيانلىق تەركىبلەر بولغىنىغا ئوخشاش، بۇ ئالەمدىكى ھەرقانداق ياخشى نەرسىنىڭمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يامان تەرىپى بولىدۇ. جۈملىدىن شان ـ شۆھرەت تەمەسىدىكى بىلەرمەنلىك ماھىيەتتە ساختىلىق بىلەن قوشكېزەك بولغاچقا، باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزمەي قويمايدۇ. يىراقتىكىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ئەتراپىمىزغا قاراپ باقساقلا، بۇنىڭغا مىسال بولغىدەك پاكىتلارنى قىينالمايلا تاپالايمىز:

— ئامېرىكا ئەمدى ئىرانغا چوقۇم ھۇجۇم قىلىدۇ، تەييارلىقلىرىنى ئاللىقاچان پۈتكۈزۈپ بولدى...

تېلېۋىزىيەدە بېرىلگەن «جاھاندىكى ئىشلار» پروگراممىسىنىڭ ئاخشامقى خەۋەرلىرى ھەققىدە بولۇۋاتقان پاراڭدا دېيىلگەن بۇ سۆزنىڭ ئورامىغا قاراپ، ئادەم ئىختىيارسىز ھالدا «ئاشۇنچىلا ئىشەنچ بىلەن سۆزلىگەنگە قارىغاندا، ئۇ ئادەم ھېچ بولمىغاندا ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ئوخشايدۇ...» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمما ئۇ ئاشۇ پاراڭ قىلىشقانلار ئىچىدىكى ئۆزىنى بىلەرمەن ھېسابلايدىغان بىر بايقۇش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئەمەس، ئۆز ئورنىدىكى بىر ناھىيە ھەتتا بىرەر ئورۇن رەھبىرىنىڭمۇ مەسلىھەتچىسى ئەمەس. چۈنكى، باشقا شەرتلەرنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالمايدىغان ئادەم زۇڭتۇڭنىڭ ئەمەس، ھەتتا بىرەر شەخسنىڭمۇ مەسلىھەتچىسى بولالمايدۇ.

— پۇل تاپاي دېگەن ئادەم قوي باقسا بولىدۇ قوي. چۈنكى، بىر قوي بىر يىلدا ئىككىگە؛ ئىككى يىلدا تۆتكە؛ ئۈچ يىلدا سەككىزگە؛ تۆت يىلدا 16 گە؛ بەش يىلدا 32 گە؛... 10 يىلدا 2050 كە يېتىدۇ...

كىشىلەرگە پۇل تېپىشنىڭ يولىنى ئۆگىتىپ ھېساب ـ كىتاب قىلىپ بېرىۋاتقان بۇ ئادەم قانداقتۇ مىليونېر بولماستىن، بەلكى ئارىمىزدىكى بىلەرمەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ھېساباتى پەقەت ماتېماتىكىلىق قۇرۇق نەزەرىيەۋى ھېسابتىن ئىبارەت. مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتقان ئادەم رېئاللىقتا قوي بېقىش ئەمەس، ئۆزىنىڭ جېنىنى ئاران بېقىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم. يەنە بىر ئادەم ھېسابات قىلىپ ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئاتا ـ ئانامدىن 10 قوي مىراس قالغانىدى. قوينىڭ پايدا ـ زىيىنىنى ئېنىق ئايرىپ بېقىش ئۈچۈن، بىر قوينى سېتىپ پۇلىغا يەم ـ خەشەك ئالدىم. توققۇز قوي ئۈچ ئايدا يەم ـ خەشەكلەرنى يەپ تۈگەتتى. يەنە بىر قوينى سېتىپ، پۇلىغا يەم ـ خەشەك ئالدىم. ئۇمۇ ئۈچ ئايدا تۈگىدى... شۇنداق قىلىپ بىر يىلدا ئۈچ قوي كېمەيدى. يىل ئاخىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئالتە قوي قوزىلىغان ئىدى. ئىككى قوزا ئاغرىپ ئۆلدى. قويلارنىڭ ئومۇمىي سانى 11 گە يەتكەن بولسىمۇ، ياندۇرقى يىلى يەنە تۆت قوينىڭ پۇلى يەم ـ خەشەك سېتىۋېلىشقا كەتتى. بىرنى قۇربانلىق قىلدىم. شۇنداق قىلىپ مەن قوي بېقىشنى بىلەلمىدىممۇ ياكى قوي بىزنىڭ ئائىلىگە ماس كەلمىدىمۇ بىلمىدىم.»

خۇلاسە كالام شۇكى، ئىنسان دۇنيادىكى ئىشلارنى بىلىشتە ھەرقانچە كامالەتكە يەتتىم دەپ قارىسىمۇ، لېكىن بۇ پايانسىز ئالەمدە ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى پەقەت دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى خالاس. ناۋادا بىلەرمەنلەر ئويلىغاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىنسان ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگەن بولسا، يەر شارى ھەققىدە ئالىملار تەشۋىشلىك ئويلارغا پاتمىغان بولار ئىدى. ھەممىنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ ناۋادا چۈمۈلىچىلىك بىر نەرسە بىلگەن بولسا، ئۆز ئېغىرلىقىنىڭ 50 نەچچە ھەسسىسىگە تەڭ ئېغىرلىقنى بىۋاستە كۆتۈرەلىگەن بولاتتى؛ ناۋادا چاشقانچىلىك بىر نەرسە بىلگەن بولسا، يەر تەۋرەشنى ئالدىن سېزىپ، جېنىنى ياقىغا ئالالىغان بولاتتى؛ ناۋادا پاقىچىلىك بىر نەرسە بىلگەن بولسا، ئاچارچىلىق مەزگىللىرىدە ئۆچەككە كىرىپ، ھاياتىنى ساقلاپ قالغان بولاتتى...

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ بىلىشىمۇ ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە بولۇپ، ئەقىدە — ئېتىقادتىن، ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتتىن چەتنىگەن بىلەرمەنلىك، ئىنساننى ئۆز - ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز بېشىغا بالا بولىدۇ.

## مېنىڭ تەلەيلىرىم

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى كوچىدا ناتونۇش بىر ئادەم ئالدىمغا كېلىپ، — سىلە بەك تەلەيلىك يازغۇچى جۇمۇ، ماڭا بېرىدىغان مۇكاپاتلىرى يوقما؟

تولۇمدىن توقماق چىققاندەك تۇيۇلغان بۇ گەپكە دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ يەنە ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

— مەن سىلىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشقا بەك ئامراق. تېخى بايىلا «تەرسا ئادەم» دېگەن رومانلىرىنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇپ تۈگەتتىم. كىتابخانىلارغا سېلىنىپمۇ نەچچە يىلغىچە سېتىلماي، ياكى بىر بەتمۇ ۋاراقلانماي توپا بېسىپ تۇرۇپ، ئاخىر كېرەكسىز قەغەز قاتارىدا سېتىۋېتىلىدىغان ئەخلەت كىتابلار كۆپىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مەندەك بىر چالا ساۋات ئادەمنىڭ بىر كىتابنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى شۇ كىتاب يازغۇچىسىنىڭ تەلىيى دېسەك بولار؟ ھازىر تىجارەتچىلەر مالنى جىقراق سېتىۋالغان خېرىدارلارغىمۇ مۇكاپات بېرىدۇ. مەنمۇ سىلىنىڭ كىتابلىرىنىڭ مەستانە خېرىدارى بولغاندىكىن، مۇكاپات باردۇ - ھە!؟

ئۇ ئادەمنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست گەپ ياكى چاقچاقلىقىنى ئايرىيالمىدىم. كىتاب ۋە ئەدەبىياتقا مۇناسىۋەتلىك مۇكاپاتلاردىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىدىن تارتىپ، «تارىم»، «خانتەڭرى» مۇكاپاتلىرىغىچە ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقان بولسامۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى كىتاب ئاپتورلىرىغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار بولۇپ، بۇنىڭ ئەكسىچە كىتاب ئاپتورلىرىنىڭ ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە مۇكاپات بېرىدىغان ئىشنى تېخى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. شۇڭا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. ئەمما گاڭگىرىغان پېتىم داۋاملىق ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋەرسەم بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدىم:

— مۇكاپاتقۇ بار، بىراق ھازىرقى تەرەققىيات دەۋرىدە مۇكاپات دېگەننىڭمۇ تۈرلىرى تەرەققىي قىلىپ كۆپىيىپ كەتتى. ئۆزلىرىنىڭ قانداقراق مۇكاپات ئالغىلىرى بار؟

— چاقچاق قىلدىم، چاقچاق...

ئۇ ئادەم خوشلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئويلىنىپ قالدىم: ئەجەبا باشقىلارنىڭ تەلىيى كىتاب يېزىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىش بىلەن ئىپادىلەنسە، مېنىڭ تەلىيىم كىتاب يازغانلىقىم ئۈچۈن باشقىلارغا مۇكاپات بېرىش بىلەن ئىپادىلىنەمدىغاندۇ؟!

يان تېلېفونوم سايراپ ئوي - خىياللىرىمنى ئۈزۈپ قويدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدىم ئادىتىم بويىچە تېلېفوننى قولۇمغا ئېلىپلا.

— سىزنى مۇبارەكلەيمىز! — دېدى بىر ئايال يات بىر ئاۋازدا، — سىز ئىشلىتىۋاتقان يان تېلېفونىڭىزنىڭ نومۇرىغا ئاساسەن تەلەيلىك ئابونت بولۇپ تاللاندىڭىز. پات يېقىندا مىليونېرغا ئايلىنىسىز. 880 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلىنى نەقلەشتۈرۈش ئۈچۈن، جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش قاتارلىق بىر نەچچە تۈرلۈك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا سىز رەسمىيەت ھەققىگە دەرھال 18 مىڭ يۈەن ئەۋەتىڭ...

ئۇ ئايال يەنە ماڭا پۇلنى ئەۋەتىدىغان كارتا نومۇرىنى يان تېلېفونۇمغا ئۇچۇر قىلىپ يوللاپ بېرىدىغانلىقىنى، قالغان ئىشلارنى مەن پۇلنى ئەۋەتىپ بولغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

بۇ يەردە بارلىق تەپسىلاتلارنى، جۈملىدىن «تەلەيلىك ئابونت» بولۇپ تاللانغاندىن كېيىنكى ئىچكى ھاياجان ۋە ئاشۇ ھاياجاننىڭ تۈرتكىسىدە تۇغقانلىرىمدىن قەرز ئالغان 18 مىڭ سوم پۇلنى كۆتۈرۈپ بانكىغا باردىم. بانكىغا بارغاندىن كېيىن بانكا خادىملىرىنىڭ ئەمەلىي پاكىتلارنى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرۈشلىرى ئارقىلىق، ئاتالمىش «تەلەيلىك ئابونت» بولۇپ تاللانغانلىقىمنىڭ ئەمەلىيەتتە قىپقىزىل ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەپسۇسلۇق ئويلارغا پاتتىم. ئەجەبا باشقىلار تەلىيى كەلگەندە سەممىي غەمخورلۇق ۋە قەدىر - قىممەتكە ئېرىشسە، مېنىڭ تەلىيىم كەلگەندە ئالدىنىشقا ئۇچرامدىغاندىمەن؟!

تەلەي ھەققىدىكى ئويلىرىمنىڭ ئايىغى چىقماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كىشىلەردىن «بەرىكەت بىرى تالدا، بىرى مالدا بولارمىش» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدىم. «قوي دېگەن يۇۋاش جانىۋار، ھەرقانچە بولسىمۇ ئالدىنىشتىن ئامان قالارمەن» دېگەن ئۈمىدتە قوي

بازىرىغا كىردىم. پاكىت شۇكى، قوي بازىرىدىكى كۆپلىگەن ئادەملەر «مەزىنىئاخۇنۇم» دەپ ئاتاپ، ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان ئۇزۇن ساقاللىق بىر ئادەمدىن «ئۈچ ئۆلچەم»گە توشىدىغان، يەنى «قاڭشىرى قارغۇجىنىڭكىدەك؛ قۇلىقى يەلپۈگۈچتەك؛ قۇيرۇقى قىز ساغرىسىدەك» بىر بوغاز ساغلىقنى 25 مىڭ 500 سومغا سېتىۋالدىم. تەلەيگە ئىشەنمەيدىغان ۋە مەكىت قويىنى چۈشەنمەيدىغانلار ئۈچۈن بەلكىم بۇ بىر ئەخمەقلىق بولۇپ تۇيۇلار. ئەمما قوي بازىرىدا ۋە ئائىلىلەردىكى قوتانلاردا بولۇپ تۇرىدىغان قوي سودىسىدا، مەن سېتىۋالغان ئاشۇ ساغلىقتەك قويلارنىڭ يۇقىرىسى يۈزمىڭ سومدىن، تۆۋىنى 30 مىڭ سومغىچە ئېلىم - سېتىم قىلىنىۋاتقانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى مەزىنىئاخۇنۇم ئالدىنقى ئاينىڭ 17 - كۈنى قويىنى قاغىلىقتىكى بىر داڭلىق قوچقارغا قويۇپ ئەكەلگەنلىكىنى، قاغىلىقتىكى ئۇ قوچقارنىڭ ئۇرۇقىدىن چۈشكەن بىر قوزىنى بىر مىليون سومغا ساتمىغانلىقىنى خۇدانى شېپى كەلتۈرۈپ، گويا قەسەم قىلغاندەك سۆزلەپ كەتكەنىدى. «مەندەك بىتەلەينىڭ تەلىيى بەلكىم قويدا بولسا ئەجەب ئەمەس، بۇ قوي ساق تۇغسا، بىر مىليون ئەمەس، 100 مىڭغا يارىسىمۇ مەيلى...» دېگەن ئۈمىدتە ساغلىقنى خۇددى بالىلىرىمنى باققاندەك كۆيۈنۈپ تۆت ئاي باقتىم.

ئەپسۇس، قوچقارغا قويغان كۈندىن باشلاپ ساق 147 كۈن بولدى دېگەندە، ساغلىق قوزىلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە بىچارە قوزا تەلەي تاماسىنى مەسخىرە قىلغاندەك، ھېچقانداق خېرىدار بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپلا ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى. قوزىنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگەن شۇ مىنۇتتا قۇلىقىمغا گويا «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ!» دېگەن سۆز ئاڭلانغاندەك بولدى. ئانام ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھايات ۋاقتىدا تەلەيگە ئىشىنەتتى. تەلەي تاماسى بەلكىم ئۇنىڭدىن مىراس قالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقىمكىن، «قوزا ئۆلگەن بىلەن ساغلىق ھايات، ھەرقانچە بولسىمۇ ئىز پۇلغا يارار» دېگەن ئۈمىدتە بازارغا ئېلىپ چىقتىم. ئەمما يىراق - يېقىنغا يۇقۇملۇق قوي كېسەللىكى تارقاپ، خەقلەرنىڭ نەچچە يۈزمىڭ ھەتتا نەچچە مىليون سوملۇق قويلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەچكە، قوي باھاسى شىددەت بىلەن چۈشۈپ، مېنىڭ قويۇمنى 15 مىڭغا ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى. توۋا، تەلەي دېگەن بۇ بايقۇش ئەجەبا قوغلاشقاندىن قېچىپ، پەرۋاسىزلارغا يېپىشىدىغان غىلجىڭ قىزغا ئوخشامدىغاندۇ؟!

تەلەي دېگەن بۇ نەرسىدىن قاتتىق كۆڭلۈم سوۋۇپ، بارىغا شۈكرى قىلىپ ئۆتۈش نىيىتىگە كېلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قوشنامنىڭ ئىلگىرى ئۆيىمىزگە كىرسە بىقۇۋۇل ھالەتتە قورۇنۇپ، تارتىنىپ ئاران كىرىدىغان قىزى مانا ئەمدى كېبىر - تەمەننا بىلەن غادىيىپ كىرىپ كەلدى - دە، كىرە - كىرمەيلا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ، قانداق قىيىنچىلىق بولسا تارتىنماي ئېيتىشىمىزنى، ئۆزىنىڭ ياردەم قولىنى ئايىماي سۇنىدىغانلىقىنى سۆزلەپلا كەتتى. ئۆزۈڭدىن - ئۆزۈڭغا سوزۇلغان داۋراڭ سۆزلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ چوڭ بىر مەنسەپ تاجىنى كىيگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. دەسلىپىدە «بەلكىم ئەمەل - مەنسىپى ئۆسۈپ قولىنى نەگە سۇنسا يەتكۈدەك ئۇزارغان بولسا، ‹قولۇڭ ياغلاشسا، قوشناڭغا سۇۋا› دېگەن تەمسىلنى ئەسلەپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق ھەر قېتىم مەسلەكداشلىرىنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپ بەزمە ئويۇشتۇرغاندا «دوستلىرىمما دوستلىرىم، دوستلىرىمغا خىزمەت قىلار ئوتتۇز ئىككى چىشلىرىم» دېگەن بىرلا ناخشىنى ئىختىيارسىز ھالدا تەكرار - تەكرار ئوقۇيدىغانلىقى مېنى تەئەججۈپلىك ئويلارغا سالدى:

«ئەجەبا دوستلارغا قىلىدىغان خىزمەتنى خىزمەت قىلىشقا يارىتىلغان پۇت - قولى ئارقىلىق قىلماي، ئوتتۇز ئىككى چىشى ئارقىلىق قىلىشقىمۇ بولامدىغاندۇ؟ ئەلمىساقتىن بۇيان ئوتتۇز ئىككى چىش يەپ - ئىچىشكە، ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇشقا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان تۇرسا، يەنە نومۇس قىلماي ‹دوستلىرىمغا خىزمەت قىلار ئوتتۇز ئىككى چىشلىرىم› دەپ ناخشا توۋلاشقا ۋىجدانى چىدامدىغاندۇ؟!...»

قوشنام بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەنسەپ مەستانىسى بولۇپ كەتكەن قىزى ياردەم، غەمخورلۇق، كۆيۈنۈش... دېگەندەك چىرايلىق سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. گويا باشقا ئىش تاپالمىغاندەك، ھە دېسىلا ئۆيىمىزگە ئۆسسۈپ كىرىپ كۆڭۈل ئارامىمىزنى بۇزۇشنى «غەمخورلۇق» دەپ ئاتىسا، نەۋرىلىرىمگە ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن سېسىق سېغىز قاتارلىق ئەخلەت يېمەكلىكلەرنى تۇتقۇزۇپ قويۇشلىرىنى «كۆيۈنۈش» ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇ خىل «غەمخورلۇق» ۋە «كۆيۈنۈشلىرى» ئەمەلىيەتتە بىرخىل سۇنئىي ئاپەتكە ئايلانغانىدى. ئەمما بۇ ئاز كېلىپ قالغاندەك، ئۇنىڭ كۆزلىرى دائىم: «بىزدەك شەرەپلىك ئائىلە بىلەن قوشنا بولۇپ قالغىنىڭلا سىلەرنىڭ تەلىيىڭلار، بۇنىڭدىن پەخىرلىنىشىڭلار كېرەك!» دېيىشنى ئۇنتۇمايتتى.

ــ مانا بۇلار مېنىڭ تەلەيلىرىم، ــ دەيمەن كېلىۋاتقان تەلەيلەردىن بىزار بولۇپ، ــ تەلەي مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، بولدى تەلەيسىز كەتسەم رازىمەن، ــ ئاخىر چىدىماي شۇنداق نىدا قىلدىم.

ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىنىڭ پېنسىيونېرى





# ئەدەبىياتىمىزنىڭ خىلۋەتلىرىگىچە

قاھار نىياز، رۇقىيە ئابدۇللا

رۇقىيە ئابدۇللا: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قاھار! بۈگۈنكى بۇ سۆھبەت داستىخىنىدا ئەسرا بولۇشقىنىمىزدىن خۇرسەنمەن.

قاھار نىياز: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! مەنمۇ شۇنداق تۇيغۇدا.

رۇقىيە ئابدۇللا: ھېس قىلىشىمچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھازىر نىسپىي مۇقىم تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەتراپىمىزدا ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغانلار شۇنچە كۆپ، لېكىن ئەدەبىياتقا تىلدا كۆيۈش بىلەن دىلدا كۆيۈش، بىردەملىك كۆيۈش بىلەن مەڭگۈلۈك كۆيۈش ئوخشىمايدۇ. ئەدەبىياتقا بولغان ئوتنىڭ تەپتى كۈچەيگەنچە، ئۇنىڭ قەلەمكەشتىن تەلەپ قىلىدىغان بەدىلى شۇنچە ئېغىرلاپ بارىدۇ. چۈنكى، يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكار دېگەن سۆزلەر ئېيتىلماققا ئاغزىمىزدىن ئاسانلا چىقىپ كەتكەندەك قىلغان بىلەن ئىچىگە سىغدۇرغان ۋەزنىنى ھەتتا مەلۇم بىر دەۋر ۋە مەلۇم بىر زاماننىڭ ئۆلچەملىرى بىلەن ئۆلچەپ بولغىلى بولمايدۇ. قەلەمنىڭ قۇدرىتى شۇ يەردە بولسا كېرەك. لېكىن، شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، سان ئۆزگىرىش بىلەن سۈپەت ئۆزگىرىش داۋاملىق ئوڭ تاناسىپ بولۇۋەرمىگەندەك، بەزى ساھەلەردە، خۇشاللىنارلىق نەتىجە يەنى بىز كۈتكەن سۈپەت ۋە قىممەت روياپقا چىقىۋاتقان بولسىمۇ، بەزى ساھەلەر قۇرۇق، بوش قېلىۋاتىدۇ. گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەم، مەن سىزنىڭ ئەدەبىيات كوچىسىدىكى مېھنەتلىرىڭىزگە ئىزچىل دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. شۇڭا بۈگۈن سىز بىلەن سىز ئىزدىنىۋاتقان، مەن ۋە باشقىلار قىزىقىدىغان بەزى تېمىلار توغرىلىق پىكىر ئالماشتۇرسام دېگەن ئۈمىدتىمەن.

قاھار نىياز: بولىدۇ. بۇنىڭ مەن ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك بىر پۇرسەت بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

رۇقىيە ئابدۇللا: مېنىڭ نەزەرىمدە، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئاز ۋە ساز ھېكايىلىرىڭىز بىلەن بىزنى قايىل قىلىپ كەلگەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرسىز. ھەر قېتىم باشقا مۇھەررىرلەردىن ياخشى ھېكايىلەرنىڭ يوقلىقىدىن ئاغرىنىۋاتقىنىنى ئاڭلىغىنىمدا ياكى ئۆزۈم ئەسەر تەھرىرلەپ ئولتۇرۇپ ئۇسسىغان يەرگە بارغىدەك شۇنداق بىر ھېكايىلەرنى سېغىنغىنىمدا ئىختىيارسىز ھالدا سىز قاتاردىكى بىر قانچە يازغۇچىلارنىڭ قەلىمىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئالىمەن، ئۆز - ئۆزۈمگە «ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ» دەپ سوئال قويىمەن. شېئىرىيىتىمىزگە ئوخشاشلا پىروزىچىلىقىمىزدىمۇ بىر جەڭگىۋارلىقنىڭ، سىلكىنىشنىڭ، بۇرۇلۇشنىڭ بولۇشىنى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلىمەن.

سىزنىڭ «توكتىن چىققان بالا» دېگەن ھېكايىڭىزنى ژۇرنىلىمىزنىڭ 2014 - يىللىق 1 - سانىدا ئىشلەتكەندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسى ئىنتايىن ياخشى بولدى. بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر تېلېفون قىلىپ ئۆزىنىڭ ھاياجانلىق تەسراتىنى ئېيتتى. ھەتتا بەزىلەر «ئاشۇنداق ياخشى ھېكايىلەرنى ئۈزۈشتۈرساڭلار بولمامدۇ» دېگەنمۇ بولدى. سىزنىڭ 90 - يىللاردا پەيدا بولغان ئىزلەنمە ھېكايىچىلىق ھادىسىسىگە تەۋە «تۇمانلىق يەكشەنبە»، «تو-

پارەك شەھەر»، «ھېيت»، «مېنىڭ بىر قولۇم» قاتارلىق بىر يۈرۈش ھېكايىلىرىڭىزمۇ ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. شۇڭا بۈگۈن ئالدى بىلەن شۇ ھەقتىكى پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باقسام دەيمەن. سىزچە ئىزلەنمە ھېكايىچىلىق دېگەن نېمە؟ سىز نۆۋەتتىكى ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قانداق قارايسىز؟ مېنىڭچە، بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىڭىزغا مەنلا ئەمەس، سىزنىڭ ھېكايىلىرىڭىز چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئوقۇرمەنلەرمۇ قىزىقىدۇ دەپ ئويلايمەن.

قاھار نىياز: ئىزلەنمە ھېكايىچىلىق دېگىنىمىز خەنزۇچە «探索小说» دېگەن سۆزدىن تەرجىمە قىلىنىپ كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، قانداقتۇر ئايرىم ئېقىم ياكى ئۇسلۇب ئەمەس، شۇنداقلا سىرلىق، چۈشىنىكسىز ئەسەرلەرنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ. بۇ پەقەت ئەنئەنىۋى رېئالىزىملىق پروزىمىزغا نىسبەتەن سېلىشتۇرۇپ ئېيتىلغان، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىچىرەك يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي نامى خالاس. خۇددى شېئىرىيىتىمىزدە «گۇڭگا شېئىر» دېگەن ئاتالغۇ يوقاپ كەتكەن بىلەن، ئۇ پەيدا قىلغان سىلكىنىش ۋە ئىجابىي تەسىر ھازىرغىچە داۋاملىشىپ، شېئىرىيىتىمىزنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئىزىغا سالغىنىغا ئوخشاش، ئىزلەنمە ھېكايىچىلىقمۇ نۆۋەتتىكى پروزىچىلىقىمىزغا مەلۇم ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. لېكىن ئۇنىڭ داغدۇغىسى ۋە تەسىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن گۇڭگا شېئىرنىڭكىدەك كەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭقۇر بولمىدى. شۇڭا نۆۋەتتىكى پروزىچىلىقىمىزنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئومۇمىي جەھەتتە بەلگىلىك ئىلگىرىلەشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن پەروزا ئىدىيەسى، چوڭقۇرلۇق ۋە رەڭدارلىق جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك، ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولمىدى.

شۇڭا، بىزدە ھېكايە يازىدىغانلار خېلىلا كۆپ بولسىمۇ، سىز دېگەندەك ۋاي دېگۈدەك خاسلىق ياراتقان ئەسەرلەر ئاز، يەنى ھېكايىچىلىقىمىزدا يېڭىلىق، چوڭقۇرلۇق ئاز، ئىزىغا دەسسەش، تېما تەكرارلىقى، ھادىسىنى يېزىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىش، ماھىيەتكە كىرەلمەسلىك خاھىشى ئېغىر؛ ئىنساننىڭ مۇرەككەپ خاراكتېرىنى، زىددىيەتلىك، كۆپ قىرلىق ئىچكى دۇنياسىنى، دەۋر سىناقلىرى ئالدىدىكى داۋالغۇش ۋە تېڭىرقاشلىرىنى ئۆزگىچە چوڭقۇرلۇق ۋە ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ھېكايىلەر كەمدىن كەم. قىسقىسى، بىزنىڭ ھېكايە ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز بىر ئىزدا قېتىپ قالغىلى خېلى يىللار بولدى. بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز زېھنىنى چوڭقۇرلۇققا ئەمەس، كەڭلىككە بەكرەك سەرپ قىلدى. سۈپەتكە قارىغاندا سانغا بەكرەك كۆچىدى. ئەمەلىيەتتە، بىزدە يازىدىغان تېمىلار، ئېچىلمىغان بوزلۇقلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بىز «ھېكايىگە چۈشمەيدىكەن» دېگەن خام ماتېرىياللارنى، «قوللانساق قانداق بولار» دېگەن شەكىللەرنى دادىل سىناق قىلىپ باقساق تامامەن بولاتتى. كۆزىتىش نۇقتىمىزنى ئۆزگەرتىپ باقساق، ھېكايىگە بولغان چۈشەنچىمىزنى باشقىلارنىڭكىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىپ باقساق بولاتتى. ھەقىقىي ئىجادىيەت ئىزدىنىش ۋە سىناق ئارقىلىق مەيدانغا كېلەتتى. لېكىن بىز ئۇنداق قىلالمايۋاتىمىز. نەزەرىمىز ئۇششاق ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن، كىملەردىندۇر قاقشاش ۋە ۋەز نەسىھەتتىن، تەنقىد قىلىشتىن ھالقىيالمايۋاتىدۇ. دەۋرىمىزدە مەنىۋىيىتىمىزدە ئۈن ـ تىنسىز يۈز بېرىۋاتقان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر، يوقىتىش ۋە ئېرىشىشلەر، خەۋپ ۋە خەرىسلار، قىسمەت ۋە قىممەتلەر ھەققىدە مۇتەپەككۇرانە مەيداندا تۇرۇپ قەلەم تەۋرىتەلمىدۇق. ئەكسىچە، ئەتراپىمىزدىكى ياكى بىزدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر يازغۇچىلار يازغان ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئىگىلىۋالغان ئاساسىي يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يازغۇچى بولۇشىمىزنىڭ بىردىنبىر زۆرۈر شەرتى قىلىۋالدۇق... مەنمۇ بۇ ساھەدە كۆپ نەتىجە يارىتالمىدىم. پەقەت ئىزدىنىپ باقتىم، سىناق قىلىپ باقتىم، خالاس.

مەن ئۆزىمىزنىڭ كلاسسىك ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىن باشقا غەرب مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى خېلى كۆپ كۆرگەن. سارتېرى، كافكا، جامىس جويىس، ۋېرگىنىيە ۋولف، كاۋاباتى ياسۇنارى، بورخىس... قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. بۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەن ئىجادىيەتتە، كىتابخانلار قوبۇل قىلالىسىلا، ھەرقانداق شەكىلنى قوللانساق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئېھتىمال، ھېكايىلىرىمنىڭ شەكلى، ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلمىسىدا شۇلارنىڭ تەسىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئىدىيەسى شەك ـ شۈبھىسىز نۆۋەتتىكى بىزنىڭ رېئاللىقىمىزنىڭ مەھسۇلى. سىز تىلغا ئالغان ئەسەرلىرىمنىڭ ئىدىيەسى، شەكىل ۋە ئۇسلۇبلىرى ھەققىدە مېنىڭ سۆزلەپ يۈرۈشۈمنىڭ پەقەت ئورنى يوق. بۇنىڭغا كىتابخانلار ئۆزلىرى باھا بەرسۇن.

روقىيە ئابدۇللا: مەن ۋە باشقا ئوقۇرمەنلەر سىزنىڭ مۇشۇنداق ھېكايىلەرنى پات ـ پات يېزىپ تۇرۇشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمىز.

قاھار نىياز: رەھمەت! دەرۋەقە، مەن ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش، مۇھەررىرلىك ۋە كىنو، تىياتىر ئىجادىيىتى قاتارلىق ئىشلارغا تەڭ زېھنىمنى چېچىپ، كۆپ يېزىپ بولالمىدىم. بۇ ساھەدە كۆپرەك نەتىجە يارىتالمىدىم. لې-



كىن مەن سان قوغلاشمىدىم، ئانچىكى بىر تېمىلارنى كۆرۈپلا قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا ئالدىرىمىدىم. ئىجادىيەت بولغانىكەن، ئاز بولسىمۇ، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بولۇشى كېرەك دېگەن پرىنسىپىمدا چىڭ تۇردۇم. شۇڭا ھېكايىلىرىمنى يىغسام ئاران بىر كىتاب چىقىدۇ. بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇ سۈرئەتتە يېزىشىم مۇمكىن، لېكىن ھېكايە ئىجادىيىتىنى تاشلاپ قويمايمەن.

رۇقىيە ئابدۇللا: تىياتىر ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغىنىغا قارىماي، بىزدە بۇ ساھەدە قەلەم تەۋرىتىدىغانلار كۆپ ئەمەس. 80 - يىللاردا ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلەرنى قالدۇرغان دىرامىلارنى ھازىر كۆرگىلى بولمايدۇ. قارىغاندا دەۋر ئۆزگىرىپ دىرامىنىڭ ئورنىنى ئېتۈت ئالغاندەك قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىزنىڭ سەنئىتىمىزدە ئېتۈت بىر قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. كىشىلەر ئۆزىنىڭ بوغۇلغان، چاڭقىغان ھېسلىرىنى ئېتۈتتىكى كومېدىيەلىك كۆرۈنۈشلەر بىلەن قاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. شۇنىڭغا يارىشا بۇ ساھەدە بىر قىسىم سەنئەتكارلار يۇلتۇزدەك چاقناپ، خەلقنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. ئاشۇ سەنئەتكارلار ئوينىغان ئېتۈتلارغا قاراپ، كۈلكە ئىچىگە سىغماي قېلىۋاتقان ئېچىنىش ۋە تىراگېدىيەلەرنى كۆرگەندە، يەنە ئالدى بىلەن قەلەم تۇتقۇچىنى ئەسلەپ قالىمىز. ئېتۈت ساھەسىدە سىزنىڭ خېلىدىن بۇيان قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتقىنىڭىز بىزگە ئايان. سىز يازغان «ھەسەن تاز بىلەن بىلەن ھۈسەن چىمچىق»، «پايپاق»، «ئايپاتەم»، «ھەشەمەت»، «ئازغۇن»... قاتارلىق ئېتۈتلارنى مەن ياقتۇرۇپ كۆرگەن، ھەم كۆرۈرمەنلەرنىڭ رازىمەنلىك ھېسسىياتىنى كۆپ ئاڭلىغان. سىزدىن يەنە شۇنى سورىغۇم كېلىدۇ، ئېتۈت ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت بىزدىكى بۇ پەرۋىشكە، كۈچەيتىشكە ئېھتىياجلىق بولغان ساھە سىزنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىڭىزغا قانداق كىرىپ قالدى؟ بۇ زۆرۈرىيەتتىنمۇ ياكى ئىختىيارى تاللاشتىنمۇ؟ بۇ جەرياندىكى تەسىراتىڭىزنى بىلگۈم بار.

قاھار نىياز: مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، كۇچا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمەككە تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئېتۈت يېزىش تەبئىيلا مېنىڭ كۈندىلىك خىزمەت ۋەزىپەم بولدى. مەن بىر تەرەپتىن يېزىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىشكە باشلىدىم. سەنئەت ئۆمەكنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلانغان، ئىلگىرى ئوينالغان بارلىق دىراما، ئېتۈتلارنىڭ سىنارىيەلىرىنى، سىن دىسكىلىرىنى كۆرۈپ چىقتىم. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، جۇڭگونىڭ ۋە چەتئەلنىڭ تىياتىر توپلاملىرىنى تېپىپ ئوقۇدۇم. كېيىن بارا - بارا بۇ ساھەگە قىزىقىپ قالدىم. شۇڭا مەن سەنئەت ئۆمەكتىن ئايرىلغىلى 20 يىل بولاي دېگەن بولسىمۇ، ئېتۈت ئىجادىيىتىنى تاشلىماي كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ بۇ ساھەدىكى ھەقىقىي نەتىجەم ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن روياپقا چىقتى دېيىشكە بولىدۇ. 2000 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون سەھنىلىرىدە ئوينالغان ئېتۈتلىرىم 20 گە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىملىرى توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى ۋە تېلېۋىزور، رادىيو، سىن دىسكا ۋە تورلاردا كەڭرى تارقىتىلدى. سىز تىلغا ئالغان ئېتۈتلىرىم شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

مەن چوڭقۇرراق، ئېغىرراق پىكىرلىرىمنى ھېكايە ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. بۇنداق دېيىشىم، بەزى ئېغىرراق تېمىلارنى ئېتۈت شەكلىدە ئوتتۇرىغا تاشلاپ باقتىم، لېكىن، بۇنىڭ ئۈنۈمى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. قارىغاندا، خەلقىمىز ئېتۈتنى پەقەتلا كۆڭۈل ئاچىدىغان، كۈلكە ئارقىلىق مەلۇم ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىدىغان ژانىر دەپ چۈشىنىۋالغاندەك تۇرىدۇ. بىزگە نىسبەتەن ئىدىيەۋىلىكى چوڭقۇرراق، كۆرۈرمەننى پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدىغان، شەكلى ئۆزگىچىرەك ئېغىر تېمىلارنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا تېخى بالدۇردەك ھېس قىلدىم.

شۇڭا، بىزنىڭ جۈملىدىن مېنىڭ ئېتۈتلىرىم ۋۇجۇدىمىزدىكى تۈرلۈك ئىللەتلەرنى مەسخىرە قامچىسىغا ئېلىش بىلەن خاراكتېرلىنىۋاتىدۇ. سىز مېنىڭ ھەر بىر ئېتۈتىمنى شىڭشىنىي، ئەزىز نەسىننىڭكىدەك بىر ساتىرىك ھېكايە دەپ قارىسىڭىز بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىر ئەسەرنىڭ ھەجمى مەيلى ئۇ قايسى ژانىردىكى ئەسەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى ۋە سىغىمچانلىقىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. 2005 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى، ئەنگلىيە دىراماتورگى ۋە يازغۇچىسى خارولد. پىنتېرنىڭ ئەسەرلىرى بۇنىڭ دەلىلى. پىنتېرنىڭ بىر پەردىلىك دىرامىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ھەر بىر پارچە ئەسىرى كۆپ بولغاندىمۇ 10 بەتتىن ئاشمايدۇ، پېرسوناژلىرىمۇ ئىككى، تۆت ياكى بەش. دېمەك، ھەجمى بىزنىڭ ئېتۈتلىرىمىز بىلەن ئوخشاش. ھەتتا ئۇنىڭدىن قىسقا. شۇنداق تۇرۇپ بۇ ئەسەرلەر ئېتۈت ئاتالماي، دىراما دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، ئۇنىڭغا دىرامىنىڭ مەزمۇنى سىغقان، ئىككىنچىدىن، ئۇلاردا ئېتۈت دېگەن ئاتالغۇ يوق. ئۇ ئاشۇ ئەسەرلىرى بىلەن نوبېل مۇكاپاتىغا نائىل بولدى.

دېمەكچى بولغىنىم، ئېتۈت ۋاستەسىدىن پايدىلىنىپمۇ، بىز ئۆزىمىزنىڭ چوڭقۇر ئىدىيەلىرىنى ئىپادىلىسەك، ھەر خىل سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپ باقساق بولاتتى.

رۇقىيە ئابدۇللا: بىلىشىمچە، بىزدە ئېتۈتقا مۇناسە-

ۋەتلىك نەزەرىيەۋى تەتقىقاتلار يوق دېيەرلىك. شۇڭا خەلقىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسىمۇ چوڭقۇر ئەمەس. ھەم بۇ جەھەتتە سۈپەتسىز «مال»لار خېلى بار. شۇڭا ئېنىقتا قانداق زۆرۈر شەرتلەر قويۇلىدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق؟

قاھار نىياز: دېگىنىڭىز توغرا. مېنىڭچە، ئېنىۋەت تىياتىر ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تىياتىرغا قويۇلىدىغان زۆرۈر شەرتلەرنى چوقۇم ئۈزىدە ھازىرلىشى كېرەك. يەنى، بىر ئېنىۋەتتا چوقۇم بىر ئاكتىئال ئىدىيە بولۇشى، كىچىك بولسىمۇ مۇكەممەل بىر ۋەقەلىك، زىددىيەت توقۇنۇش بولۇشى، دىيالوگ جانلىق، كۈچلۈك بولۇشى، ئەڭ مۇھىمى پېرسوناژ ئوبرازى، خاراكتېرى بولۇشى كېرەك. ۋاھالەنكى، بىزدە سىز ئېيتقاندەك ئېنىۋەتنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە مۇقىم چۈشەنچە يوق، بۇ ھەقتىكى نەزەرىيەۋى تەتقىقات، باھالار تېخىمۇ يوق. شۇڭا بىزنىڭ نۇرغۇن ئېنىۋەتلىرىمىز يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىيالمايدۇ. قەستەن زورلاپ كۈلكە قوغلىشىش، رېئاللىقتىن چەتنەش، ئوچۇقتىن - ئوچۇق ۋەز - نەسىھەت قىلىشتەك سەنئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ قىلمىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

گەرچە ئېنىۋەت تۈرلۈك كېچىلىكلىرىمىزدە دائىم كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ، خەلقىمىز بۇ ساھەگە ئۈنچىلىك كەسكىن، ئەقلىي نەزەردە قاراپ كەتمىدى. ئەلۋەتتە، ئىجادىيەتتە بېكىتىلىنىڭ كەمچىل بولۇشىدا يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بۇ ساھەگە ئېتىبار بەرمەسلىكى بىرىنچى مۇھىم ئامىل.

رۇقىيە ئابدۇللا: سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ، مېنىڭ بۇ ساھەگە بولغان چۈشەنچەم خېلىلا چوڭقۇرلاپ قالدى. تىياتىر سەنئەت ئائىلىسىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ۋە شەرەپلىك ئەنەنىگە ئىگە. لېكىن بۈگۈنكى زامانىۋى ئۇچۇر دەۋرىدە، بۇ ژانىر بارغانسېرى سەپتىن چۈشۈپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. سىزچە، بۇ قارىشىم توغرىمۇ؟ تىياتىرچىلىقىمىزنىڭ كەلگۈسى قانداق بولار؟

قاھار نىياز: تىياتىرنىڭ زامانىۋى سەنئەت بولغان كىنونىڭ ۋە باشقا تاراتقۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنى راست. لېكىن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ياۋروپادىلا ئەمەس، ئېلىمىزنىڭ بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىدىمۇ تىياتىرنىڭ نۇرغۇن كۆرۈرمەنلىرى بار. بېيجىڭدىكى دۆلەتلىك تىياتىرخانىدا ھەر كۈنى نەچچە مەيدان تىياتىر ئوينىلىدۇ. بېلەت باھاسى 200 كويدىن 800 كويغىچە باردۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئويۇن كۆرىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، تىياتىر مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ مۇھىم مەنىۋى ئوزۇقى. بىز ئۇيغۇرلارمۇ ناھايىتى ئۇزاق يىللىق تىياتىر ئەنئەنىسىگە ئىگە. «مايتىرى سىمىت» بۇنىڭ دەلىلى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بىزدە تىياتىرچىلىق بىر قېتىم گۈللەنگەن، 80 - يىللاردا يەنە بىر قېتىم تىياتىر يۇقىرى دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، 90 - يىلنىڭ باشلىرىدا ئاستا - ئاستا پەسلىدى ۋە ئېنىۋەتقا ئورۇن بوشاتتى. بۈگۈنكى كۈندە بىزدە چوڭ تىپتىكى يىرىك تىياتىر ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلمىدى. ئەسلىي بىزدەك سەنئەتخۇمار مىللەتتە يىرىك تىياتىر ئەسەرلىرى ئۈزۈلۈپ قالسا بولمايتتى. ئۇنىڭ دەۋرىمىزدىكى رولىنى ھەرگىز كەم مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. يازغۇچىلىرىمىز بۇ ساھەگىمۇ نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ قويسا بولاتتى. مەمتىلى زۇنۇن، تۇرسۇن يۇنۇس، تۇرسۇنجان لېتىپ قاتارلىق درامماتورگلىرىمىز ئۆز تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ بولدى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئىزچىل ئىجادىيەت قىلىۋاتقان درامماتورگلىرىمىز بارماقىقا توشمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى بەكمۇ كۆپ ۋە مۇرەككەپ.

مەن تىياتىرچىلىقىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى چوقۇم پارلاق بولىدۇ دېگەندەك ساختا ئۈمىدۋارلىقتا تۇلغان، قىلبىلىشىپ قالغان سۆزنى قىلىشنى خالىمايمەن. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، تىياتىرچىلىقىمىزنىڭ كەلگۈسىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنى مۇھىمى تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەبلەردىن باشقا يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئېتىۋارى، ئىجتىھاتى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى بولغان ئەسەرلىرى بەلگىلەيدۇ.

رۇقىيە ئابدۇللا: سەممىيلىكىڭىزدىن يەنە بىر قېتىم خۇش بولدۇم. مەن سەنئەتنىڭ بىر پۈتۈن قانۇنىيەتلىرىنى تازا دېگەندەك چۈشىنىپ كەتمەيمەن. شۇنداقتىمۇ، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، تارىختىن بۇيان «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بىزدەك بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سەنئەت ساھەسىدە ھازىرغىچە بارلىقا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان نەتىجىلەر يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن «12 مۇقام» بىزنىڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرىمىز سۈپىتىدە يۈزىمىزنى يورۇق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئەڭگۈشتەردىن تارقىلىۋاتقان خۇشپۇراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان تەرى بەدىلىگە كەلگەن. مەن ئويلايمەنكى، بىزنىڭ بۈگۈنىمىزدىمۇ ئاشۇ «12 مۇقام» ۋارىسلىرىنىڭ قان تەرى بەدىلىگە كەلگەن چوڭ تىپتىكى تىياتىرلار، سىمفونىيەلەر بولسا، ھەقىقىي سەنئەتنىڭ مېغىزىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېپىپ كۆرگەن خەلق ئادەم، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك مۇناسىۋەتكە ئەستايىدىل مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاملە قىلارمىكىن دەپ ئويلايمەن.

قاھار نىياز: دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق، بولسا ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن.

رۇقىيە ئابدۇللا: سىز كىنوچىلىق ساھەسىدىمۇ خېلىدىن بېرى ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان سىنارىستلىرىمىزنىڭ بىرى. بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھەتتا بىر قىسىم ياغۇچىلىرىمىزنىڭمۇ ماڭا ئوخشاشلا كىنو ساھەسىگە بولغان تونۇشى يېتەرسىزمىكىن دەپ قارايمەن. شۇڭا مەن نۆۋەتتىكى كىنوچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئۇيغۇر كىنوچىلىقى ھەققىدە سىزدىن قانائەتلىنەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز دېگەن ئۈمىدتىمەن.

قاھارنىياز: مەن 20 يىلدىن بۇيان كىنو ساھەسىگە ئىزچىل دىققەت قىلىپ، بۇ ساھەدە ئۆزلۈكىمدىن ئۆگىنىپ ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىمەن. بۇ جەرياندا مەن كىنونىڭ بىر دۆلەت ياكى مىللەتكە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئىپادىلەش، ئۆز مەدەنىيىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش ۋە ئېتىراپ قىلدۇرۇشتا قانچىلىك مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىم. نۆۋەتتە دۇنيادا زامانىۋى سەنئەت تۈرى بولغان كىنو يېتىپ بارمىغان ھېچقانداق بۇلۇڭ - پۇچقاق يوق. بۇنى كىنونىڭ بىۋاستە كۆرۈنۈشچانلىقى ۋە ئالاھىدە ئىدىيە يۇقۇملاندۇرۇش كۈچى بۇنى بەلگىلىگەن. كىنونىڭ مۇھىملىقىنى ئاللىبۇرۇن ھېس قىلىپ يەتكەن ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرى كىنو ئۈچۈن ھەددى - ھېسابسىز مەبلەغ سالدى ۋە سېلىۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئاكتۇئال ئىدىيەلەرنى تەشۋىق قىلىشتىن باشقا، ئۆزى يەتمەكچى بولغان تۈرلۈك ئىدىيەۋى مۇددىئالارغا ئوڭۇشلۇق يېتىپ كېلىۋاتىدۇ. كىنونىڭ بېلەت كىرىمى، ساياھەتچىلىك، مەھسۇلات ئېلانى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىپ كېلىدىغان ئىقتىسادىي پايدىسى تېخى ئايرىم بىر مەسىلە. ھىندىستان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە بىردىن كىنو ئىشلەيدۇ. ھىندىستاننىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى كىنودىن كىرىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار گەرچە ھىندىستانغا كۆپ بارمىغان بولسىمۇ، ھەر قانداق بىر ئۇيغۇردىن ھىندىستان توغرىلىق سوئال سورىسىڭىز ئازدۇر - كۆپتۇر بىر نەرسە دەپ بېرەلەيدۇ.

نۆۋەتتە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تۈرلۈك ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىن روھىيىتىمىزگە ئۈن - تىنسىز تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، بىزنى ئۆزگەرتىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ھەرگىز كىنودىن ئايرىپ قارىيالمايمىز. كورىيە ۋە تۈركىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ مودا بولۇشىنىڭ ئۇلارنىڭ بىز كۆرۈۋاتقان كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەممىزگە ئايان. ئېھتىمال بەزىلەر ئۇلار تەرەققىي قىلغان، كىنو ئىشلەش ئىمكانىيەتلىرى بىزدىن ياخشى تۇرسا دېيىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا بىز ئىراننىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى. ئىران تىپىك ئىسلام دىنى دۆلىتى بولغاچقا كىنوغا تۇتقان پوزىتسىيەسى قاتتىق. چەت ئەل كىنولىرىغا بولغان كونتروللۇقى ئىنتايىن كۈچلۈك. ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەنگەن كىنولارغا ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقارمايدۇ، شەخسلەرنىڭ مەبلىغى بىلەن پۈتىدىغان ئىران كىنولىرى ئىسلام دىنىغا ۋە سىياسىغا مۇناسىۋەتلىك قاتمۇقات تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈشى شەرت. مەسىلەن: كىنودا يالاڭباش، بىلىكى، پۇتى ئوچۇق ئاياللارنى چىقارماسلىق، ئەر - ئاياللارنىڭ قوللىرى تېگىشكەن كۆرۈنۈشلەرنى چىقارماسلىق، زوراۋانلىق، ئۇرۇش ۋە ئەيش - ئىشرەت كۆرۈنۈشلىرىنى چىقارماسلىق... دېگەندەك. مۇشۇنداق شارائىتتا ئىراننىڭ ئىلغار پىكىرلىك كىنو ئىجادىيەتچىلىرى تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە ئىقتىسادىي بېسىملارنى يېڭىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، نۇرغۇن ياخشى فىلىملەرنى ئىشلەپ، كۆپ قېتىم «ئوسكار مۇكاپاتى» قاتارلىق خەلقئارا كىنو مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشىپ دۆلىتىگە ۋە مىللىتىگە شان - شەرەپ كەلتۈردى، پارس مىللىتىنىڭ قەدىمىي ۋە مول مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتتى. ئىراندا باللار فىلىملىرىنىڭ كۆپ ئىشلىنىشى بۇ تۈردىكى فىلىملەرنىڭ يۇقىرىقىدەك چەكلىمىلەرگە كۆپ ئۇچرىمايدىغانلىقىدىندۇر. مەجىد مەجىدى، ئابباس كىيارۇستەمى، ماخمالباخ، باخمان گۇبادى (كورد)، مەريەم شەھرىيار (ئايال رېژىسسور)، يېقىندا ئوسكار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىز دىمەتلىك رېژىسسور ئەسقەر فارھادى قاتارلىقلارنى ئىران كىنوچىلىقى ئۈچۈن يول ئاچقان ۋە ئۇنى دۇنياغا تونۇتقان قەيسەر سەنئەتكار دېيىش مۇمكىن.

مېنىڭ بۇلارنى تىلغا ئېلىشىم، بىز ھازىرغىچە كىنونى ئاساسەن ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىش دەپلا چۈشىنىپ كەلدۇق. ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىكى زۆرۈرىيىتى ۋە تەسىرىگە سەل قارىدۇق. قىسقىسى، دۇنيانىڭ بۇ ساھەگە قانچىلىك ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىنى تېخى تولۇق ھېس قىلىپ يېتەلمەيۋاتىمىز.

ئەمدى ئۆزىمىزگە كەلسەك، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا رايونىمىزنىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن نۇرغۇن فىلىملەر ئىشلەندى ۋە ئىشلىنىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار تېمىسىدىكى كىنولار كۆپ سالماقنى ئە-

گىلەيدۇ.

بىز ئۇيغۇر كىنوچىلىقى توغرىلىق سۆز ئېچىشتىن ئاۋۋال، مەن بىر ئۇقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. يەنى بىز ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇرلار رول ئالغانلىكى كىنولارنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇر كىنوچىلىقى قاتارىدا ساناپ كېلىۋاتىمىز. ھەتتا كىنو ئوبزورچىلىرىمۇ ماقالىلىرىدا مۇشۇنداق ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ قاراش خاتا. ئەمەلىيەتتە، سىنارىست، رېژىسسور قاتارلىق ئاساسلىق ئىجادىيەتچىلىرى ئۇيغۇرلاردىن بولغان كىنولارنى ئۇيغۇر كىنوچىلىقى قاتارىدا سانىساق، ئاساسلىق ئىجادىيەتچىلىرى باشقا مىللەتتىن بولغان، ئۇيغۇرلار رول ئالغان كىنولارنى ئۇيغۇرلار تېمىسىدىكى كىنو دەپ ئاتىساق توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ھوللىۋودتىكىلەر ئەرەب قۇملۇقىغا بېرىپ، ئەرەبلەر رول ئالغان «مىڭ بىر كېچە» توغرىلىق كىنو ئىشلىسە، بۇ كىنو ئەرەب كىنوچىلىقىغا تەۋە بولمايدۇ، ئەكسىچە، ئامېرىكا كىنوچىلىقىغا تەۋە بولىدۇ. بىز مۇشۇ بويىچە كۆزەتكەندە، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن كىنولارنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىزنىڭ ئاكتيورلىرىمىز كۆپ بولغان بىلەن كىنو ئىجادىيەتچىلىرىمىز ئىزچىل كەم بولۇپ كەلدى. بۇگۈنكى كۈندىمۇ شۇنداق. يېقىندا مەن ئېتىراپقا ئېرىشكەن بىردىنبىر ئۇيغۇر كىنو رېژىسسورى شىرزات ياقۇپ ئەپەندى بىلەن پاراڭلاشقانىدىم. ئۇ ماڭا ھازىرغىچە كىنونىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىدىغان، ئۆزىگە يارىغۇدەك سىنارىيە يېزىپ بېرەلەيدىغان ئۇيغۇر سىنارىستلارنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى ئەپسۇسلىق ئىچىدە دەپ ئۆتتى. ئادەتتە بىزنىڭ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىغا ئانچە - مۇنچە سىنارىيەلەر كېلىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئاپتور سىنارىيەنىڭ قانۇنىيىتىنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكتىن ئەسەر ئىشلىتىلمەي قېلىپ قېلىۋاتىدۇ. مول مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە، ئون مىليون نوپۇسى بار بىزدەك بىر قەدىمىي مىللەتتىن بەش سىنارىست، بەش كىنو رېژىسسورىنىڭ چىقماسلىقى ئېچىنىشلىق بىر ئىش. ئېھتىمال، بەزىلەر بىزدە رېژىسسور جىققۇ دېيىشى مۇمكىن. مېنىڭ دەۋاتقىنىم كەسپىي كىنو رېژىسسورى. ئېتۇت، ئۇسسۇل ۋە سەنئەت كېچىلىكلىرىنىڭ رېژىسسورلىرى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ ۋە بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن ئالدىراپ چىقالمايدۇ. ئۇنداقتا بىزنىڭ كىنو ئىجادىيەتچىلىرىمىز نېمىشقا كەمچىل؟ جاۋاب شۇكى، بىز خۇددى باشقا نۇرغۇن ساھەلەرگە ئوخشاش بۇ ساھەگىمۇ ئېتىبار قىلىپ بولالمىدۇق. ئارتىست بولۇشقا قىزىقتۇقكى، سىنارىست، رېژىسسور، ئوپېراتور بولۇشنى ئانچە ئويلاپ كەتمىدۇق. قىسقىسى، بۇ ساھەدە ئىزدەنمىدۇق، يول ئىچىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمىدۇق. ھېلىھەم نۇرغۇن كىشىلەر كىنو ئىشلەش ھۆكۈمەتنىڭ، كىنو ئىستودىيەسىنىڭ ئىشى دەپ چۈشىنىدۇ. بىر كىنو ئىستودىيەسىگىلا تايىنىۋېلىش شىنجاڭدىن باشقا جايلاردا، جۈملىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار كىنونى شەخسنىڭ مەبلىغىگە، كەسپىي كارخانىلارغا تايىنىپ ئىشلەيدۇ.

دەرۋەقە، بىر كىنو سىنارىيەسىنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئورۇنلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كىنو ئىشلەشكە كۆپ پۇل كېتىدۇ. شىنجاڭنىڭ شارائىتىدا خەلقئارا ئۆلچەمدە ئادەتتىكى بىر كىنو ئىشلەشكە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش مىليون يۈەن ئەتراپىدا پۇل كېتىدۇ. بىزنىڭ بايلىرىمىز، كارخانىچىلىرىمىز بۇنچىلىك پۇلنى چىقىرالمىغۇدەك ھالەتتە ئەمەس. ھەم بۇ مەبلەغنى بېلەت كىرىمى ئارقىلىق قايتۇرۇپ كېلىش ۋە پايدا يارىتىش تامامەن مۇمكىن. گەپ يەنىلا ئىجادىيەتچىلەردە ۋە مۇشۇ يولغا تەۋەككۈل قىلالايدىغان مەبلەغ ئىگىلىرىدە. كىنو نۇرغۇن كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ئورتاق ھەمكارلىشىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال سەنئەت. بولۇپمۇ ئۇ سىنارىست، رېژىسسور قاتارلىق ئاساسىي ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ئىدىيەسىنىڭ بىر يەردىن چىقىشىنى شەرت قىلىدۇ. بىزدە ئىقتىساس ئىگىلىرى مەسىلىسىدىن باشقا سىنارىست ئۆز ئەسىرىگە رېژىسسور تاپالمايدىغان، رېژىسسور كۆڭۈلدىكىدەك سىنارىيە تاپالمايدىغان ۋەزىيەت مەۋجۇت. بۇمۇ كىنوچىلىقىمىزنىڭ پاسسىپ ھالەتتە قېلىشىنىڭ بىر سەۋەبى.

رۇقىيە ئابدۇللا: دېمەك، مەيلى تىياتىرچىلىقىمىز، مەيلى كىنوچىلىقىمىزدا بولسۇن، ئىجادىيەتچى ۋە نادىر ئىجادىيەت كەمچىلكەن. ئۇنداقتا سىز رايونىمىزدىكى بىردىنبىر ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا چىقىدىغان كەسپىي سەنئەت ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، بۇ ساھەنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قانداق ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدىڭلار؟ بۇنىڭ ئۈنۈمى قانداق بولىۋاتىدۇ؟

قاھار نىياز: بىز 112 بەتلىك «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر سانىنىڭ 30 بېتىنى ۋە تۆت قىستۇرما رەڭلىك بەتنى مەخسۇس كىنوغا ئاجراتتۇق. سەنئەتنىڭ بارلىق تۈرلىرىگە تەڭ ئېتىۋار بېرىش تەلەپ قىلىنىدىغان بىر ژۇرنالدا بۇ ئاز سان ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا ئالدىمىزدىكى ساندىن باشلاپ مەخسۇس مىكرو فىلىم سىنارىيەسى ئېلان قىلىدىغان سەھىپە تەسىس قىلدۇق. تىياتىرچىلىق ساھەسىدە بىز بىر مەزگىل توختاپ قالغان دىراما، ئېتۇت سەھىپىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق. يەكەن ناھىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىپ مۇكاپاتلىق ئېتۇت - كۈلدۈرگە

www.uyghurkitap.com

سەھىپىسىنى ئاچتۇق. 2013 ـ يىلى مەخسۇس تىياتىر ئىجادىيىتى كۇرسى ئېچىپ 15 ئاپتورنى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيەلىدۇق... بۇندىن كېيىنمۇ بۇ ساھەدىكى خىزمەتنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ئىشلەيمىز. بۇ خىزمەتلىرىمىزنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە ئۈنۈمى كۆرۈلدى. ئىلگىرى بۇ ساھەدە قەلەم تەۋرىتىپ باقمىغانلار قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىدى. لېكىن يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. بىز پەقەت تاشقى ئامىل. بىر قولدىن چاۋاك چىقمايدۇ، بۇ ساھەنىڭ گۈللىنىشى يەنىلا ئاپتورلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق.

رۇقىيە ئابدۇللا: ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ كىنو سىنارىيەسى ئىجادىيىتى جەھەتتىكى ئەھۋالىڭىز ۋە تەسىراتىڭىزنى بىلىپ باقسام بولامدۇ؟

قاھار نىياز: مەن 1999 ـ يىلى «ئاي گۇۋاھ» سىنارىيەسىنى يازغاندىن باشلاپ، ھازىرغىچە ئالتە كىنو سىنارىيەسى، 15 قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى يازدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككىسى سۈرەتكە ئېلىندى. تېلېۋىزىيە تىياتىرى ھازىر سۈرەتكە ئېلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

كىنو سىنارىيەسى ئەدەبىياتقا مەنسۇپ بىر ژانىر، لېكىن ئۇنىڭ يېزىلىش مۇددىئاسى ۋە ئۇسۇلى باشقا ژانىرلارغا پەقەت ئوخشىمايدۇ. يەنى ئۇ ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈپ يېزىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىدىيەسىدىن باشقا ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تىلى، قۇرۇلمىسى، سۇژىتى قاتارلىق بارلىق تەرەپلەر سۈرەتكە ئېلىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. سىنارىيە يېزىشتا ئېكران تىلىغا ۋە ۋاقىت چەكلىمىسىگە بويسۇنۇش بىلەن بىرگە، قوراشتۇرۇش ماھارىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ئۆلچەملىك بىر كىنو سىنارىيەسىنىڭ ھەجمى ئادەتتە بىر پوۋېستچىلىك كېلىدۇ. شۇڭا، ئەگەر بىر سىنارىيە سۈرەتكە ئېلىنمىسا، ئۇنىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىش ياكى توپلام قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بەك ئاز بولىدۇ. بۇ ئىنتكى، سىنارىيە يېزىقچىلىقىغا ھەۋەس قىلغۇچىلارغا پاسسىپ تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن، كىنونىڭ زۆرۈرىيىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىز بەدەل تۆلىشىمىز كېرەك. شۇڭا مەن سىنارىيەلىرىم كىنو قىلىپ ئىشلەنسۇن، ئىشلەنمىسۇن، ھامان ئىشلىنىپ قالار دېگەن ئارزۇ بىلەن يېزىپ كەلدىم. بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق يازىمەن.

رۇقىيە ئابدۇللا: بۇ سۆھبەت ئارقىلىق مەن دۇنيا كىنوچىلىقى، ئۇيغۇر كىنوچىلىقىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ۋە كىنو ئىجادىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن بىلىم، ئۇچۇرلارغا ئىگە بولدۇم. سىز ۋە شىرزات ياقۇپ ئاكىمىزغا ئوخشاش يىراقنى كۆرەر، مەسئۇلىيەتچان سەنئەتكارلىرىمىزنى ئۇيغۇر كىنوچىلىقىدا بىر ئۆزگىرىش ھاسىل قىلسىكەن دېگەن بىر يارقىن تىلىكىم بار. ئۆتكەندە مەن سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا كىنو سىنارىيەسى ۋە تىياتىر يېزىقچىلىقىدىن دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم. قارىغاندا مەخسۇس تەربىيەلەنگەن كىنو ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ بولۇش زۆرۈرىيىتى بۇ كەسپنى رويابقا كەلتۈرۈپتۇ. بىلمەكچى بولغىنىم، بۇ كەسپنىڭ ئېچىلىشى رايونىمىزنىڭ كىنو تىياتىرچىلىق ساھەسىگە نىسبەتەن ئۈمىدتىن دېرەك بېرەمدۇ قانداق؟

قاھار نىياز: پۈتكۈل دۇنيادا ياشاش، مەۋجۇت بولۇش رىقابىتى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان، پۇرسەت ۋە خەۋپلەر تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، زامان تەلەپلىرىگە مۇخالىپ كەلمىگەن ئاساستا، تۇرمۇش كارتىنىلىرىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كىنولارنى ئىشلەش بىز ئۈچۈن زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىجادىيەت بوشلۇقىمىزنى تولۇقلاش يولىدا داۋاملىق ئىزدىنىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز، ئۇرۇنۇپ بېقىشىمىز، مىننەتسىز بەدەل تۆلىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ۋە شىجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتى تىياتىر ئىنستىتۇتى بۇ زۆرۈرىيەتنى ھېس قىلىپ ئۆز تەۋەلىكىدە «كىنو، تىياتىر سىنارىيەسى ئىجادىيىتى» كەسپىنى تەسىس قىلدى. بۇ تولىمۇ ياخشى ئەھۋال. مەن ھېچقانداق ئەندىزە ۋە دەرسلىك ماتېرىيالى يوق شارائىت ئاستىدا، شۇ ئوقۇغۇچىلارغا سىنارىيە يېزىقچىلىقىدىن دەرس ئۆتۈپ كېلىۋاتىمەن. ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ مەشىق ئەسەرلىرىنى كۆرگىنىمدە مەندە كىنوچىلىقىمىزنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن سىز دېگەندەك ئۈمىد تۇغۇلىدۇ. شۇلارنىڭ ئىچىدىن ياراملىق بىر قانچە سىنارىست يېتىشىپ چىقسا شۇ مېنىڭ بەختىم.

رۇقىيە ئابدۇللا: سىزنىڭ ۋە سىز دەرس ئۆتۈۋاتقان ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەدىمىڭلاردىن كەلگۈسىدە خۇشپۇراق گۈللەر ئېچىلغۇسى. چۈنكى، قىيىنچىلىق قانچە ئېغىر بولغانسېرى ئادەمنىڭ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقا بولغان مېھىر ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

بىز ئەدەبىيات دېسە كۆپ ھاللاردا شېئىر بىلەن ھېكايە، رومانلارنىلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. بولسا ئىجادىيەتچىلىرىمىز بىر يولغىلا كىرىۋالماي، ئەدەبىياتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى بويىچە دادىل سىناق قىلىپ بېقىشى كېرەككەن دەپ ئويلىدىم. سىزگە قارىسام، سىزنىڭ «ئاي گۇۋاھ» دېگەن سىنارىيەرىڭىز كىنو قىلىپ ئىشلىنىپ قويۇلغاندا شۇنداق ياخشى تەسىر قوزغىغان. مانا بۈگۈن «نىساخان»نى كۆرۈش ئىستىكىدە تۇرۇۋېتىمىز. «ئاي گۇۋاھ»تىن «نىساخان»غىچە بولغان جەرياندا سىزنىڭ ئەگرى ـ توقاي ۋە جاپالىق ئىجادىيەت كەچۈرمىشلىرى-

ىڭىزنىڭ دەردىنى بىر ئۆزىڭىز بىلىسىز. سىز بايا دەپ
ئۆتكەندەك، بىر كىنو سىنارىيەسىنى كىنو قىلىپ خەلقنىڭ
ئالدىغا ئېلىپ چىقماق ھەقىقەتەن مۇشكۇل بىر ئىشكەن.
مەن بۇ مۇشكۇلچىلىكنى شائىرىمىز، ئىجتىھاتلىق رېژىس-
سورىمىز تاھىر ھامۇت «مىراجىخان»نىڭ MTV سىنى
سۈرەتكە ئالغاندا بىر قېتىم ھېس قىلغانىدىم، بۇ قېتىم
«نىساخان» سۈرەتكە ئېلىنغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس
قىلدىم. شۇ تاپتا بىزنىڭ كۆزىمىز «نىساخان» فىلىمىدە،
بۇ فىلىم كۆرۈرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولغىچە،
«نىساخان» نىڭ قانداق زۆرۈرىيەتلەر بىلەن ئىشلەنگەن-
لىكى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەن بولسىڭىز كۆڭلى-
مىزدىكىدەك ئىش بولغان بولاتتى.

قاھار نىياز: بولىدۇ. نىساخان ئانا كۇچا خەلق ناخ-
شىلىرىنى بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن مەش-
ھۇر خەلق سەنئەتكارى. ئۇ كۇچانىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنى-
يىتىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى ۋە كۇچانىڭ ماركىسى. بىز
پارتىيەمىزنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش چا-
قىرىقى ئاستىدا، مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى
بۈگۈن ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇش، خەلقنى ئىل-
غارلىققا، زامانىۋىلىققا يېتەكلەش، كۇچانىڭ مول ۋە
رەڭدار بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت، فولكلور مەدەنىيە-
تىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە ئاپتونوم رايونىمىز
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا قىلىنغان سوۋغا سۈپىتىدە
بۇ فىلىمنى ئىشلىدۇق. فىلىمدە نىساخاننىڭ سەنئەتكە بې-
غىشلانغان ھاياتى، رىۋايەتتەك گۈزەل مۇھەببەت تىرا-
گېدىيەسى مەركەز قىلىنىپ، كۇچانىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل،
يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ ئۆي، ھەر-
خىل مۇراسىم ۋە باشقا فولكلور مەدەنىيىتى كەڭ كۆلەم-
دە نامايەن قىلىنىدۇ. بۇ فىلىمنى كۇچانى ۋاستە قىلغان
ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ كۆرگەزمە مۇنبىرى دې-
سەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پىلانلىغان، كۇچا ناھىيەسى مەب-
لەغ چىقارغان بۇ فىلىمنى ئىشلەشكە ئىلگىرى ـ كېيىن بو-
لۇپ بىر يېرىم يىل ۋاقىت كەتتى. كۇچا ناھىيەسى بۇ فى-
لىمنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆر-
سەتتى. ھازىر فىلىمنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرى
تولۇق تاماملىنىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقلى-
شىنى ساقلاۋاتىمىز. شىنجاڭدىكى تەستىق ئاخىرلاشقاندىن
كېيىن، دۆلەتلىك كىنو ئىدارىسى تەستىقلىسا، توققۇزىنچى
ئايلاردا تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

نۆۋەتتە، مەن بۇ فىلىم توغرىلىق مۇنداق بىر ئىش-
نى ئەسكەرتىپ قويۇشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. نىسا-
خان ئۆتكەن ئەسىردە، كۇچادا ياشاپ ئۆتكەن رېئال تا-
رىخىي شەخس. بىز مۇشۇ شەخسنىڭ ھاياتى ئاساسىدا
سەنئەت كاتېگورىيەسىگە تەۋە كىنو ئىشلىدۇق، ھەرگىز-
مۇ ئاخبارات تىپىدىكى ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلىمىدۇق.
سەنئەتتە توقۇلما بولىدۇ. بىز بۇ فىلىمنى ئىجاد قىلىش ۋە
ئىشلەش جەريانىدا چوڭ جەھەتتىن تارىخىي پاكىتنى ئا-
ساس قىلىش، مۇۋاپىق بەدىئىي توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇرغا
يول قويۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ئەسەرنىڭ ئەقەللىي پ-
رىنسىپىغا ئەمەل قىلدۇق. شۇڭا، فىلىمدىكى نىساخان رې-
ئاللىقتىكى نىساخاننىڭ نەق ئۆزى ئەمەس، بەلكى سەنئەت-
لىك بىر تەرەپ قىلىشتىن ئۆتكەن، رېئاللىقتىن بىر دەرى-
جە يۇقىرى تۇرىدىغان نىساخان. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە خەلق
سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ھەم ئېسىل ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى-
مىزنىڭ بىر ۋەكىلى. فىلىمدىكى ھامۇت ھاجى، ھىلماخۇن
خەلپەت، پاتەمخان، زەيتۇنخان قاتارلىق بىرنەچچە پېر-
سوناژدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى توقۇلما. شۇڭا نىساخان-
نى كۆرگەن، بىلىدىغان كۆرۈرمەنلەرنىڭ بۇ نۇقتىنى
چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن، «نىساخان» فىلىمىنى
ئالامەت ياخشى چىقتى دېيەلمەيمەن، لېكىن شۇ نەرسە ئې-
نىق، بىز ۋاقىت ۋە ئىقتىساد قىس شارائىت ئاستىدا، تۈر-
لۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ بۇ فىلىمنى ياخشى ئىشلەش
ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسەتتۇق.

رۇقىيە ئابدۇللا: سىزنىڭ قەلىمىڭىزگە ئىنتايىن تە-
لەپچان ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. شۇڭا، ھاياجان تېپىدى-
كى ۋاللىدە بىر چاقناپ ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى
يېزىشتىن ئىمكان بار ئۆزىڭىزنى تارتىپ كەلدىڭىز. نۇر-
غۇن ياخشى ھېكايىلەرنى يېزىشقا كېتىدىغان ۋاقتىڭىزنى
ئەمدىلا بۇ يولدا تەمتىرەپ كېتىۋاتقان قەلەمكەشلەرنىڭ
رومان يازالىغۇدەك روھىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى ئۈ-
چۈن سەرپ قىلدىڭىز. باشقا ئىجادىيەتلىرىڭىزنىمۇ ھامان
ئۆزىڭىزنىڭ قىلىۋاتقان خىزمىتىڭىزدىن كېيىنكى ئورۇنغا
قويۇپ كەلدىڭىز. بۇنى مەن ئۇزۇن مەزگىللىك مۇھەر-
رىرلىك خىزمىتى جەريانىدا مۇھەررىرلەردە تەبىئىي ھالدا
شەكىللىنىپ قالىدىغان ئاپتورلارغا ۋە ئۆزىگە بولغان
كۈچلۈك تەلەپچانلىقتىن پەيدا بولغان ئۆزىنى تىڭشاش
بولسا كېرەك دەپ چۈشەندىم. دېگەندەك، ھەرقانداق
ئادەمنىڭ بېشىغا كەلمىگۈچە بىلمەيدىكەن، ئىلگىرى سىز-
نى قەلىمى شۇنداق ياخشى تۇرسا، نېمىشقا كۆپرەك ياز-
مايدىغاندۇ، نېمىشقا باشقىلاردەك رومان يېزىشقا ئالدى-
رىمايدىغاندۇ دەپ ئۆزۈمچە نارازى بولۇپمۇ قالاتتىم.
ئۆزۈممۇ بىر ژۇرنالدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەندىن كې-
يىن بىلدىمكى، باشقىلارنىڭ چاقناپ تۇرغان ئىجادىيەت
مېۋىلىرىگە، كىتابخانىلارنى بېزەپ تۇرغان كىتابلىرىغا
سىزنىڭ ئۆزىڭىز ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا تېگىشلىك ۋاقتى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ڭىز، زېھنىڭىز، يۈرەك قېنىڭىز ئاز - ئازدىن بەدەل بولۇپ كەلگەنىكەن. ئەقەللىيسى، كۇچانىڭ ئۆزىدىلا ئون نەچچە ئاپتورنىڭ كىتابى سىزنىڭ مۇھەررىرلىكىڭىزدە يورۇقلۇققا چىقىپتۇ. مەنمۇ بىر مۇھەررىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇ تاپتا سىزنىڭ مۇھەررىر ۋە ژۇرنالىستلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ھەققىدىكى پىكىرلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار.

قاھار نىياز: مۇھەررىرلىك خىزمىتىنىڭ ئىجادىيىتىمگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكىنى راست. مەن «تارىم» ژۇرنىلىدىكى مەزگىلىمدە، زېھنىمنىڭ كۆپ قىسمىنى ژۇرنال خىزمىتىگە سەرپ قىلدىم. ئىلگىرى مەن مۇھەررىر دېگەن ئالدىغا كەلگەن ئەسەرنىڭ بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ئايرىپ تەھرىرلەپ بەرسىلا بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق ئەمەسكەن. بىر ژۇرنالدا مۇھەررىرلىكتىن باشقا يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەر بولىدىكەن. مېنىڭچە، بىر ژۇرنالىست، بىر مۇھەررىر ئۆزى ئەسەر يازمىغان تەقدىردىمۇ، ئالدى بىلەن يۇقىرى ساپاغا ئىگە بىر زىيالىي بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ توختىماي ئۆگىنىشى، بارلىق ساھەلەردىكى بىلىملەرنى نەزەرىدىن ساقىت قىلماسلىقى كېرەك. ئۇ شۇ ژۇرنالنىڭ ژۇرنال چىقىرىش نىشانىنى، تۈپ ئىدىيەسىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى، شۇ ساھەنىڭ تارىخى ۋە بۈگۈنكى ئەھۋالىنى، ئاپتورلارنىڭ ئەھۋالىنى، ئۆز ژۇرنىلىنىڭ ئورنى ۋە قىممىتىنى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەرتلىرىنى، ئاجىز ۋە كۈچلۈك نۇقتىلىرىنى پىششىق بىلىشى كېرەك. ئۇ يەنە زامان مەۋقەسىگە ۋە ئاۋام ئىرادىسىگە توغرا ھۆكۈم قىلالايدىغان تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ھازىرلىشى، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ئۆز خىزمىتىگە ئاكتىپ ۋە ئىجادىي پىلان - لاھىيە تۈزەلەيدىغان، كۈچلۈك رىقابەت تۇيغۇسىغا ۋە ئىقتىسادىي ئاڭغا ئىگە ئادەم بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا بىر ژۇرنالىستتا خادىملارنى باشقۇرۇش، ئاپتورلارنى بايقاش ۋە يېتەكلەش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنى جايىدا يۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن ئىقتىدارلار ھازىرلىنىشى كېرەك. نۆۋەتتە تور، يانفون، تېلېۋىزور قاتارلىق تۈرلۈك زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى مىللىي تىل - يېزىقتىكى ژۇرناللىرىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا خىرىس ئېلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىرىس بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن ژۇرناللارنىڭ رىقابەت ئىچىدە ئىلگىرىلىشىگە، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزى توغرىلىق توختاۋسىز ئويلىنىپ يېڭىلىق يارىتىشىغا پايدىلىق...

رۇقىيە ئابدۇللا: راست ئېيتىسىز، بىر ژۇرنالىستنىڭ، بىر مۇھەررىرنىڭ ئەل - مىللەت ۋە دەۋر ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن. زامانغا لايىق ژۇرنالىست، مۇھەررىر بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئاقارتىش خىزمىتىگە تېگىشلىك ھەسسىمىزنى قوشۇش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز ۋە بۇرچىمىز.

ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر يۇرتنىڭ سەرخىللىرى توپلانغان جاي. سىزمۇ ناھىيەمىزدىن چىققان ئاشۇ سەرخىللىرىمىزنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىز ئۈچۈن تەر تۆكۈپ كېلىۋاتىسىز. شۇنداقلا يۇرتىڭىز كۇچانىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ئىزچىل جان - پىدالىق كۆرسىتىپ كەلدىڭىز. مەيلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كۇچادا ئىككى قېتىم ئىشلىگەن بەدىئىي فىلىمنىڭ ئاپتورلۇقى بولسۇن، مەيلى «كۇچا خەلق ناخشىلىرى» ناملىق توپلام ۋە سىن دىسكىنىڭ نەشر قىلىنىش جەريانىدىكى مېھنىتىڭىز بولسۇن، ۋە مەيلى سىز تۈزگەن «كۇچادا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر» ناملىق كىتاب ۋە ئىشلىگەن «نىساخان» كىنوسى بولسۇن، بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ تۇنجى سانىنىڭ نەشر قىلىنىشىدىمۇ سىزنىڭ ھەسسىڭىز كۆپ بولغانىدى.

مانا ھازىرمۇ ژۇرنالدىكى «ئاشۇ مەسلىھەتچى دەپ يېزىلغان نامغا چۈشلۇق ئىش قىلىشىم كېرەك، بولمىسا ئىسمىمنى ئۆچۈرىۋېتىڭلار» دەپ تۇرۇۋېپ، ئۆزىڭىزنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئايىماي بېرىپ كېلىۋاتىسىز. سىزنىڭ بۇ خىزمەتلىرىڭىزنى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىغا بولغان مېھرىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن، ئادەمىيلىك ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن دەپ چۈشىنىمىز ۋە بۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنىمىز!

قاھار نىياز: رەھمەت! ئۇنچىلىك ئەمەس، ئېھتىمال بۇ مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ ئەھۋالى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ تونۇشلۇقۇمدىن بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ كۇچاغىلا ئەمەس، شىنجاڭدىكى ھەر بىر يۇرتقا چوڭقۇر مېھرىم بار.

رۇقىيە ئابدۇللا: ئاخىرىدا مەن سىزنىڭ تېنىڭىزنىڭ سالامەت، بۇندىن كېيىنكى خىزمەت ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىڭىزنىڭ تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن! سىزگە رەھمەت!

قاھار نىياز: ياخشى تىلەكلەر ھەممىمىزگە تەڭ بولسۇن! سىزگىمۇ رەھمەت!





# ئېتىبارسىز «بىرىنچى خانىش»

ئابدۇلئەھەت داۋۇت تۈركزات

«كىتاب ــ بىلىم بۇلىقى»، «كىتاب ــ ئىنسانىيەتكە بەخت ـ سائادەت يولىنى كۆرسەتكۈچى ماياك»، «كىتاب خىلۋەتتە سىرداش، يالغۇزلۇقتا دوست، ھەسرەتلەرگە بەرھەم بەرگۈچى رەھنەما»... بىز كىتاب ھەققىدىكى ماقال ـ تەمسىل، ھېكمەت، ئەقلىيە سۆز، ئۇگۇت ـ دالالەتلەرنى تىزساق ئۇنىڭدىن بىرنەچچە توم قامۇس پۈتىدىغانلىقى چىن ھەقىقەت. «پارىس ئەپسانىلىرىدىكى يورۇقلۇق ۋە پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ھورمۇزنىڭ كۆرەشلىرى، گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى پرومىتىنىڭ ئوت ئوغرىلىشى، سوقرات، پىلاتونلارنىڭ پىكىر ـ تەلقىنلىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم ھەققىدە ئالتۇن قۇرلارغا قەلەم چېكىشمۇ ئەجدادلارنىڭ بىلىش ساھەسىدىكى بۇرۇنقى ئەقىل ئۆرنەكلىرىنى ئىزاھلاپ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، خۇلاسىلەش جەريانى» ئىدى. (ئابدۇقادىر جالالىدىن: «تولستوي دۇنيا قارىشىنىڭ قاتلىمى».)

بۇ يىل يىل بېشىدا يوپۇرغا ناھىيەسىدە ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان روزىمۇھەممەت تۇردى ئارتۇچ «باغداش» تورىدا 2015 ـ يىلىنى كىتاب ئوقۇش يىلى قىلىش توغرىسىدا بىر تەشەببۇسنامىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەشەببۇسنامە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەپەككۇرى ئويغاق كىشىلەر تەرىپىدىن ئالقىشلىنىپ، تەدرىجى تور ـ تاراتقۇ، رادىيو ـ تېلېۋىزور ۋە گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆلەملەشكەن جامائەت پىكرى كەيپىياتى ياراتتى. مەكتەپلەر ۋە يۇرت ـ يۇرتلاردا كونكرېتنى، جانلىق بەزى پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە قانىلىدا باشلىغان «شېرىن چۈش» پىروگراممىسىنىڭ تۈنجى سانىدا روزىمۇھەممەد تۇردى ئارتۇچنى ھەم ئۇنىڭ بۇ ئىزگۈ تەشەببۇسىنى كەڭ ئۇيغۇر كۆرۈرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ، بۇ سادانى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە، تېخىمۇ يىراق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغىچە يەتكۈزدى. بۇنى بىر ياخشى باشلىنىش، ياخشى يۈزلىنىش دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

زېھنى ئويغاق، بۇرچ تۇيغۇسى بار كىشىلەرگە سىر ئەمەسكى، كىتاب ئىنسانىي يۈكسەكلىككە باشلايدۇ. دۇنيادا ياخشى كىتابنى ئۆزىگە سىغدۇرالمايدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ ـ يۇ، ياخشى كىتاب دۇنيانى ئۆزىگە سىغدۇرالمايدىغان ئەھۋاللار بولغان ئەمەس. شۇڭا دۇنيا ھادىسىلىرىنىڭ، ماھىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى كىتاب قۇرلىرىدىن ئورۇن ئالغان.

مىللىتىمىزنىڭ كىتاب مەدەنىيىتىنىمۇ قەدىمىلىككە ئىگە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. دوكتور ياسىن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ دۇنخۇاڭدىكى مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە تەۋە تاشكېمىردىن تېپىلغان مىخ ھەرپلەرنى كومپيۇتېر ئارقىلىق ئانالىز قىلىپ ئىسپاتلىشىچە «ئۇيغۇرلار تارىختىكى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى بېيىتقان، ئىنسانىيەتنىڭ يازما مەدەنىيىتىنى باسما مەتبەئەگە ئېلىپ كىرىپ، باسما مەتبەئە ماتېرىياللىرى (كىتاب)نىڭ ئومۇملىشىشىغا تۆھپە قوشقان ئەڭ قەدىمكى مىللەتنىڭ بىرى»ئىكەن. («نۇر گېزىتى» 1997 ـ يىلى 5 ـ ئاۋغۇست سانى) قاراخانىيلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەر شەھىرىدىكى «ساجىيە» مەسچىتى يېنىدا قۇرۇلغان «خانلىق كۇتۇپخانىسى»، جالالىدىن رومى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «كونىيا كۇتۇپخانىسى»، ئەلشىر نەۋائىي دەۋرىدە قۇرۇلغان «ھىرات كۇتۇپخانىسى»، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە قۇرۇلغان

www.uyghurkitap.com

«خانلىق كۇتۇپخانىسى»، قۇمۇل ۋاڭلىقى دەۋرىدە قۇرۇلغان «ئوردا كۇتۇپخانىسى» قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر كۇتۇپخانىلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەزەلدىن كىتابقا، كىتاب ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى يېتەرلىك پاكىت بىلەن ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئېسىل ئەنئەنىسى دەل نۆۋەتتىكى زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدى ئىدى. ھەممىمىزنىڭ بىلىمگە، يەنە كېلىپ يېڭى بىلىمگە موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى تەخىرسىز رېئاللىق. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشى بىلىمنىڭ كونىراش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. «ئوكيانۇس» ناملىق لۇغەتتە ئىزاھلىنىشىچە، 18 - ئەسىردە، بىلىم يېڭىلاش دەۋرىيلىكى 80 — 90 يىل بولغان بولسا، 19 — 20 - ئەسىردە 30 يىلغا قىسقارغان. 1995 - يىلدىن بۇيان، 15 يىلغا قىسقارغان. ھازىر پەقەت 5 - 10 يىل بولۇۋاتىدۇ. ئامېرىكىلىق بىر ئالىمنىڭ 1976 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەنلەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىدىن خۇلاسىلىشىچە، ئۇلارنىڭ مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرى 1980 - يىلغا كەلگەندە % 50 كونىراپ بولغان، 1985 - يىلغا كەلگەندە پۈتۈنلەي كونىراپ زاماندىن قالغان. شۇ سەۋەبتىن ئامېرىكىدا دوختۇرلار ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۈزۈكسىز تەربىيەگە قاتنىشىپ، قايتىدىن لاياقەتلىك كېنىشكىسى ئالىدىكەن. ئەسلىدىكى كېنىشكىسى ئىككى يىلدىن كېيىنلا ئەمەلدىن قالىدىكەن. بىزدە كىتابتا بىرەر ئۆچمەنلىكى باردەك كىتاب دېسە ئەگىپ ئۆتىدىغان، كىتاب ئوقۇيدىغانلارغا مەسخىرىلىك نەزەرى بىلەن قارايدىغان، ئۆزلىرى ئاتام زامانىسىدا ئوقۇۋالغان بىر نەچچە پارچە كىتابنى، تېخى ھەتتا باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋالغان دەرسلىك كىتابنى ياستۇق قىلىپ خىرامان يېتىۋاتقانلارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. كىتاب ئوقۇش قانداق مۇھىم بولسا، كىتاب ئوقۇشنى ئۈزۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ بىلىمنى يېڭىلاپ تۇرۇشمۇ شۇنداق مۇھىم. مەرھۇم شائىرىمىز باتۇر روزى مۇنداق دېگەنىدى: «بىلىم يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن ھۆجەيرە ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسا كونىراپ شۇ بىلىم ئىگىسىگە نىسبەتەن خەۋپلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. دۇنيادا كونىرىغان بىلىمدىنمۇ ئاپەتلىك نەرسە يوق.»

بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇشقا سەل قارىشى، ئۇنى باشقا ئەرزىمەس ئىشلارنىڭ كەينىگە تىزىۋېلىشى قانداقتۇ بىزگە ئەجدادلاردىن قالغان مىراس، ئەنئەنە ئەمەس. ئەجدادلىرىمىز كىتابنى سۆيگەن، قەدىرلىگەن، ئۇنىڭغا ئۆز زېممىسىدىكى پەرز، قەرز سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان. كىتابنى ئەڭ ئەزىز تەۋەررۈك، قىممەتلىك بايلىق، ئۇنتۇلماس ئەستىلىك ھېسابلىغان. بۇنى يۇقىرىقىدەك جاھانغا نامى مەشھۇر كۇتۇپخانىلىرىمىزنىڭ قۇرۇلۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ قەلب ئالىمىنى قاشتېشىدەك سۈزۈكلۈككە، باھار ئاپتىپىدەك يورۇقلۇققا ئىگە قىلغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خان - پادىشاھ، بەگ - تۆرىلەرنىڭ تۆھپىكار سەركەردە - باتۇرلارغا ئات، قىلىچ؛ ئەمەلدار - بەگلىرىگە شاھانە تون، كەمەر؛ خانىش - مەلىكە، خېنىملارغا زىبۇ - زىننەت تەقدىم قىلغان بولسا، ئىلىم زەردارلىرىغا ھۆرمەت - ئېھتىرام، مېھىر - كۆيۈم، ئېتىراپ - قايىللىقنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە كىتاب سوۋغا قىلىدىغان، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئەجىر مېۋىلىرى بولغان كىتابلىرىنى ئالدى بىلەن خان پادىشاھلارغا تەقدىم قىلىدىغان ئېسىل ئادەتلىرىمىزگە دائىر مىساللارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇنى مىلادىيە 1076 - يىلى سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئاbbاسىيلار خەلىپىسىنىڭ 27 - خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىل مۇقتەدى بىئەمرۇللاھقا تەقدىم قىلغان. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ۋە شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شاھانە ئەسىرىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان. مەشھۇر تارىخچى مىرزا ھەيدەر كوراگان «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتابىنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇلرەشىدخانغا تەقدىم قىلغان. مەشھۇر مۇزىكانت، شائىر ۋە تارىخچى موللا ئىسمەتۇللا بىننى نېمەتوللا مۆجىزى مۇزىكانتلارنىڭ تارىخى پۈتۈلگەن مەشھۇر ئەسىرى «تەۋارىخي مۇسقىيۇن»نى خوتەننىڭ ھاكىم بېگى مۇھەممەد ئەلشىر بىننى ئابدۇمۆمىنبەگ (ئەلشىر ھېكىم بەگ)گە تەقدىم قىلغان. بۇنداق ئۈلگىلىك مىساللار خەلقىمىزدە كىتابنى سۆيۈش، كىتابنى قەدىرلەش ۋە كىتابنى چوڭ بىلىشنىڭ ئەزەلدىن مىللىي ئۆدۈم سۈپىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كىتاب ھەقىقەتەن بىباھا گۆھەر، دوستلۇقنىڭ قىممەتلىك سوۋغىسى، ئىلغار ئىدىيەنى شەكىللەندۈرىدىغان يېمىرىلمەس كۈچ. ئۇنىڭغا ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراستى، ئۆچمەس ھەقىقەتلەرنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەملەنگەن. كىتاب ئوقۇشنى قانچە بالدۇر باشلىساق ئۇنىڭ ئۈنۈمى شۇنچە بالدۇر كۆرۈلىدۇ. جۇڭگو «ۋايىدخېد پاراسەت تەربىيەسى تەتقىقات مەركىزى» تېما ھەيئىتىنىڭ قارىشىچە، كىتاب ئوقۇش بالىلارنىڭ زېھىن تەرەققىياتىنى، بىلىش ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، تىل بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ. نازۇك ھەرىكەتلىرىنى چېنىقتۇرىدۇ. كەچۈرمىشىنى بېيىتىدۇ. %44 تالانتلىق ئوغۇللار ۋە %46 تالانتلىق قىزلار



بەش ياشتىن بۇرۇن كىتاب ئوقۇشقا باشلىغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ئەقىللىق، سەگەك ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ياخشى مەكتەپتە، ياخشى سىنىپتا ئوقۇتۇش، ياخشى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ بېرىشكە كۆچەش بىلەن بىرگە ئەڭ مۇھىمى بالىلىرىغا كىچىكىدىن باشلاپ كىتاب ئوقۇشنى، كىتابقا مۇھەببەت بىلەن قاراشنى ئۆگەتىدۇ.

هازىر ھەركىم، قەيەردە بولمىسۇن كىتاب ئوقۇشنى ئويلايدىكەن، ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇش، كىتاب بىلەن ئەسىر ئالىشىش پۇرسىتى ئازادە هازىرلانغان. چۈنكى ئالاقىدار ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، مەملىكىتىمىز بويىچە 2596 ئامموۋى كۇتۇپخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا 323 مىليون پارچە كىتاب، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە 1080 كۇتۇپخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا 420 مىليون پارچە كىتاب ساقلىنىۋېتىپتۇ. («شىنجاڭ مائارىپى» 2014 ـ يىلى 5 ـ سان ئەيساجان تۇردى ئاچچىق: كىتابنىڭ كۆز يېشى ۋە سېھرى كۈچى) مەجبۇرى مائارىپ باسقۇچىدىكى مەكتەپلەر كۇتۇپخانىسى، كەنت ـ مەھەللىلەردە قۇرۇلغان دېھقانلار كۇتۇپخانىسى، ئائىلە كۇتۇپخانىلىرى ۋە ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلارنى بۇ ئىستاتىستىكىدا ئويلاشمىدۇق. بۇ يەردە مۇنداق بىر قىستۇرمىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس: نۆۋەتتە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ ئۆزىلا ھەر 1520 ئۇيغۇرغا بىردىن توغرا كېلىدىكەن. («شىنجاڭ مائارىپى» 2014 ـ يىلى 5 ـ سان ئەيساجان تۇردى ئاچچىق: كىتابنىڭ كۆز يېشى ۋە سېھرى كۈچى) سېلىشتۇرۇش داۋامىدا ئۇيغۇرلارغا توغرا كېلىدىغان كىتاب سانىنىڭ ئامېرىكىلىقلارغا توغرا كېلىدىغان كىتاب سانى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى دىققىتىمىزنى تارتتى. ئامېرىكىدا ھەر يىلى 12 مىڭ 600 خىلغا يېقىن گېزىت ـ ژۇرنال نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ھەر 13 مىڭ نوپۇسقا بىر خىل گېزىت ياكى ژۇرنال توغرا كېلىدىكەن. ئەمما كىتابقا تۇتقان پوزىتسىيەنى، كىتاب ئوقۇشقا بولغان ھېرىسمەنلىكنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا تىلىمىز كۆيىدۇ. ياپونىيەلىك باشقۇرۇش ئىلمى ئۇستازى ئوخمايى كېنىچىنىڭ «دېۋەڭ جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا: «جۇڭگودا ساياھەتتە بولغىنىمدا شەھەرلەردە كوچا ـ كوچىلاردا ئۇۋۇلاش دۇكانلىرىنى كۆردۈم، ئەمما كىتابخانا ناھايىتى ئاز. جۇڭگولۇقلارنىڭ كۈنىگە ئوتتۇرىچە كىتاب ئوقۇش ۋاقتى 15 مىنۇتقىمۇ يەتمەيدۇ.» دېگەن بىر ئابزاس بار. ھىندىستانلىق داڭلىق پېداگوگ شارمىستخان مۇخاپاترا ئۆزىنىڭ گېرمانىيەنىڭ فرانكفورت شەھىرىدىن شاڭخەيگە قىلغان زىيارەت سەپىرىنى ئەسلەپ يازغان «كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان مەسىلە — كىتاب ئوقۇمايدىغان جۇڭگولۇقلار» دېگەن ماقالىسىدىمۇ دۇنيا نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇنداق سان ـ سىفىرلارنى ئىستاتا ئالغان: تاراتقۇلارنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىسرائىلىيەلىكلەر يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 64 پارچە، رۇسىيەلىكلەر 55 پارچە، ئامېرىكىلىقلار 50 پارچە، ياپونىيەلىكلەر 40 پارچە، ۋېنگرىيەلىكلەر 20 پارچە، كورىيەلىكلەر 11 پارچە، فرانسىيەلىكلەر 10 پارچە، جۇڭگولۇقلار بولسا 0.7 پارچە كىتاب ئوقۇيدۇ. («شىنجاڭ مائارىپى» 2014 ـ يىلى 3 ـ سان شامىستخان مۇخاپاترا: كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان مەسىلە — كىتاب ئوقۇمايدىغان جۇڭگولۇقلار) مىللىتىمىزنىڭ كىتاب ئوقۇش ئىستاتىستىكىسىنى خۇلاسىلاشقا توغرا كەلسە بەلكىم ئىككى خانلىق ئونلۇق كەسىر بويىچە ئىپادىلەشكە توغرا كېلىشى مۇمكىن. رېئاللىقىمىزدا كىتاب ئوقۇمايدىغان، كىتابنى سۆيمەيدىغان، كىتابنىڭ قىممىتىنى، ئەھمىيىتىنى بىلمەيدىغانلار خېلى زور سالماقنى ئىگەللىسىمۇ، ئابدۇقادىر جالالىدىن ئۇستازىنىڭ: «بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتتە ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز گۈزەل خاراكتېر بايلىقىنى گەۋھەردەك ساقلاپ كېلىۋاتقان كىشىلەر تۈركۈمى ھامان بولىدۇ» دەپ ئېيتقىنىدەك، ئەجدادلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يارقىن نۇقتىسى بولغان قىز ـ ئوغۇللار مۇھەببەتلىشىپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلغاندا ئۆزئارا كىتاب ھەدىيە قىلىشىدىغان؛ دوستلار بىر ـ بىرىنىڭ كېسىلىنى يوقلىغاندا كىتاب ئالغاچ بارىدىغان؛ سەپەرگە ئۇزاتقاندا، ھال سورىغاندا ياكى مەخسۇس خاتىرە كۈنلەردە كىتاب سوۋغا قىلىدىغان، تەبرىكلەش، كۇتۇپلەش، لىكسىيە پائالىيەتلىرىدە ئىمزالىق كىتاب ساتىدىغان؛ ئەستىلىك سۈپىتىدە تەقدىم قىلىدىغان، تويلاردا يىگىت قولداش، قىز قولداشلارغا توي سوۋغىسى سۈپىتىدە كىتاب تارقىتىدىغان ئىزگۈ پائالىيەتلەر بىزنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ داۋامى ھەم راۋاجى سۈپىتىدە بىزنى ئۈمىدۋارلىققا ئۈندەيدۇ. ئىشىنىمىزكى، كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇشۇنداق خالىس پىداكارلىرىمىزنىڭ تەشۋىقاتى، تەشەببۇسىنىڭ غۇچچىدە چېچەكلىرىنى ھامان كۆرىمىز. چۈنكى، قۇياشنىڭ ھارارىتى ھەر قانچە بوش بولسىمۇ، قېلىن توڭنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر قەۋەت نەملىكنى پەيدا قىلىدۇ. بىر ئادەم كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ كىتابتىن ئىبارەت ھارارەتلىك دۇنياغا يۈزلەنسە، بۇ بىر ئەۋلادنىڭ چىرىغى، مايىكى بولۇپ قالىدۇ. مەيلى گەپنى قانداق ئېيتمايلى، بۈگۈنكى ئىلغار، زامانىۋى مەدەنىيەت ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان بىلىم ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى. ئۇنى ئىگىلەش، ئۇنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق پايانسىز ئالەمنى، مۇرەككەپ جەمئىيەتنى چۈ-

شەنگىلى، كۆز ئالدىمىزدىكى ۋە كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىتاب ئوقۇش، بىلىم ئىگىلەش ئۈستىدە توختىلىپ: «دۇنيادا بىلىمدىنمۇ زور بايلىق يوق، بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئىنساننى بۈيۈكلۈككە، سائادەت يولىغا؛ بىلىمسىزلىك بولسا مەھكۇملۇق ۋە ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بىلىمسىزلىك، نادانلىق ئىنساننىڭ غۇرۇرىنى سۇندۇرۇپ خار ـ زەبۇن قىلىدۇ، قۇل ۋە بېقىنىغۇچىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ» دېگەن بولسا، بۈيۈك ئەللامە جالالىدىن رومى: «دۇنيادىكى زىندانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىكى — ئادەمنىڭ بېشىدىكى زىنداندۇر» دېگەن؛ فرانسىس بېكون «كىتاب ئوقۇغان كىشى تولۇق ئادەم بولالايدۇ. دۇنياغا تۇغۇلۇپ ئادەم بولماق ئاسان، تولۇق ئادەم بولماق ھەقىقەتەن تەس» دەپ ئېيتقان.

«كىتاب باشتا ئېيتقاندەك خىلۋەتتە سىرداش، يالغۇزلۇقتا دوست، ھەسرەتلەرگە بەرھەم بەرگۈچىدۇر» كىتاب ۋاقتى كەلگەندە ئىنساننىڭ ھاياتىغا ۋاستىلىق بەدەل بولالايدۇ. مەلۇم بىر ھېكايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئىككى ئادەم مۇشكۇل بىر سەپەرگە چىقىپتۇ. بۇلارنىڭ بىرى يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك، پۇل ـ مال ئېلىۋاپتۇ، يەنە بىرى تەبىئەتنىڭ سىر ـ ھېكمەتلىرى بايان قىلىنغان بىر پارچە كىتابلا ئېلىۋاپتۇ. سەپەر داۋامىدا بىرىنچى كىشىنى ياۋايى ھايۋانلار يەپ كېتىپتۇ. پۇل ـ بايلىقلىرىمۇ قۇم ـ بوراندا ئۇچۇپ، توزۇپ، كۆمۈلۈپ تۈگەپتۇ. ئىككىنچى كىشى بولسا ئېلىۋالغان كىتابىنىڭ ياردىمىدە يول ـ مەنزىلنى توغرا نىشانلاپ، پايدىسىز ئامىللارنى، شارائىتلارنى پايدىلىق شارائىتقا ئايلاندۇرۇپ، ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ مەنزىلگە بىخەتەر يېتىپ بېرىپتۇ. تاتار ئالىمى رىزائۇددىن ئىبىن فەخرۇددىننىڭ «ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرى» دېگەن كىتابىدا قەيت قىلىنغان: «بىراۋنىڭ ئون زىخ ئالتۇن بىلەن قىلىدىغان ئىشىنى ئىلىم ئەھلى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بىر تەڭگىسىنى خەجلەپ روياپقا چىقىرىدۇ» دېگىنى مۇشۇ ھېكايەتنىڭ يەكۈنى بولسا كېرەك.

كىتاب ئوقۇشنىڭ ئادەمنىڭ سالامەتلىكى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى پسىخولوگىيە ۋە تېببىي پەنلەر تەتقىقاتلىرىدا ئىسپاتلاندى: «ھاياتلىق ۋاقىت گېزىتى»دە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكىدا چىقىدىغان «ئوقۇرمەنلەردىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىلى 6 ـ ئايلىق سانىدا كىتاب ئوقۇشنىڭ ئادەم بەدىنىگە تۆۋەندىكىدەك يەتتە تۈرلۈك پايدىسى بارلىقى بايان قىلىنغان:

بىرىنچى، چوڭ مېڭىنىڭ قېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. خۇددى بەدەندىكى مۇسكۇللارغا ئوخشاش، چوڭ مېڭىمۇ چېنىقىش ئارقىلىق تېخىمۇ ساغلام ھەم قاۋۇل بولۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ، كىتاب ئوقۇش چوڭ مېڭىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ھەرىكەتچانلىقىنى ساقلايدىكەن ھەم قېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.

ئىككىنچى، بېسىمنى تۆۋەنلىتىدىكەن. ئەنگلىيە كىتاب ئوقۇش كۇلۇبى ساسسېكس ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «پسىخىكا تەجرىبىخانىسى»غا ھاۋالە قىلغان تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، خىلمۇخىل بېسىمنى تۆۋەنلىتىش ئۇسۇللىرى ئىچىدە كىتاب ئوقۇشنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولۇپ، ئالتە مىنۇتتا بېسىمنى 68% تۆۋەنلىتىدىكەن. مۇزىكا ئاڭلاش ۋە سەيلە قىلىشقا قارىغاندىمۇ بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدىكەن. سەۋەبى ئادەم كىتاب ئوقۇۋاتقاندا خىيالى خەتكە مەركەزلىشىپ، جىسمانىي ۋە روھى جەھەتتىكى جىددىيلىكى پەسىيىدىكەن.

ئۈچىنچى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىكەن. كىتابتا نۇرغۇنلىغان ئۇچۇر نۇقتىلىرى بار بولۇپ، ھېكايە ئارقا كۆرۈنۈشى، پېرسوناژلارنىڭ نامى، تەپسىلاتلارنى بايان قىلىش... قاتارلىقلارنى كىتاب ئوقۇۋاتقاندا چوڭ مېڭە ئاسانلا ئەستە ساقلىۋېلىپ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئادەتلىنىش خاراكتېرلىك يۇقىرى كۆتىرىدىكەن.

تۆتىنچى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ساغلاملاشتۇرىدىكەن. ئامېرىكىدىكى بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ ئەمگەك قىلىش ۋە دەم ئېلىشى مۇۋاپىق بولۇپ، ئوزۇقلىنىش ئادىتى تېخىمۇ ساغلام بولىدىكەن. بىر تەرەپتىن ئۇلار كىتابتىن تېخىمۇ كۆپ ساغلاملىق بىلىملىرىنى قوبۇل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى تۇرمۇشنى تېخىمۇ سۆيىدىغان، ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان ئاكتىپ روھىي ھالەتكە ئىگە قىلىدىكەن.

بەشىنچى، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىكەن. ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە بىرلا ۋاقىتتا كۆپ ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىش، ئىش بېجىرىش، تېلېفون قوبۇل قىلىش... قاتارلىق پائالىيەتلەر ئادەمنىڭ دىققىتىنى چېچىۋېتىدىغان بولۇپ، كىتاب ئوقۇغاندا ئادەمنىڭ پۈتۈن دىققىتى كىتاب ئوقۇشقىلا مەركەزلىشىدىغان بولغاچقا كاللىغا تولۇپلانغان كۆپ خىل جۇغلانما ئۇچۇرلار چۆكۈپ، كۆڭۈلنى توختىتىپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىكەن.

ئالتىنچى، ئاغرىقنى پەسەيتىدىكەن. ئىتالىيەدىكى بىر تۈرلۈك تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان ئاخىرقى باسقۇچتىكى راك كېسىلى بىمارلىرىنىڭ ئاغرىقى پەسىيىپ، ئازابىنى ئۇنتۇلغانلىقى مەلۇم بولغان. شۇڭا دوختۇرلار ھازىر كىتاب ئوقۇشنى ئاغرىقنى داۋالاشقا يادەم بېرىدىغان بىر خىل دورا سۈپىتىدە ئىش-



لىتىشكە باشلىغان.

يەتتىنچى، قايغۇ ـ ھەسرەتنى داۋالايدىكەن. ئەنگلىيە روھىي كېسەل دوختۇرلىرى ئەسەبىيلىشىش كېسىلىنى داۋالايدىغان بىر يېڭى ئۇسۇلنى سىناق قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ دەل بىمارنىڭ رېتسېپىغا ئوقۇيدىغان كىتابنىڭ تىزىملىكىنى يېزىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىكەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، كىتاب ئوقۇش يېنىك ياكى ئوتتۇرا ھال ئەسەبىيلىشىش بىمارلىرىدا ئاكتىپ تەسىر پەيدا قىلالايدىكەن.

كىتاب ئوقۇشنىڭ ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بارلىقىمۇ پاكىت ئاساسى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن: ئالىملار 16 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا كىتابنى ئەڭ كۆپ ئوقۇغان كىشىلەردىن 400 نەپەرنى تاللاپ تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 72 ياش بولۇپ، كىتاب ئوقۇمايدىغانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشىدىن پەرقلىق يۇقىرى بولغان. مەملىكىتىمىزدىمۇ چىن سۇلالىسىدىن بۇيانقى ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 65.18 ياش بولغانلىقى ئىسپاتلانغان. مەيلى قايسى نۇقتىدىن ئالمايلى كىتابقا، كىتاب ئوقۇشقا ئېتىبار بېرىش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن تەخىرسىز رېئال مەسىلە. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى تېمىغا «رەقىبىڭىز ھېلىھەم كىتابتىن باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىۋاتىدۇ» دېگەن بىر ئاگاھ سىگنالى يېزىقلىق ئىكەن. پېتىر ئېلىيادنىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزى بار: «ئەگەر سىز بۈگۈن كەلگۈسى ئىچىدە ياشىمىسىڭىز، ئەتە ئۆتمۈش ئىچىدە ياشايسىز!» بۇيەردە بىزگە ئىما قىلىۋاتقان كەلگۈسى دەل كىتابتىن ئىبارەت. ئەگەر بىز كىتابقا ئەھمىيەت بەرمىسەك، كىتابقا داۋاملىق ئېتىبارسىز قارىساق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بوۋىمىز ئەل فارابى (870 — 950) ئېيتقاندەك: «پۇل تېپىش خاھىشىغا غەرق بولغان، ساختىپەز، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلگەن، چۇشكۇنلەشكەن، خۇشامەتچى ۋە شۆھرەتچى، خۇراپاتچى، ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن ئايىنىپ كەتكەن جاھالەتلىك كىشىلەر»دىن بولۇپ قالىمىز.

بىر دانا: «بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى تەربىيەت تارىخى دەل شۇ ئادەمنىڭ كىتاب ئوقۇش تارىخىدۇر. بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى پەللىسى شۇ مىللەتنىڭ كىتاب ئوقۇش سەۋىيەسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ ئالغا باسقان ياكى چېكىنگەنلىكىگە قاراشتا كىتاب ئوقۇشنىڭ قانچىلىك يىلتىز تارتقانلىقىغا قاراش كېرەك. بىر جەمئىيەتتە كىملەرنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقى، قانداق كىتابلارنى ئوقۇۋاتقانلىقى شۇ جەمئىيەتتىكى ئاۋامنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن.

مەن ماقالەمنى تۆۋەندىكى ھېكايەت بىلەن ئاخىرلاشتۇراي: بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ تۆت خوتۇنى بولۇپ، پادىشاھ تۆتىنچى خانىشنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، نەگە بارسا ئۇنى يېنىدىن ئايرىمايدىكەن، ئۈچىنچى خانىشنىمۇ ئەتىۋارلايدىكەن، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىكەن، ئىككىنچى خانىشنىڭمۇ ھەرھالدا ئىززىتىنى قىلىدىكەن، لېكىن بىرىنچى خانىشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىكەن، يامان بولغىنى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پادىشاھ بىرىنچى خانىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتۇ، ئاي ـ يىللار ئۆتۈپ شاھنىڭ ئۆمۈر دەرىخى قىيسىيىپ بىتاپ بولۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئەجەلنىڭ قورقۇنچلۇق سايىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدا دىۋەيلەشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ ئۈچ خانىشنى يېنىغا چاقىرتىپ، باقىغا ئۆزى بىلەن بىرگە كېتىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. «ياق» دەپ رەت قىپتۇ تۆتىنچى خانىش، «مەنمۇ قوشۇلمايمەن» دەپتۇ ئۈچىنچى خانىشمۇ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، «پەقەت قەبرىستانلىقىچە ئۇزىتىپ قويالايمەن» دەپتۇ ئىككىنچى خانىشمۇ تىلىنى چايناپ. بۇ جاۋابلاردىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بوپتۇ. شۇ ئەسنادا «مەن ئالىيلىرى بىلەن بىرگە كېتىشنى خالايمەن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، بۇ پادىشاھ ياتقان ئۆينىڭ ئىشىك تۈۋىدە ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان، خېلى يىللاردىن بېرى پادىشاھنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بىرىنچى خانىشنىڭ ئاۋازى ئىكەن، پادىشاھ شۇندىلا قىلغانلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

ھېكايەتتىكى پادىشاھنىڭ تۆتىنچى خانىشى كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىمىز، گۈزەللىكىمىزنى؛ ئۈچىنچى خانىشى بايلىق، مال ـ دۇنيالىرىمىزنى؛ ئىككىنچى خانىشى ئەتراپىمىزدىكى جەددى ـ جەمەت، قوۋمى ـ قېرىنداش، دوست ـ بۇرادەرلىرىمىزنى؛ بىرىنچى خانىش بولسا كىتاب ۋە ئۇ ئارقىلىق يېتىلگەن پاكىز ـ بىغۇبار روھ، مەڭگۈ قۇرىماس مەنىۋى يىلىك، قەلب سامايىمىزنىڭ ئىككى دۇنيالىق ئەبەدى غۇۋالاشماس نۇرلۇق يۇلتۇزىنى كۆرسەتسە كېرەك!

2015 ـ يىلىنىڭ كىتاب ئوقۇش يىلى بولغىنى ھەممىمىزنى خۇشال قىلىدۇ. پەيلاسوپ بېكون: «كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئادەتكە باغلىق. بارلىق تەبىئىي خۇسۇسىيەت ئادەتتەك كۈچلۈك بولمايدۇ؛ ھەتتا كىشىلەر قەسەم بەرگەن ياكى كاپالەت بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ رولى بىزگە ئومۇملاشقان ئادەتنىڭ رولىدىن چوڭ بولمايدۇ» دېگەن. كىتاب ئوقۇشنى ئادەت، ئومۇمغا ئايلاندۇرايلى، بۇ «بىرىنچى خانىش»ىمىزنى مەڭگۈ قەدىرلەيلى، يېنىمىزدىن ئايرىمايلى!

ئاپتور: گوما ناھىيەلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە




## يورۇقلۇق

ئۆيۈڭدە تۆت تامنىڭ سېنى مەنسىزلىككە سىقىشىدىن
باشقا ھېچنەرسە يوق
كارىۋىتىڭدا كونا ئەتىگەن ۋە قاغىنىڭ تەنھالىقى
ئۈستىلىڭدە ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان ئۆلۈم
ئۈچ سائەتنى ئاران ئۆتكۈزىسەن
ئىشىك ئالدىغا چىقىپ تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ
بەئەينى يۇقىرى پەللىگە يېتىش ئالدىدا تۇرغاندەك
كۆچەپ كۆچەپ شورايسەن
سەن تاماكىنى چېكىسەن
ئېشىك تاش كېچىنى چېكىدۇ
زۇلمەت تۈتۈنى ئىچىدە لەيلەيسەن
زۇلمەت تۈتۈنى ئىچىدە ئۆزۈڭگە ئۇزىرايسەن، ئۆ-
زۈڭگە چوڭقۇرلايسەن

ئەمدىكىسى سېنىڭ 27 ياشلىق زۇلمەت جانانىڭ
ئۇنىڭدا ئەتە يوق، تۈنۈگۈن يوق
يوقتۇر ھەمدە باشقا نەرسىلەر.

قاغا دېرىزىسىدىن ئۆزۈڭنى كۆرسەن
زۇلمەت لېۋىدە ئۆزۈڭنى سۆيسەن
چىڭقىلسەن چىڭقىلسەن
ھاسىرايسەن ھاسىرايسەن
يۇقىرى پەللە سەن ئويلاپ باقمىغان ھالدا كېلىدۇ:
قاپقارا ئىگىلىگۈ چېچەكلەيسەن، تەنھا چېچەكلەيسەن




## تېنىمدە پىشقان ئەما مېۋىلەر

1

كىرپىكلىرىم ئەينى قارا بۇغدايلىق، تەنھالىق شامىلىدا دولقۇنلىماقتا
قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىمۇ سېغىنىشنىڭ قۇرۇق-لۇقى بىلەن تولغان
دېرىزەمنى يېرىم ئېچىپ قويۇپ
ئازابىنىڭ ياستۇقىغا يۆلەندىم، كارىۋىتىمدا قۇرۇق تاشقىنلاۋاتقان ئۇيقۇ دېڭىزى
كېچە قاراڭغۇ كۆينەكلىرىنى يايغىنىچە كۆزۈمنىڭ بو-سۇغىسىدىن ئۆتمەكتە
مېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىم سېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس

2

ھېچكىم مېنى سەندەك چاقىرىپ باقمىدى
ئەمدى چاقىرىلىشنى ئۈمىد قىلمايمەن
ئىسمىمنى يەيدىغانلارغا ئىنئام قىلىمەن

3

ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى تەنىنىڭ يىراقلىقى
قۇياش يورۇتالمايدىغان
سۈبھى تولدۇرالمايدىغان

4

يۈرىكىمنىڭ بېغىشىغا كەل، ئەي قاراڭغۇ قۇش
ھەمدە مېنى قاناتلىرىڭ ئاستىغا يوشۇر

5

پىشتى تېنىمدا ئەما مېۋىلەر

6

تېنىمنىڭ پايانىدا ۋاقت ئېتى ئۇچقۇر
ياشاش ئۆلۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس
ھەمدە پىشىپ كەتكەن بۇغدايدەك ئورىلىشتىن باشقا
نەرسە ئەمەس
سۆيگۈ
بارمىقىمدىكى ئۈزۈكنى سىلىغاچ
ئاستا ـ ئاستا ئۆلۈمدە ئۇزاقلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس

7

تامنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئىچتىم
ئۆزۈم يالغۇز
شۇنداق مەست بولدۇمكى
كۆزۈم يۇمۇلۇپ، غۇۋالىقتىكى ھەممە نەرسىنى كۆردۈم
شۇنداق مەست بولدۇمكى
لەۋلىرىم مەندىن ئۇزاقلىدى
سەن بىلەن ئارىمىزدا مۇساپە قالمىدى
شۇنداق مەست بولدۇمكى
قەدەھنى تامغا ئاتتىم

ئەمدى ھەركۈنى مەستۇ مۇستەغرەق يۈرۈشتىن ئارتۇق
نە ئويغاقلىق، نە سەگەكلىك!

## قەسىدە: گۇناھ ئۈچۈن

ئاسماننىڭ كىيىنەك پەرۋازى بىشىم بىلەن سوقۇشقاندا
مەن سېنى سۆيۈۋاتقان بولىمەن
ۋاقىت دېڭىزى بېلىقنىڭ قاراڭغۇ قارنىدا ئۈزۈۋاتقاندا
مەن سەن بىلەن سۆيۈشۈۋاتقان بولىمەن
ھاياتنىڭ بارمىقى ئايالنىڭ بالياتقۇسىدا مىدىرلاۋاتقاندا
مەن سېنى يالىڭاچلاۋاتقان بولىمەن
ئۆلۈمنىڭ بۇغدىيى ئاشقازىنىمدا يىلتىز تارتقاندا
مەن تېنىڭگە كىرىپ بولىمەن
ئالماشقان روھىمىز مېنى قۇسۇپ چىقارغاندا
مەن سېنىڭ قۇرۇۋاتقان جەننىتىڭدە ئېزىقىپ قالىمەن
ۋاقىتنىڭ سىرتىدا
ھاياتنىڭ تېشىدا
ئۆلۈمنىڭ بېشىدا
سېنىڭ چىرىۋاتقان دوزىخىڭدا
سەن ئەركىنلىككە ئېرىشسەن
مەنمۇ ھەم

## ئۆلۈم

يانچۇقۇمنى بوشلۇققا قۇرۇقدىم
ۋە تېشىغا ئۆرۈپ قويدۇم
ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن قىستىلىشىپ
قوللىرىنى يانچۇقۇمغا سىلىشتى ـ دە
بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىشتى
ئۇلار تۇتۇۋالغىنىمىز جەۋھەر دەپ ئويلايتتى
ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالغىنىچە
قويۇپ بەرمەي ھەر تەرەپكە تارتىشتى
شۇنىڭغا خۇش بولدۇمكى
يانچۇقۇم چاپىنىمغا قوشۇلۇپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى
مەن ئۇلاردىن جىمجىت تۇندەك يىراقلاشتىم
ئەمدى ساڭا ئۇزاقلايمەن بەئەينى نۇرنىڭ تېڭىدەك

## قولۇڭدىكى تاش

سەن بىر تاشنى كۆتۈرۈۋالغان
تاش قولۇڭدا ئېغىرلىقنى يوقاتقان:
بۇلۇت

چوڭقۇرلۇقتىكى ئاسماندىن
ئاسماننىڭ چوڭقۇرلىقىغا ئۆرلىدى
ئەپيۈنگۈلدەك يارا چۈشلەردە ئېقىۋاتقان:
ئىچىڭدە كۆپكۆك دېڭىز ئۆركەشلەيدۇ
مەن يوچۇنمەن، ئاۋۇ ماترۇسلارغا:
سەن بىر پارچە تاش كۆتۈرۈۋالغان
ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىدا سېنىڭ قېنىڭ بار

ئاسمان ۋە زېمىن ئارىسىدىكى چوڭقۇر ھاڭدا
بىز قاناتلىرىمىزنى چەمبەرچەس باغلىۋەتتۇق
ئېغىر قاناتلار بىزنى ئۇستىمىزدىن بېسىپ تۇرماقتا
مەن ساڭا يېقىنلاشتىم، سەن بىر پارچە تاش كۆتۈ-
رۈۋالغان
قولۇمنى سوزدۇم: بىر كارىۋات
سەن ئۇچۇش ئاسان ئەمەس، دېدىڭ

ئۇچۇش ئاسان ئەمەس
چىراغنىڭ سىرتىدىكىسى ئۇزۇن كېچە ئىدى:
مەن تۈنۈگۈنكى چۈشلىرىمنى ئىزلەۋاتىمەن
تاش سېنىڭ قولۇڭدا ئېغىرلىقنى يوقاتقان: بۇلۇت
ئاسمان ۋە ھاڭلارنى كۆتۈرۈپ تۇرماقتا

سەن بىر پارچە تاش كۆتۈرۈۋالغان
ناخشا ئېيتماقچى بولغىنىمدا
سېنىڭ ناخشاڭنى ئاڭلىدىم
ناخشاڭ كېچىنىڭ كارىۋىتىدىن ۋە زاماننىڭ يۈرىكى-
دىن ھالقىدى
ئۇ چاقماقتۇر، يورۇتار ماتروسلارنىڭ زېمىنىنى
ھالبۇكى، سېنىڭ ئىچىڭدە كۆپكۆك دېڭىز ئۆركەشلەيدۇ

ئاپتور: جياڭسۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكترون ئۇچۇر قۇرۇ-
لۇش ئىنستىتۇتى ئاپتوماتلاشتۇرۇش 2012 ـ سىنىپتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# قەلبىمدىكى تاش

غەيرەت توختى

## رەستە

رەستە
كىچىككىنە قايناق بازار بۇ
ئۇيغۇر كۆڭلىدەك ئاپپاق ھەم يۇمشاق
قېتىقلار، نانلار دەستە ـ دەستە.
باققاللار قىش ـ ياز
خېرىدار چاقىرار بەس ـ بەستە.
كاللىپەز، ئۆپكىچى، ئۇششاق يايمىچى،
باش كىيىم ساتقۇچى، سەكسەن خالتىچى،
ساختا دورىنى داڭلاپ ساتقۇچى
توخۇ سۇتىدىن باشقا تېپىلار ھەممە.
باھار
ئەڭ دەسلەپتە كېلەر رەستىگە.
كىچىك بالىلار ھەمدە ئاياللار،
بېدە كۆكى ساتار رەستىدە.
ئۇزاق قالماي سەھرا قىزىدەك،
ئالا ـ سېرىق بولۇپ تارتىنىپ،
ئۆرۈكلەرمۇ كېلەر رەستىگە.
ئاپپاق، بودەك ئۈجمە خېنىممۇ،
كۈنلۈك قىلىپ يوپۇرماقلارنى،
يېتىپ كېلەر چىنە تەخسىدە.
قوغۇن، تاۋۇز، ئەنجۈر، شاپتۇلمۇ،
بىر ـ بىرىنى قوغلاشقىنىچە،
بازار ئوينار كۈندە رەستىدە.
كىچىك بازار دېمەڭ سىز ھەرگىز،
تىرىك موزېي، كۆزى يۇرتۇمنىڭ،

## كۈسەنلىكنىڭ يۈرىكى رەستە

يۇرتمۇ يۇرتتىن كەلگەن مېھمانلار،
بېدە ساتقۇچى بوۋايلار بىلەن،
تۇخۇم ساتقۇچى مومايلار بىلەن،
يا بىر تۇپ دەرەخ يا سېنىڭ بىلەن،
بەس ـ بەس بىلەن چۈشەر سۈرەتكە.
ئەڭ مېھرلىك جاي بۇ يەرشارىدىكى
سۆيۈنۈپ قارايسەن چوڭقۇر ھەۋەستە.
ئەسسالامدىن ئېرىيدۇ كۆڭۈل،
بۇ يەردە ئۆزىگە ئۈچرايدۇ ئۇيغۇر.
ئاپتاپسىنىپ تۇرۇشمۇ بىردەم،
بېرىدۇ ئاھ ساڭا، شۇنچىلىك ھۇزۇر!
داداڭغا ئوخشاش
مەسچىت ئالدىدا تۇرار مۈگدىشىپ،
پەرىشتىدەك پاكىز بوۋايلار.
ئاناڭغا ئوخشاش مېھرلىك بېقىپ،
رەيھان ساتقۇچى ئېسىل مومايلار.
مۆڭگۈلۈق سادا تۇرىدۇ ياڭراپ،
قەلبىڭگە تاشلاپ سوئال بەلگىسى.
تۈنۈگۈن بازاردا ۋارقىراپ يۈرگەن،
بۈگۈن مازاردا يۈرەر نەچچىسى،
«ياغاچ ئات»قا مىنىپ ئالدىراش،
رەستىگە كېلەر كارۋان ھەركۈنى.
ھايات ـ مامات، دۇنيا ھەققىدە،
بىرسائەتلىك دەرستە، ئۈنى.
رەستە،

سىنى دەپ ئارمىنىم دەستە - دەستە.
ھەر ئۆتسەم قوينۇڭدىن رەيھان پۇرايسەن،
كەلگۈسۈڭ پارلاق، بولما دىل خەستە.

## يار كوچا

يار كوچا
يىلان كەبى
ئەگرى - بۈگرى تار كوچا.
تۇتاشقان
شەھەردىن
قان تومۇردەك سەھرا - سەھراغا.
ھەر قېتىم قوينۇڭدىن ئۆتسەم يار كوچا،
ئىچىمدە بىر دەريا ئاقار شارقىراپ.
ئاقار يەنە تارىخ، مۇھەببەت،
نىساخان ئانا،
بىر قولىدا دۇتار، بىر قولىدا داپ،
بىر قولىدا سۆيگۈ، بىرسىدە ئازاب،
«مىراجىخان»نى ئېيتار شۆرلاپ.
يار كوچا،
قەدىمدىنلا بار كوچا.
بۇ كوچىدىن ئۆتكەن تالاي رەت،
مىراجىخان، نىساخان ئانا.
باغرى قان بۇلبۇلدەك ئېيتىپ مۇڭ ناخشا.
ماڭغان ئېھتىمال ئاقارى پاكمۇ،
كىشنەتكەنچە تۇلپارلىرىنى
چىمەن تامان بەلكىم شىكارغا.
تۈمەنلىگەن شاگىرتى بىلەن،
ئۆتكەن بەلكىم كۈمراجىۋا.

يار كوچا
بېشى بازار،
ئايىغى مازار.
بۇ كوچىغا كىرمەستىن بۇرۇن
ئادەملەر «يول»دىن پات - پاتلا ئازار.
بۇ كوچىدا
كۈندە دېگۈدەك ماڭىدۇ كارۋان،
مۇڭلۇق ۋە سۈرلۈك،
تۆگىسى يوق،
تەختىراۋاندا.
گاداي بولساڭ، بۈگۈن سۇلتانسەن،
تالىشىپ كۆتۈرۈپ كىشىلەر سېنى،
ئېلىپ بارار يېڭى بازارغا.
ئەي ئادەم،
بىرىنگە يىقىپ، بىرىنى چىقىپ
ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە،
تاپقان - تەرگەن ئۇقتىڭ قېنى؟!
ئىككى مېتىر خەسىگە ئوراپ،
نەرخىڭ قانچىلىك
ئېلىپ ماڭار
يېڭى بازاردا ساتقىلى سېنى.
يار كوچا
شۇنچە مۇڭلۇق،
شۇنچىلىك تىمتاس
يۈرىكىمدە بار كوچا.

## ئۆلۈم مەنزىلى

بىر چاغ
باغلىرىمدا گۈللەر غۇچچىدە
چاڭ كەلتۈرۈپ بۇلبۇل سايرايتتى.
ياقا يىرتىپ لالە - رەيھانلار
يوللىرىمدا ئۆكسۈپ يىغلايتتى.
مەنمۇ بولدۇم ئاخىر قەلەندەر،
قەلبىمگە ئاھ، قادىلىپ خەنجەر.
يۈرىكىمنى ساپايە قىلىپ،
چېلىپ يۈردۈم ھەر شامۇ - سەھەر.
ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ،
كۆيۈپ - يېنىپ قىلىمەن ناۋا.
پايانى يوق سۆيگۈ چۆللىرى
قايتماس ئىچۈن بىر ئەكس سادا.
باغلىرىمدا ھۇشقىيتتى بوران
نەچچە باھار توزۇدى چېچەك.
نەچچە قايتتىم دەريا بويىدىن
چاڭقاپ كەتكەن تەكلىماكاندەك.
بىلدىم ئاخىر سۆيگۈ دېگەننى،
ئەمەس ئىكەن ئەسلا ئېرىشىش.
ئۆلۈم بىلەن بولاركەن بەربات،
ۋىسال تېپىپ قىرغاققا چىقىش.

## ۋاقىتنىڭ ئاۋازى

ئۇچۇپ يۈرەر ۋاقىت،
ئىچى - تېشىمدا.
تۇتۇۋالاي دەپ ۋاقىتنى
ئولتۇردۇم،
بىر سائەت ياكى بىر ئەسىر.
قىسماق قۇرۇپ ئولتۇرغان بالىدەك،
قۇشقاچ تۇتۇش ئۈچۈن خاماندا.
ئىگىلدى قەلبىم گويا قىسماقتەك...
قولۇمدا قەلەم،
ئىچىمدە ئەلەم.



ئۇچۇپ يۈرەر ۋاقت،
زاماندىن - زامانغا.
توزۇماقتا ئۇنىڭ پەيلىرى...
ۋاقت سايرايدۇ
ئىچىمدە،
بولۇپ بوز تورغاي.
قەلبىمدىكى تاش

شېئىر يازدىم نەچچە مىڭ مىسرا،
بىر مىسرا بار مەن يازالمىغان.
شېغىل كولاپ يۈردۈم قەلبىمدىن،
بىر ياقۇت بار مەن قازالمىغان.

ئۆزۈمدىن بەك يىراقلاپ كەتتىم،
يۈرەك يىغلار «غەيرەت قىنى!» دەپ.
سالغۇم كېلەر يۈزۈمگە كاچات،
شېئىر مېنى كەلسە گاھ ئىزلەپ.

بار قەلبىمدە مەۋھۇم بىر يارا،
بار قەلبىمدە ساقايماس كېسەل.

پارە - پارە قىلسام ئۆزۈمنى،
قولۇمغا ئاھ! ئېلىپ قوش خەنجەر.

بىلەلمەستىن قانداق ياشاشنى،
قۇلى بولدۇم بىر قاچا ئاشنىڭ.
بىر نان ئۈچۈن سوكۇلداپ يۈرۈپ،
ئاقارماقتا چاچلىرى باشنىڭ.

شېئىر يازماق مەن ئۈچۈن ئازاب،
قىينىلمەن قۇسقان كەبى قان.
ئېچىلدۇرماي بىر تال ئەتىرگۈل،
سارغايماقتا تېنىمدىكى جان.

شۇندىمۇ ھېچ تەن بەرگۈم كەلمەس،
قان قۇسۇشقا بولىمەن مەجبۇر.
كولاپ چىقسام قەلبىمدىن بىر تاش،
شۇمۇ ماڭا ئالەمچە ھۇزۇر.

ئاپتور: كۇچا ناھىيە بىھىشباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە



# چىغىر يوللار يوقتۇر شەھەردە

مۇھەممەدروزى ئابدۇقادىر

## سەن بىر قىزدىن كەچمەكچى بولساڭ

سەن بىر قىزدىن كەچمەكچى بولساڭ،
سۆزلىمىگىن كۆزىگە قاراپ،
كۆرسەت تاغنىڭ يۈكسەكلىكىنى،
يانسۇن تاغلار روھىدىن پارلاپ.

چىغىر يولغا چاقىرما ئۇنى،
ساددا دىلنى باسمىسۇن تىترەك.
سۇغا چىقسا ئېقىپ چېلەكى،
ئايرىلىشتىن بەرسۇن ئاھ، دېرەك.

تىلە ئاڭا چىدام ۋە سۇبات،
كۆڭۈل سۇنغىن ئاخىرقى نۆۋەت.
رېئاللىقنىڭ سىرلىق باغرىغا،
ئېلىپ كەتسۇن ئۇنى مۇھەببەت.

## چىغىر يوللار يوقتۇر شەھەردە

توغراقلىقلار، قۇمۇشلار نەمخۇش،
كېلەر بالا قويلارنى ھەيدەپ،
سۆيگۈلەر بار بۇندا يېپىلغان،
كۆلەڭگىلەر چىرمىشار پەسلەپ.

قۇياش گۈلدۈر، ئېچىلغان قىزىل،
سەممىيلىك ئۇلۇغ بىر داستان،
ھەرپىلەردۇر مۇخلار، قىياقلار،
مۇھەببەتتىن كۆكلەيدۇ جاھان.

قالدى يىراق دۆڭلەر، جىرالار،
سۇلار كەچكەن ئۆستەڭلەر پىنھان،
چىغىر يوللار يوقتۇر شەھەردە،
سەبىيلىكنى يوقاتقان ئاسمان.

ئاپتور : «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە



# تۇرپانغا يېقىنلاشقانچە



پەرىدە ياقۇپ

## تۇرپانغا يېقىنلاشقانچە

ئاشقازىنىمنىڭ بىئاراملىقى قويۇپ بەرگەندەك
روھىم قانداقتۇر بىر يۈكتىن قۇتۇلۇپ
يەڭگىللىگەندەك؛
شوخ، تېتىك بىر ھېس تىرىلدى مەندە
تۇرپان شەھرىگە يېقىنلاشقانچە!

تۇرپاندەك سۆيۈملۈك بىر يەر بولامدۇ؟
لۈكچۈندەك ئىسسىق بىر يەر بولامدۇ؟
دالانكارىزدەك سۈزۈك بىر يەر بولامدۇ؟
مەن گۇمبازغا قاراپ تەلپۈندۈم
جاننى قويسام يۈرەك قانامدۇ؟!

ئەي جېنىمنىڭ راھىتى
ئەي قەلبىمنىڭ ئامانىتى
ئەي كۆڭلۈمنىڭ غەمدىن پۈتكەن ئىمارىتى!
ئەي قەدىمىي لۈكچۈن خانلىقى
باغرىڭنى ئاچ!

مەن تۇرپانغا يېقىنلاشتىم
ئىچىمدىكى تاغلاردىن ئاشتىم
لۈكچۈنگە ياماشتىم...
ئىچىمدە ئەتىرگۈللەر ئېچىلدى
شەبنەم قونغان شېخى تەۋرىدى
مۇشۇ يەرلىك مەن، مۇشۇ يەر مېنىڭ
ئېھ، مەنمۇ ھەم بۇ يەرنىڭ قىزى!

گۇمبازنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدىن باشلاپ
مال ـ ۋارانلىرىغىچە
مېنى تونۇيدۇ، تونۇيدۇ مېنى.
ئەي كىچىككىنە چىرايلىق جانان
مەن شۇنچىلىك سېغىندىم سېنى!
قۇچىقىڭنى ئاچقىنا، قېنى!!!

## ھەممىدىن كەچتىم

سۇلار ئېقىۋەرسۇن ئۆز ئېرىقىدا
يارلار يېتىۋەرسۇن زەر كارىۋىتىدا؛
توختاتمايلى ياغقان يامغۇرنى
ئويغاتمايلى ياتقان يارلارنى؛
ئېرىتەلمەس بەلكىم ھېچكىممۇ
ئىچىمىزگە ياغقان قارلارنى.

قانات سىلكىپ ئۆتىدۇ قۇشلار
زەرگۈن شامال كۆزلەردە غايىب
مەن بۇ يولنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا
ئاخىرى يوق كۈتۈشكە ساھىب
ئايلىنىمەن تاشقا ئاجايىپ.

بەلكىم
مەن ھەممىدىن كېچىمەن بىر كۈن
ئۇنتۇشمۇ تەس، ئەسلەشمۇ قىيىن.
قېرىپ كەتتى بۇندا بىر دەرەخ
تاپالمايسەن تىڭشىغان بىلەن
كەلسەڭ ئەگەر مىڭ يىلدىن كېيىن...

## بىپايان

ھايات بىلەن ھايات ئوخشىمايدۇ
ھايات بىلەن ئۆلۈم ئوخشايدۇ.
شامال تېنىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ
مېنىڭ تېنىمدە ئاستا توختايدۇ.

سەھەردەك سۈزۈلۈپ تۇردۇم يولۇڭدا
ئىچىمدە پايانسىز قاراڭغۇ كېچە.
كېلىشىڭنى بىلدىۇ ھەممە
مەن دۇنيادىن كۆچۈپ كەتكۈچە.

قايسى نەرسە يوپۇرماقلارنى يېشىل كۆرسەتكەن ؟
كىم ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن
ئالقىنىدىكى گۈل سۈيىنى ئاسمانغا تۆكۈۋەتكەن؟
قۇياش پارلىدى يەتتە خىل رەڭدە
مېنىڭ جېنىمدا يەتتە تال تىكەن.

ئاپتور: پىچان ناھىيە دالانكارىز يېزا گۇمباز كەنتىدە

www.uyghurkitap.com




## مىڭئۆي

ئىشك ئىچىدە ئىشك
يوگۈردۈم ئىشكلەرنىڭ كەينىدىن
ئېگىز بوسۇغىلار
ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ماڭا قاراۋاتقان ئۇسسۇلچى قىزلار
يىقتار، سۇلتىپ غۇنچىلارنى
ئىشك ئەرۋاھى يېتىلەپ قولۇمدىن
ئېلىپ بارار بىر ـ بىرلەپ ئېزىتقۇ ئوردىلارغا
گاڭگىرايمەن، بىراق تۇرۇپ قالمايمەن
(ئەلمىساقتىن قىيامەتكىچە)
ئۆتىمەن سارايلاردىن، بۇلاقلاردىن
ئاشۇ تور باسقان تۈگمەندە ئۆتكۈزىمەن ئۆمرۈمنى

## دېڭىز قىزى

تەن ساھىلدا سوزۇلۇپ ياتسەن
خىيال بۇژغۇننىڭ كۆكنى كىيسەن
شامالالار تېنىڭنىڭ نەملىكىدە ياتىدۇ
تاشقىن چۇشۇڭنى كولايدۇ
قۇلۇللەرگە مىنگەنچە سۇدا نەپەس ئالسەن
دولقۇن سېنى قىرغاققا ئىتتىرىدۇ
دولقۇن نەمخۇش تېنىڭنىڭ نەقىشلىرىنى ئۆچۈرىدۇ
كېچە تېنىڭدىن يىغىۋالغان سالقىنلىقنى قويۇپ بېرىدۇ
سېنى تېنىمدە ياتسۇن دەپ، ئايالاردىنمۇ كۆك بولدۇم
سېنى لەۋلىرىم ئارىسىدا ياتسۇن دەپ، ئېقىنلارنى قىزدۇردۇم
سېنى يوتامدا ياتسۇن دەپ، ئاقلىقنى كىيدىم
سېنى كۆزلىرىمدە ياتسۇن دەپ، تاش گۈگۈتلارنى ئېلىپ كەلدىم
تېنىمدە تاشلارنى دوملات، ئېسىڭنىڭ كىرلىكلىرىنى ئېقىنىمغا ياي قەلبىمگە تاشلاردەك جىمجىت ئورنا، تېنىڭ كۆكۈمگە تولۇق ئۇلاشقىچە شۇنداق قىل!
ئاندىن ئاستا ـ ئاستا كۆزۈمدىن لەيلەپ چىقىپ ساھىلدىكى تاشقا ئايلان!

## بوش پىچىرلاش

كېۋەز غولىدىن
شىلىمشىق سۈيۈقلۇق تامچىلاۋاتقان،
ئۇ سارغىيىش قاپلىغان بارماقلىرىنى يۇمۇپ
چۈشتىن كېيىننى ساقلاۋاتقان

سەل نېرىسىدىكى تاز دەرەخ ئاستىدا ياتقان ئەر
بايا بىر قېتىم قۇسۇپ ئۆزىدىن سەل ئەنسىرەپ قالغان ئەمدى ئۇ
نەم بەدىنى بىلەن توپىغا پۆچىلىنىپ
دورا پۇرىقى ئارىسىدا تۈگۈلۈپ ئۇخلىماقتا

تىمتاسلىققا چۆمگەن جاڭگال
چۈشتە ئۇسسۇزلۇق كۆتۈرۈپ كەلگۈچى
ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى كەپە
چىغ قالپاقلىق قارانچۇق
سالقىن ئۇۋىدا ئارام ئېلىۋاتقان چۈمۈلە
دۆڭ ئۈستىدە تىك تۇرغان يىلان
ۋە ئوت باسقان ھارۋىنىڭ داتلاشقان ئۈنى
ئاستا ـ ئاستا ئۇزاپ كېتىۋاتقان...

## قۇش، ئورمان ۋە دېرىزە ھەققىدە

دېرىزە قاناتلىرىنى پەيلىرىڭ بىلەن
ئاچتىڭ، ئەپسۇنۇڭدا دەرەخكە ئايلاندىم
شاخلىرىمغا قونغىنىڭدا
تېنىم كۆكىرىشكە باشلىدى
بۇ تۇنجى باھار
ياپراقلار سېنى قىزغىن قارشى ئالدى
خۇشال پەسلىنى ئۆتكۈزدۇق
سەن جەنۇبقا كەتمەكچى بولدۇڭ
«تۇرۇپ قال، غولۇمدىن ئۆي ياسايلى» دېدىم
ھالبۇكى
شاخلار يەر بىلەن كۆك ئارىسىدا
قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە
تۇرۇپ قالدى، پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتتى...
قانىتىم بولسىچۇ!
سېنىڭ ئەپسۇنۇڭنى كىممۇ ياندۇرالىسۇن؟

دېرىزىگە ئايلانغىلى بولمايدۇ
تىرىك تۇرغۇزۇپ بىر توپ بالا
يىلىملىرىمنى يىغماقتا
ئۇچلىرىمغىچە يېرىلىپ كەتتىم
قانچە باھار كەلدى
تېخىمۇ قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم
دەرەخ مۆكچىيىپ ئولتۇرغىنىچە:
«بىر قۇش ئۇچۇپ كەلدى
ياكى ئۇچۇپ كەتتى...» دەپ
ھېكايە سۆزلەپ بېرىدۇ
دېرىزە يېنىدىكى بالىغا، بالا چۈشەنمەيدۇ
پالتا — كور خېرىدار
ئۇچاق بىلمىگەننى مورا بىلىدۇ ۋە ياكى
بۇلۇتلار بىلگۈسى!

ئاپتور: ئەنخۇي ئۆلكىسى خۇەينەن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا

(بېشى 109 ـ بەتتە)

جىق بولۇۋاتمامدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ يىل ئالدىنقى يىللاردىكىدەك كىلولاپ يۈرمەي، تونىلاپلا بېرە، — دېدى يەنە بىرەيلەن گېلىنى قىرىپ.

— ھوي، نېمە دېيىشىۋاتىسىناۋا ھە قاسىلىڭ؟ ئاۋۇ كوممۇنانىڭ ۋاقتىدىمۇ داش قازاندىكى ئوماچنى چوڭغا چوڭچە، كىچىككە كىچىكچە تەقسىملەپ بەرگىنى يادىڭدا يوقما؟! ئەمدى شۇنچە يىللار ئۆتۈپ، بۈگۈنگە كەلگەندە يەنە تەڭ تەقسىماتنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتامسەن؟ دەرىجىمىزگە قاراپ بېرە! — دېدى مەھەللىمىزدىكى قېرى بويتاق ھاشىم.

— دەرىجىدىن سۆز ئېچىپ قالدىڭغۇ؟ سېنىڭ يا خوتۇنۇڭ يا بالاڭ بولمىسا، بىزدەك خوتۇن ـ بالىلىرى تەل تۇرغانلارنىڭ ئالدىدا سەن دەرىجىگىمۇ چۈشمەيسەن! — گەپنى كېسىپلا دەۋەتتى گايىت سەپرا.

— ئۆتۈپ باراۋە سەپرا، سېنى كىم تونۇيتتى، ئارانلا كەنتتىن تونۇيدىغان نامراتسەن، مەنچۇ؟ يادىڭلاردا يوقما؟ قۇربان ھېيتتا شاڭجاڭ ئاتايتەن ئۆيۈمگە كېلىپ، يوقلاپ كەتمىدىمۇ مېنى، مەن دېگەن شاڭجاڭ تونۇيدىغان نامرات. شۇنداق بولغانىكەن مەن بۇ كۆمۈردىن ھەممىڭدىن جىقراق ئېلىشقا تېگىشلىك، — دېدى ھاشىممۇ ئۆزىچە بوش كەلمەي.

— ھى... ھى ... ھى ھە قاسىلىڭ تېخى مەن تۇرغان يەردە دەرىجە تالىشىپ كېتىشتىڭمۇ؟ — ئەمدىكى سۆز نۆۋىتى مەھەللىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى «بەشتە كاپالەت» ماموتاخۇنغا كەلگەنىدى.

— سېنىچۇ ھاشىم، شاڭجاڭ تونۇسا، مەنچۇ ھاكىم تونۇيدىغان نامرات، قانداق بىز داڭلىق شەخسمىكەنمىز.

— ...

ئۇلار يەنە نېمىلەرنى دېيىشتى، قانداق دەرىجە تالاشتى؟ ئارىسىدىن ۋالىي تونۇيدىغان «داڭلىق» نامراتلارمۇ چىقتىمۇ؟ بۇنى بىلمىدىم. خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىنكى شاراق ـ شۇرۇقتىن ئېسىمگە كەلسەم، ئۇلار ھەدەپ خالتىنىڭ يوغىنىنى تالىلاپ كۆمۈر قاچىلاۋېتىپتۇ.

بىز ئەمدى بالىلارغا ئاشۇ ئەل ـ يۇرتنى ياخشى يول، گۈزەل كۈنلەرگە باشلىغان ئېسىللىرىمىز، ئەتىلىرىمىزگە ئۈمىد بەرگەن داڭلىق شەخسلىرىمىزنىڭ ھېكايىسىگە قوشۇپ ئاشۇ «داڭلىق»، «دەرىجىلىك» نامراتلىرىمىزنىڭ روھىغا چوڭقۇر پاتقان كۆك نامراتلىقنى ھېكايە قىلىپ بېرەمدۇق؟

ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ناھايىتى ئاز، لېكىن ئاشۇ قىسمەنلەرنىڭ ئاينىپ كېتىشىگە يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

بىزگە يەنىلا روھىيىتى ۋە مەنىۋىيىتى توق ئېسىللىرىمىز، داڭلىق شەخسلىرىمىز كۈچ بېرىدۇ.

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك قىزىل كىرېست جەمئىيىتىدە



# ئالتۇن قوڭغۇراقلىق كالا



(ھېكايە)

ئېزىز نۇر

ئۇ ئادەتتە يالاڭئاياغ ماڭاتتى. دوغاپتەك سويۇلۇپ كەتكەن توپا ئۇنىڭ ئوشۇقىدىن ئۆتۈپ تىزلىرىغىچە كېلەتتى. ئۇ مۇشۇنداق يوللاردا قانچىلىك مۇساپىنى باسار؟ بۇ يوللار بوزلۇق دۆڭ، قۇمساڭغۇ ئېدىرلار، پارچە - پارچە مەھەللىلەر ئارىسىدا چەكسىز كەتكەن سامان يوللىرىدەك كۆرۈنىدۇ. زۇمچەك - زۇمچەك ئۆيلەر، قاتار كەتكەن ھەرخىل دەرەخلەر، گاھىدا ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان شۇم قاغىلار ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر خىللا كۆرۈنىدۇ، خۇددى ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ مۇشۇ بوۋايلىق پەسلىگە يېتىپ كەلگەنگە قەدەر بۇزۇلماي ساقلىنىپ كەلگەن بىر پارچە سىدام رەسىمدەك. ئادەمنىڭ ھاياتى سەن ئۇنى ئاشۇ بىر پارچە قەغەز ئۈستىگە قانداق سىزىش بىلەن نەتىجىلەنگەنگە ئوخشاش ھامان ئاشۇ يول، ئاشۇ مەھەللە، ئاشۇ دۆڭ، ئاشۇ ئېدىرلار، ئاشۇ كۆك قەھرىدە سۈرەن سېلىشىپ ئۇچۇپ كېتىدىغان قۇشلار، ھامان ئۆزى بېكىتىۋالغاندەك، ئۆزى سىزىپ چىققاندەكلا ئىدى.

بۈگۈن ئۇنىڭ بۇ يەردىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمىدى، ئەمما بىر خىل قىسمەت ئۇنىڭ بوينىدىن مەھكەم باغلاپ ئالدىغا سۆرەيتتى. ئۇلار ئادەتتە جاڭگالدىن ھارۋىسىغا ئوتۇن بېسىپ ئېلىپ چىقاتتى، بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە قوڭغۇراقلىرى جاراڭشىپ، قىزىل پۆپۈكلىرى كۆز چاقنىتىپ تۇرىدىغان ئات ھارۋىسىنى قوشۇپ جاڭگاللىقتىن ئوتۇن ئېلىپ چىقىپ بازارغا ئەكىرىپ ئون نەچچە كوي، ھەتتا يىگىرمە نەچچە كويلارغا سېتىپ تۇرمۇشنى قامدايدىغانلارمۇ بار ئىدى. بەزىدە كۆتەك ھارۋىنىڭ تولا مېڭىشىدىن شەكىللەنگەن مەھەللە بىلەن جاڭگاللىق ئارىسىدىكى يولدا كالا ھارۋىسى، ئات ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى خۇددى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەلگەن كارۋان توپىدەك، مەھەللىنىڭ ئايىغىدىنلا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقاتتى، ئۇلارنىڭ تۇۋلاشقان ناخشىلىرى ئۆزلىرى يەيدىغان زاغرا ناندەك ئاددىي بولغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى توغراق سۈيىدەك ياشارتىپ تۇراتتى. خوتۇن - قىزلارنىڭ بەزىلىرى مەھەللە ئىچىدە تۇرۇپ، بۇ ناخشىلاردىن سۆيۈنۈپ ئېرىم كېلىۋېتىپتۇ دەپ يۈرىكى خۇشال سالاتتى، بەزى ئانىلار بولسا ئوغلۇم ھارۋىنى ھەيدەپ يېقىن كېلىپ قاپتۇ دېگىنىچە يول ئۈستىگە چىقىپ ئاشۇ ھارۋىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. بوستانلىق مەھەللە بىلەن بۇ جاڭگاللىق ئارىسىدىكى رىشتە ئەنە شۇنداق مەھكەم ۋە ئۈزۈلمەس ئىدى. ئەگەر ئاشۇ كۆز يەتكۈسىز توغراقلار ئارىسىدا بىرەر توغراق ئاللىكىملەر تەرىپىدىن كېسىپ كېتىلسە، ئۇلار خۇددى بىرەر ئەزاسىنى باشقىلار قان چىقىرىپ تۇرۇپ كېسىپ كەتكەندەك ئازابتىن تولغىنىپ كېتىشەتتى. قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن توغراق، يۇلغۇن توپلىرىنى كۆرگەندە، ئۇ يەردە ئۇھ تارتقىنىچە تۇرۇپ قالاتتى. ئاشۇ كارۋان توپلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ھارۋىكەشلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلۈپ كېلىپ كىملەرنىدۇر غايىبانىسىگە تىللايتتى، ئاندىن «چۇھ! چۇھ!» دېيىشىپ ئات - كاللىرىدىن ئاچچىقىنى چىقارماقچى بولغاندەك قامچا - تاياقلىرىنى شىلتىشىپ، جاڭگاللىق ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىشەتتى.

— تۇرا، — دېدى ئۇ ئايالىغا بىر خىل ئېغىر سۈ-



كۆت ئىچىدە، — ئۆزۈڭ مېڭىۋەر، مەن بۇ يەردە بىردەم تۇراي.

— مەنمۇ سىلى بىلەن بىللە ماڭاي ئەمسە، — شۇمۇۋالغاندەك بىر تېرە، بىر ئۇستىخان كۆرۈنىدىغان بۇ ئايال جاۋاب ئېلىش ئىستىكىدە بوۋاينىڭ ئاغزىغا تەلمۈردى. بوۋاي مۇردىدەك ئاۋازسىز ئىدى. لېكىن، توپا - چاڭ بېسىپ كەتكەن قىسقا ۋە شالاڭلىشىپ كەتكەن كىرپىكلىرى ئارىسىدا كۆزلىرىگە سىغدۇرالمايۋاتقان ياش غىلدىرلايتتى. ئۇ نېرى تەرەپكە قارىۋالدى، خوتۇنى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندەك ئۆزىنىڭ ئوڭايسىزلىقلىرىنى، ئازابلىرىنى، كۆز ياشلىرىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرماقچى بولاتتى، ئەمما خوتۇنىغا ھەممە نەرسە ئايان ئىدى. بۇ كەم سۆز، ئىچى كۆچلۈك، ئېتىز بېشىدا كەتمەن كۆتۈرۈپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن ئاچچىقجان كىشى مەيلى ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتسۇن ياكى ناگاندا بىر يادىدا يوقىلا كۈلۈپ قالسۇن، ئۇنىڭغا بوۋىينىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكى، بۈگۈن نەگە بارىدىغانلىقى، ئەتە نېمە قىلىدىغانلىقى، نېمىنى يەپ نېمىنى يېمەيدىغانلىقى، كىملەردىندۇر ئاغرىنىپ، كىملەردىندۇر سۆيۈنىدىغانلىقى ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. موماي بوۋىيدىن جاۋاب ئالالماي ئاستا پۇتىنى سۆرەپ يولغا چۈشتى.

— نەگە بارىسەن؟ ۋۇ پەسەندى ! — دېدى بوۋاي ئاچچىقىنىڭ ھەممىنى خوتۇنىدىن چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك نەشتەرلىك كۆزى بىلەن بېقىپ.

— نەگە باراتتىم، ئۆيگە كەتمەمدۇق!؟

— ئۆيگە؟ بەغەرەز خوتۇن، نەدىكى ئۆيگە؟ ھارۋىنى ھەيدەپ ماڭغاچ تۇر، ئارقاڭدىن يېتىمەن، — موماي ئۈن - تىنسىز ھالدا ھارۋىنىڭ شوتىسىغا لىككىدە چىقىپ كالا ھارۋىسىنى ھەيدىدى ۋە ئاچچىقىنى بوينىدىكى قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ قوزغالغان كالىغا سانجىدى:

— چۇھ، شۇۋىچى بەز گۆي، ئادەمگە گەپ ئاڭلىتىپ...

بۇنداق چاغدا موماي سەللا دىققەت قىلمىسا بوۋىيدىن قاس - قۇسلا تاياق يەۋالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. بۇ بوۋاينىڭ ئاچچىقى كەلگەندە، بولۇپمۇ مۇشۇنداق ئىچىدىكىنى تۆكەلمەي دەرتكە بوغۇلۇپ كەتكەندە، قېرى شىردەك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى تۇراخان ئېنىق بىلەتتى.

بوۋاي ئاستا بېرىپ ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇردى. خىيال ئۇنى قويۇپ بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىر چاغدا قارىۋىدى، كۆتەك ھارۋىنى پۇشۇلداپ سۆرەپ ماڭغان كالا، تۇركلەرنىڭ ئاق چېدىر ئۆيلىرىدەك كۆرۈنىدىغان قۇملۇق ئارىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئاشۇ ھارۋا، ئاشۇ كالا، ئاشۇ موماي چەكسىز كەتكەن جاڭگال ئارىسىغا كىرىپ، قاقشال بولۇپ كەتكەن توغراقلارنى، قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇن ئوتۇنلىرىنى لىققەدە بېسىپ چىققان ئەمەسمىدى، قۇرۇپ كەتكەن پور توغراقلارنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ گۆپ - گۆپ قىلىپ تارتىپ ئۆرەلەيدىغان بۇ بوۋاي، ھازىر قانداق بولۇپ كەتتى - ھە!؟ شىلدىرلاپ ساي يېرىپ ئاقىدىغان بۇ ئۆستەڭ ئۇنىڭ خىياللىرىنى چەكسىز كەتكەن تارىم چۆللۈكى ئىچىگە ئەكىرىپ تاشلىدى.

— ھەي، ئاۋۇ ئارغامچىنى تارت دەيمەن، قاچە - قاچ، بۇ توغراق ئۆرۈلدى، ئاۋۇ زەيلىك تەرەپكە قاچ!

قاراسلاپ خۇددى ئېگىز مۇنار ئۆرۈلگەندەك ھەيۋە بىلەن چۈشىدىغان پو توغراق بۇ بىر جۈپ قىران ئەر - ئايالنىڭ كۈچى بىلەن چاڭ - توزان توزۇتقانچە يىقىلىپ، يەردە ئوق تەگكەن بۆرىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئۆرۈلگەن توغراقلار بەزىدە ياندىكى قۇرۇپ كەتكەن پو توغراقلارغا ئۇرۇلۇپ ئۇنى بىللە قوشۇپ يىقىتاتتى. تارىم دەرياسىنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن ئاقىدىغان غول ئېقىنى ئاللىكىملەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان، ھەيۋەت سۇلار كۆز يەتمەس بوزلۇقلارغا سىڭىپ كەتكەنىدى. نۇرغۇن توغراقلار، دالىنى قىزىل چېچەكلەرگە پۈركەپ ياتىدىغان يۇلغۇنلار، قارىياغاچتەك چىڭ تىكەنلىك قوڭالچاقلار، چېچەكلەرنى بۇ دالىغا ئايىماي چاچىدىغان كۆك يارلىق ئاق تىكەنلەر، بىر خىل خۇش ھىد تارقىتىدىغان سېرىق بۇيا، توشقان زەدىكى، ياۋا چېگە، ياۋا گۈل ۋە دەرەخلەرگە مەھكەم چىرمىشىپ ئۆسىدىغان ماندا، توپ - توپ بولۇشۇپ تۈلكىنىڭ ئوينىتىۋاتقان قۇيرۇقىدەك كۆرۈنىدىغان توزغاق ۋە ئۇرۇقلىرى نەمۇنەگە كېتىدىغان قومۇشلار قۇرۇپ كەتكەن، قۇشلار سايرىشىپ تۇرىدىغان كۆكۈللۈك مەنزىرىلەر مەڭگۈلۈك يوقالغانىدى. بويسۇندۇرۇش دېگەن مۇشۇمۇ، بوز يەر ئېچىش، يېڭى يەر كېڭەيتىش دېگەن مۇشۇمىدۇ؟ بۇ يىگىتنىڭ ئۆزى ئۆسكەن ئانا تۇپراققا قارىغانسېرى ئىچى سىرىلاتتى، ئاۋازى قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق چىقىدىغان تۇرامۇ بۇنداق چاغدا ھارغىنچە توۋلايتتى:

— ھەي توغراقلىرىم! مانا بىز كەلدۇق، بىز سىلەرنى قۇتقۇزغىلى، ئېلىپ كەتكىلى كەلدۇق.

— دەريا سۈيىنى قايتۇرۇپ بېرىش! قېنى دەريا؟ قېنى سۇ؟ قېنى ئويناپ تۇرغان بېلىقلار؟ قېنى سەن سۇ ئۈستىدە پوكان سىرىپ توپ - توپ ئۇچۇپ ئۆتىدىغان قۇشلار، ئەمدى نەگە كەتتىڭ؟ سىلەرنى كىم قوغلىۋەتتى؟

— ...

بۇ يىگىتنىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدىغان تارىم دەرياسىنىڭ سۇلىرىغا چۆمۈلۈپ ئۇ قاشتىن بۇ قاشقا ئۈزۈپ ئۆتكۈسى، لىككىدە كۆتۈرگىلى بولىدىغان تۇرانى ئۈستىگە مىنگەشتۈرگىنىچە بېلىقلار توپىغا قوشۇلۇپ بىر پەس ئۈزۈۋالغۇسى كېلىپ كېتەتتى، ئەمما سۇ يوق، ئەتراپ قاغجىراپ كەتكەن، توغراق، يۇلغۇن، قوڭال-

چاقلارنىڭ ئۇرۇقلىرىمۇ بىخ چىقارغان ھالدا قۇرۇپ كەتكەن پېتى تۇراتتى. خۇددى بىرسى بۇ يەرگە دەل - دەرەخ يوقىتىدىغان زەھەرلىك دورا چاچقاندەك، خۇددى بىر ئىبلىس قاراڭغۇ كېچىدە قانات سۆرەپ ھەممە نەرسىنى قۇرۇتۇۋەتكەندەك. ئۇ تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىدىغان ياۋا غاز، ھاڭگىرت، تۇرنا، ئاق قۇ، چۇكا پۇت، تاز قارا قاتارلىق قۇشلارمۇ ئەگىپ كېلىپ ئۆز نېسىۋىسىنى تاپالماي، نالىلىك توۋلاشقىنىچە ئارقىغا قايرىلىپ ئۇچۇپ كېتىشەتتى. مالچىلارنىڭ توپ - توپ ماللىرىنى ھەيدەپ كېلىپ بەخۇدۇك ھالدا ناخشىسىنى ئېيتقاچ ماللىرىنى سۇغىرىدىغان شاۋقۇنلۇق دۇنياسىمۇ يوق ئىدى.

مومىنىنىڭ ھارۋا بىلەن يىراقلاپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىگە قارىغىنىچە چوڭقۇر ئۇھ تارتقان بوۋاي غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇرغان قوڭغۇراق ئاۋازىغا قۇلاق سالغىنىچە يەنە ئەسلىمىلەردىن ئەسلىمىلەر قوينىغا چۆكتى... قاقشال توغراق، يۇلغۇن ئوتۇنلار بولۇشقا بېسىلغان كۆتەك ھارۋا بۈگۈن جاڭگاللىق ئارىسىدىن يىلاندەك تولغىنىپ ئۆتىدىغان چىغىر يولدا ھازىرلا ئوقى سۇنۇپ، چاقى ئاجراپ كېتىدىغاندەك غىرىسلاپ ئارانلا ماڭاتتى. ئۇلار مۇشۇنداق ئوتۇنلارنى توشۇغان چاغلىرىدا جاڭگاللىقتىن يېڭى بىر بوشلۇق ئېچىلىپ، بۇ يەردە ئۆزى كۈتكەندەك يېڭى يېشىللىق، يېڭى ھاياتلىق پەيدا بولىدىغاندەك تۇيغۇغا چۆمەتتى، شۇڭا ئۇلار بۇ ئۆلۈك ھاياتلىقنى ھارۋىسىغا بولۇشقا بېسىپ، بۇ دىياردىن ئايرىۋېتىشنى ئويلايتتى.

— چاق، ھارۋىنىڭ چاقى، — دېدى ساتتار ئوتۇننىڭ ئۈستىدىكى يۇمشاق جۇۋا ئۈستىدىن تاققىدە سەكرەپ چۈشۈپ، — ھارۋىنىڭ ئوقى ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپتۇ، نېمە چۈشمەي ھوقۇشتەك ئولتۇرىسەن؟

ساتتار چاپاننىڭ يېڭى بىلەن قىممەتلىك نەرسىنى سۈرتكەندەك، بۇ ياغاچ ھارۋىنىڭ چۆرىسىگە چۆيۈن تۇتۇپ ياسالغان ئوقنى سۈرتۈپ قويدى. ھەقىقەتەن چۆيۈنمۇ ئۇپراپ ھارۋا غىچىرلاپ كەتكەنىدى. تۇراخان ساتتار ئوقنى سۈرتۈپ بولغىچە ياغلىق قاپاقنى ئېلىپ ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قورقۇپ كېتىپ قارىداپ كەتكەن ياغقا چىلانغان پەلكۈچنى ساتتارنىڭ قولىغا تەگكۈزۈپ قويدى. ساتتار ئاچچىق بىلەن ئالىيىپ دوق قىلدى:

— ماۋۇ يەرگە تەككۈزمىز ماۋۇ يەرگە.

— مەن... — تەمتىرىگەن تۇراخان ساتتار تەييار قىلغان يەنە بىر چاقنىمۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن مايلاپ چىقتى. كۈن خېلىلا بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. ساتتار چوققىسىمۇ كۆرۈنمەي قالغان، ئوتتۇرا قىسمىدىن مەھكەم تارتىپ باغلانغان بىر ھارۋا ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئايالىنىڭ يېنىدا كۆمەچ نېنىنى بىللە ئۇشتۇپ يېگەچ، «خانلەيلۇن»نى بولۇشقا توۋلاپ جاڭگاللىقنى جاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. گۈگۈم چۈشۈپ ئەتراپنى قاپقاراڭغۇلۇق باستى. خۇددى يەر بىلەن ئاسمان قوشۇلۇپ كەتكەندەك ھەممە يەر پەرقسىز كۆرۈنەتتى. تۇرا بۇ قاراڭغۇ جاڭگاللىقتىن تېنى چىرقىغاندەك بولۇپ ئېرىگە تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا مەھكەم چاپلاشتى.

— قورقۇۋاتىمەن جۇمۇ ئابدۇساتتار، مېنى ئېلىپ قاچقان چاغلاردىمۇ خانلەيلۇننى تولا توۋلايتتىڭ، ئۇ چاغلاردا قورقمايتتىكەنمەن، قانداق چاغلار ئىدىكەنتاڭ، ئاتام بىلەن ئاپام قوغلاپ كېلىپ قايسى تەرەپتىن چىقىپ تۇتۇۋالاركىن دەپ شۇنىلا ئويلايتتىم، سەنمۇ بوش تاز ئەمەستىڭ، ھا ھا ھا!؟

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈيسەن، «تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق» دېگەن شۇ - دە، مەن نېمە غەمدە ھازىر!؟

ساتتار ئاپپاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى، ئاي دالىدا ئۇنىڭ چىشلىرى يالتىراپ كەتتى. تۇراخان تارمۇشتەك بارماقلىرى بىلەن ساتتارنىڭ تۈكى قالمىغان بېشىنى سىلاشقا باشلىدى:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ يەنە شۇ ياشلىقىڭنى ئىزدەۋاتامسەن؟ — ساتتار ئامراقلىقى كەلگەندەك خوتۇنىنى باغرىغا چىڭ باستى. بىر خىل رىتىمدا كېتىۋاتقان كۆتەك ھارۋا ئۇلارنى ئۇ كاتاڭدىن بۇ كاتاڭغا تاسقاپ تاشلاپ، بۆشۈكتە تەۋرەتكەندەك ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار يوللارنى كالىغا تاپشۇرۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشتى. ساتتارنىڭ چۈشىدە كالا ئۇنى باشقا ياققا سۆرەپ كېتىۋاتقىدەك، قۇم - توپىلارنى ئۇچۇرۇپ ھەيۋە قىلىۋاتقان بوران ئۇلارنى ھارۋا بىلەن قوشۇپ ئارقىغا ئىتتىرىۋاتقىدەك، بىر چاغدا ئالەم تۇيۇقسىز يورۇغاندەك بولۇپ، بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن قاخشال توغراقلارنىڭ ئورنىغا يېشىل توغراق، يۇلغۇنلار ئۆسكىدەك. ئۇ يەنىلا تۇراخان بىلەن ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقىدەك...

— كۆزۈڭنى ئاچ! كۆزۈڭنى ئاچ دەيمەن، ئۆلۈكتەك ئۇخلاۋېرەمسەن؟ — قانداقتۇر قاتتىق بىر نېمىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇشى بىلەن ئويغىنىپ كەتكەن ساتتار كۆچەپ توۋلىدى. باياتىنقى كېچە ئاسمىنىدا چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلار نەلەرگىدۇر غايىب بولۇشقان، كۈچلۈك بوراندا ئەتراپنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى بوران ئالدىغا ئەمەس، ئارقىغا — يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئىگىسىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن ئالدىغا ئۇمتۇلۇپ كېتىۋاتقان بىچارە جانىۋارمۇ ئىگىسىنىڭ ئاۋازىنى ئەمەس بوراننىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنىلا ئاڭلايتتى. تۇراخان قاتتىق بوراندىن يىرتىلىپ ئەستىرى ئاجراپ كەتكەن جۇۋىنىڭ يىرتىقلىرى ئارىسىغا كىرىپ قالغانىدى. ئايالىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئوخشايمەن دەپ تەشۋىشلەنگەن ساتتار بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— تۇرا قېنى سەن، تۇرا!؟

— سەت پاينەك! مېنى تاشلاپ قويۇپ، — جۇۋا ئارىسىدىن ئىڭرىغان ئاۋاز كۆتۈرۈلدى.

— خويمۇ قورقۇتتىڭا ئادەمنى، مەن تېخى سېنى...

— ئەجەپ قاتتىق بولدى بۇ بوران، — جۇۋىنىڭ يىرتىقىدىن ئەمدىلا بېشىنى چىقارغان تۇراخان يۈزىگە ئۇرۇنغان چاڭ - توزاندىن قورقۇپ يەنە ئىتتىكلا جۇۋىنىڭ ئەستىرى ئىچىگە تۈگۈلىۋالدى.

— قوپە ئەمدى يېتىۋەرمەي، ئۆيگە كېلىپ قالدۇق، — دېدى ساتتار ئايالىنى تارتقۇشلاپ. هارۋا ئالدىغا ماڭغاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە بىر جايدا قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى، هارۋىنىڭ ئىككى پاي چاقىنىڭ ئورنى چوڭقۇر ئويۇلۇپ ئەتراپىدا قۇم دۆۋىسى ئېگىز دۆۋىلىنىپ كەتكەن، يوغان ئىككى بۇرنىنىڭ تۆشۈكى ۋە ئاغزى نەملىك بىلەن توپا چاڭلار قوشۇلۇپ قېلىن لاي بولۇپ كەتكەن كالىنىڭ ئالدىغىمۇ خېلى ئېگىز قۇم بارخىنى پەيدا بولغان ئىدى. هارۋىكەشلەر تالاي يىللاردىن بۇيان هارۋىلىرىنى هەيدەپ يۈرۈپ تەبىئىي رەۋىشتە شەكىللەنگەن ۋە ئات ئۇلاغلارنىڭ مېڭىشىدىن پەيدا بولغان يوللارمۇ كۆمۈۋېتىلىپ، هەممە يەر تەكشى قۇم ئاستىدا قالغانىدى.

— ۋاي نېمە كارامەت بۇ؟! ماينىغا چۈشە تۇرا! چۈش دەۋاتىمەن، قىيامەت بولۇپ كەتتىمۇ نېمە؟

— ياپىرىمەي! يول قېنى؟ بۇ كالىنىڭ ئاغزى، بۇرنى پۈتۈنلەي ئېتىلىپ كېتىپتىغۇ، — دېدى هارۋىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن تۇراخان كالىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئاغزى - بۇرنىنى سىلاشتۇرۇپ.

كۈچلۈك بوران ئۇلارنى تۇرغۇزمايتتى. تۇراخان كالىنىڭ گۆشلۈك پاتىڭىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغانىدى. ساتتار ئۆملەپ كېلىپ كالىنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىكى لاي - قۇملارنى ئادالاشقا باشلىدى، توڭگۇلەك - توڭگۇلەك نەمخۇش نەرسىلەر ئۇنىڭ قوللىرىغا ئۇۋۇلۇپ چۈشەتتى. كالىنىڭ پۇشۇلدىغان ئاۋازى هەم قۇم - توپىلارنى تېپىچەكلەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىز بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ ئۇلارنى سىلكىگەنچە قاڭقىتىپ، ئارقىغا دومىلىتىپ، يەنە بىر بوز دۆڭگە ئاپىرىپ چاپلىۋەتتى. كۆزنى ئېچىش تۈگۈل باشنى كۆتۈرۈپ قاراشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز دولقۇنى قۇلاق تۈۋىدىن شىددەت بىلەن غۇيۇلدىغىنچە ئۆتۈپ كېتەتتى. ئىككى تەرەپكە قامغاقتەك ئۇچۇپ كېتىشكەن ئىككى گەۋدىدىن چىققان تەشۋىشلىك ئاۋازلارنى بوران شۇ هامان يالماپ يۇتۇۋېتەتتى.

— تۇرا! نەدە سەن؟ تۇرا... — هارۋا نەگە كەتكەندۇ؟ ئايالىم نەگە كەتكەندۇ؟ كالىمۇ قۇم كۆمۈۋەتكەنمىدۇ يا؟ دېگەندەك، ۋەھىمىلىك خىياللارغا بوغۇلغان ساتتار گاھ بورانغا قارشى، گاھ بورانغا قاراپ تۇرۇپ كۈچ بىلەن توۋلايتتى. ئۇنىڭ قورقۇنچ ۋە يىغا ئارىلاش ئاۋازىنى ئۆزىمۇ ئاران ئاڭلايتتى.

تۇراخانىنىڭ هالىمۇ ئۇنىڭدىن بەتتەر ئىدى. ئۇ قۇمغا كۆمۈلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن مىدىراپ تۇرسىمۇ، رەھىمسىز بوران ئۇنىڭ ماجالسىز تېنىنى قۇم ئاستىغا سۆرەيتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن يۇلقۇنۇپ، تىركىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچسىز ئاۋازى بىلەن توۋلايتتى:

— دا... دىسى، ساتتار! سىلەر قەيەردە ؟ مېنى تاشلاپ كەتتىڭلىمۇ ساتتار؟! قارىۋاي، سەن نەدە ؟ سەن بولساڭمۇ كەلسەڭچۇ! — ئۆيدىكىلەر بۇ قارا كالىنى «قارىۋاي» دەپ ئاتىشاتتى. تۇرانى مۇشۇ قورقۇنچلۇق جاڭگالدا ساتتاردىن، «قارىۋاي»دىنمۇ بىراقلا ئايرىلىپ، ئەجەل قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ۋەھىمە باستى ۋە ئېچىنىشلىق يىغلىۋەتتى.

بىر چاغدا كالىنىڭ مۆرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. «مۆ، مۆ، مۆ...» دېگەن بۇ ئاۋاز يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك چىقىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارغا تونۇشلۇق ئىدى. ئۆزلىرىنى مۇشۇ چۆللۈكتە، قۇم - بوراننىڭ ئارىسىدا بار جاسارىتىنى يىغىپ سۆرەپ كەلگەن قارىۋاينىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن ئۇلار جېنى تىرىلگەندەك يايراپ كېتىشتى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىسىمۇ، ئۆزىنى چاقىرىۋاتقاندەك نالىلىك چىقىۋاتقان ئاشۇ كالىنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ، ئۆمىلەپ يۈرۈپ دېگۈدەك يېقىنلاشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قۇم - توپىلارغا توشۇپ قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇلار بىر دۆڭنىڭ ئالدىدا ئېگىز ئۆسكەن يۇلغۇن توپىدەك غۇۋا قارىيىپ تۇرغان بىر نەرسىگە قاراپ يېقىنلاشتى، ئىككى تەرەپتىن تەڭلا هارۋىغا يېقىنلاشقان قەدىناس ئەر - خوتۇنلارنىڭ قوللىرى قارىۋاينىڭ بويىندا ئۇچراشتى، ئۇلار بىردەملىك ۋەھىمىلىك جۇدالىقتىن كېيىن قايتىدىن ئۇچراشتى، قۇچاقلاشتى. ئۇلار هارۋىسىنى، كالىسىنى تېپىپ ئالەمچە خۇشاللىقتا، ئۈمىدكە چۆمگەنىدى. بۇ ئۈمىد ئۇلارغا كۈچ بېغىشلىدى. قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ هارۋىنىڭ پېتىپ قالغان چاقىنى ئىككى تەرەپتىن كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ كالىغا هەمدەمدە بولدى. ئادەم بىلەن كالىنىڭ كۆزلىرىدىكى هاياتقا بولغان تەلپۈنۈش بوران بىلەن تىركەشمەكتە ئىدى. بېلىق قاسىرىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىغان شەرق تاڭدىن دېرەك بېرىپ قارىۋايغا ئېسىلىشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشقان قەدىناسلارنىڭ قۇم - توپىلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن گەۋدىسىنى يورۇتتى. بورانمۇ ئاستا - ئاستا پەسىيىشكە باشلىغانىدى.

ئەتراپقا يېڭىدىن - يېڭى قۇم دۆۋىلىرى پەيدا بولۇپ يوللار پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەنىدى. قۇياش نۇرى بۇ ئابىدىلىك زېمىن ئۈستىگە تەكشى يېيىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەتراپ يەنىلا سوغۇق، يېقىمسىز ئىدى. ساتتار-

نىڭ كۆكۈل قويۇپ تازىلىشى بىلەن ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىكى قۇم - توپىلاردىن خالاس بولغان قارىۋاي ئۇلارنى ئاق تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان شورلۇق دالادىن ئۆتكۈزۈپ، تاسمىدەك ئۇزۇن تارتىلىپ كۆتۈرۈلگەن بىر قىر ئۈستىگە ئەكىلىپ قويدى. بۇ يەر يېڭى كەڭزە دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى جاڭگاللىققا بېرىشتا بېسىپ ئۆتىدىغان يەنە بىر مەھەللە ئىدى. بۇ يەر شورتاڭ، يىل بويى يامغۇر چۈشمەيتتى، كۆزگە تارتىپ ئاران دېگەندە سۇ كېلىپ قوياتتى. بۇ يەردىكى بىر نەچچە ئۆيلۈك ئۇيەر - بۇيەردە ئۆسكەن سۆگەت، قارىياغاچ، تېرەك ۋە يۇلغۇن توپىلىرى ئارىسىدا كۆرۈنۈپ قالاتتى. كالا ئۇلارنى ئازغان نىشانىدىن، كۆمۈلگەن يوللاردىن باشلاپ ئاخىر ئۆز ماكانىغا ئەكىلىپ قويغانىدى. ئۇلار بۇ يەرنى كۆرۈشكەندە ئىختىيارسىز توۋلۇۋېتىشتى:

— ئاخىر مەھەللىمىزگە كەلدۇق، ئۆيگە كەلدۇق، ئۆيىمىزگە كەلدۇق.

— چۈشە تۇرا هارۋىدىن، — دېدى ساتتار روهلىنىپ.

— بىز تېخى ئۆيگە كەلمەپتۇق، بۇ يەر مەھەللىنىڭ ئايىغى، يېڭى كەڭزىكەن، — دېدى پەسكە سەكرەپ دېگۈدەك چۈشكەن تۇرا هارۋا ئۈستىدىكى ئېرىگە قاراپ.

كالىنىڭ سەرى ئىششىپ قاناپ كەتكەنىدى، قارىياغاچتىن قىرىپ ياسالغان سەچۈكمۇ قىزىل رەڭ تۆكۈۋېتىلگەندەك بويالغانىدى.

— كالىنىڭ سەرىگە نېمە بولدى؟ — دېدى تۇراخان بىلىپ تۇرسىمۇ كالىنىڭ قىزارغان كۆزلىرى، تۇرۇلگەن بويىنى، ئىششىپ قاناپ كەتكەن سەرىگە قاراپ. كالىنىڭ يوغان كۆزلىرى لاي بېسىپ كەتكەن كىرپىكلىرى ئارىسىدا مۆلدۈرلەيتتى. ئەسلىدىمۇ كالىغا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرغان ساتتارگەپ قىلمايلا كالىنىڭ سەچۈكىنى قايرىپ، هارۋىنىڭ ئىگەر - قوشقۇنلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، تۆشنىمۇ تارتقۇشلىدى.

— كالىنى چىقىرىپ ئارام ئالدۇرمىساق بولمىدى، بىچارە جانىۋار، — دېدى ساتتار كالىنىڭ قېنى بىلەن بويىلىپ كەتكەن قوللىرىغا قاراپ.

كالا ئېغىر پۇشۇلدايتتى. ئۇ سۇسلا بىرنى مۆرەپ قويۇپ، هارۋىنى كۆچەپ ئالدىغا تارتتى. ساتتار چۈشەندى، بۇ ۋاپادار، جاپاكەش جانىۋار ئىگىسىنى مەنزىلگە تېزرەك يەتكۈزمەكچى، باققىنىغا جاۋاب قايتۇرماقچى. لېكىن كالا لىق بېسىلغان قاقشال ئوتۇنلارنى تۈزۈكرەك كۆچەپ سۆرىيەلمەيتتى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى هارۋىنىڭ يوغان چاقىدىن چىقىپ تۇرىدىغان ئوقتىن ئىتتەردى. كالا ئالدىغا تارتاتتى، ئۇلار بار كۈچى بىلەن هارۋىنى ئىتتىرەتتى. هارۋا ئاخىر سىلجىدى. ئۇلار هارۋىسىغا جايلىشىپ ئولتۇرۇپ، تېخى خۇشال بولۇشقا ئۈلگۈرمەستىنلا تۇيۇقسىز بىر سېرىق قۇيۇن بىلەن قىزغۇچ بۇلۇتلار كۆتۈرۈلۈپ يەنە بوران چىقىپ كەتتى. چىققاندىمۇ شۇنداق تۇيۇقسىز ۋە كۈچلۈك چىقتىكى، ئۆزلىرىنى ئەمدىلا مەھەللىنىڭ بوسۇغىسىدا كۆرگەن كاج تەلەي سەپەرچىلەر شىددەتلىك بوران تەرىپىدىن يەنە نەلەرگىدۇر ئاپىرىپ تاشلاندى. ئىككىنچى كۈنى ئەمدىلا تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا مۆجىزىدەكلا بىر ئىش يۈز بەردى. يارىلانغان كالا ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە هارغىنلىقتىن هوشىدىن كەتكەن ئەر - خوتۇنلارنى هارۋىدىكى ئوتۇنلار بىلەن ساق - سالامەت ئىشكى ئالدىغا ئەكىلىپ قويغانىدى. ئۇلارنىڭ شۇنچە بوران ئىچىدە ساق - سالامەت قايتىپ كېلەلىشى مەھەللىدىكىلەرنى هەيران - هەس قالدۇرغانىدى. بولۇپمۇ ئىككىنچى قېتىم بوران كۆتۈرۈلگەندە ئۇلارنىڭ هارۋىدىن ئۇچۇپ كەتمەي ئامان - ئېسەن قېلىشىنى ئەقىلگە سىغدۇرۇپ بولالمىغان كىشىلەر هەر خىل پەرەز قىلىشاتتى. ساتتار بىلەن تۇراخان مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆيۈنۈشى بىلەن كۆزىنى ئاچالىغان بولسىمۇ لېكىن كالا ئۇنداق قىلالمىدى. قارىۋاي ئۇلارنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويغىنىدىن خاتىرجەم بولغاندەك پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ، ئېغىر گەۋدىسىنى تاشلاپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. تۇراخان كالىنىڭ قان داغلىرى ئارىسىدا قېتىپ كەتكەن سەرىنى سىلاپ هۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

ئۇلار هايات - ماماتلىقتا تېخىمۇ ئىچەكىشىپ كەتكەن قارىۋايغا نەچچە كۈنگىچە قىيالماي، گېلىدىن تۈزۈكرەك بىر نەرسىمۇ ئۆتمىدى، بۇنى بىلگەن قوشنىسى سايىتاخۇن قارىۋايدىن قالغان بىر موزايىنى ئۇلارنىڭ بېقىپ چوڭايتىۋېلىشىغا بەردى.

ساتتار ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ موزايىنىڭ بېشىغا، بويىنىغا ئاشۇ كالىنى — قارىۋايىنى ياد ئېتىپ ئالتۇن قوڭغۇراق ئاسقانىدى.

— ئەمدى بۇ كالىنىڭ روهى قايتا تىرىلدى ، — دېيىشكەنىدى كىشىلەر موزايىنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقىنىچە ئويناقشىپ مېڭىشلىرىغا قاراپ هەۋەسلىنىپ.

كىشلەرنى يېڭى هاياتلىققا، نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگەن نەرسىلەر هامان ئالتۇندەك قەدىرلىنىدۇ. موزاي چوڭايغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بويىنىدىكى ئالتۇن قوڭغۇراق ئېلىۋېتىلمىدى. بۇ كالا يەنە ئۇرۇق سېلىپ يېڭى بىر موزاي دۇنياغا كەلگەندىمۇ، بۇ ئاشۇ قارا كالىنىڭ ئۆرەسى دەپ قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇلغانىدى...

بوۋاي يېتىپ كەلگەندە موماي هارۋا ئۈستىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك پارتىيە مەكتەپتە



# شام

(ھېكايە)

راخمان مۇھەممەت



## 1

«قەدىرلىك ئىسمەت مۇئەللىم، ياخشىمۇسىز، ئالتۇن تېنىڭىز ئامان - ئېسەن، ئۆي ئىچى تىنچلىقتۇ؟ خىزمىتىڭىز ئالدىراش كېتىۋاتامدۇ؟ تولىمۇ كېچىكىپ ئەھۋال سورىغىنىمدىن خىجىلمەن. يىللارنىڭ قەدىمى نېمىدېگەن تېز - ھە! مانا ھەش - پەش دېگۈچە يەتتە يىل ئۆتۈپتۇ. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئاخىرلىشىپ، ئارزۇ تولدۇرۇش جەدۋەللىرىنى سىزگە تاپشۇرۇپ بەرگەن شۇ كۈندىن بېرى، سىزنى بىرەر قېتىممۇ ئىزدىيەلمىدىم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بەش يىل مابەينىدە، باشقا ساۋاقداشلاردىن سىز توغرىلىق ئاڭلاپ تۇردۇم. كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئانا يۇرتتىن يىراق بىر ناتونۇش شەھەردە ساۋاقداشلىقنىڭ مېھرى تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدىكەن، جاپالىق ئەجرىڭىز قانات بەرگەنلەردىن بىرنەچچىمىز دائىملا ئىزدىشىپ يۇردۇق. ھەر قېتىملىق ئۇچرىشىشلىرىمىزدا سىز توغرىلىق گەپ بولىدۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمىزدىكى كۆڭۈللۈك چاغلارنى ئەسلىشىمىز، تولاراق سىزنىڭ تەربىيە - ئۆگۈتلىرىڭىز يادىمىزغا يېتىدۇ. ئۇلار ھەر قېتىملىق تەتىلدە ئۆيلىرىگە قايتقانلىرىدا سىزنى يوقلاپ تۇرىدىكەن، ئۇلاردىن ئاڭلىسام باشقا ساۋاقداشلار قاتارىدا مېنىمۇ كۆپ تىلغا ئاپسىز، ئۇلاردىن مېنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىمنى سوراپسىز، ماڭا سالام ئېيتىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپسىز. مەن تېخى سىزنى مېنىڭدىن بىزار، شۇ چاغدا سادىر قىلغان خاتالىقىم سەۋەبلىك، مېنى كۆرەرگە كۆزى يوق دەپ قاراپتىكەنمەن. شۇڭا قەلبىمنىڭ پىنھانلىرىدىن سىزگىمۇ بىر خىل يات نەزەردە قاراپ كەپتىكەنمەن. ھەتتىڭەي، ھەر قېتىم مۇشۇنداق سالاملىرىڭىز يەتكەندە ۋۇجۇدۇم توك تەپكەندەك لەرزىگە كەلدى. سىزدىكى كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىقتىن تەسىرلىنىپ، خىجىللىقتىن ئۆزۈمنى قويغىدەك يەر تاپالماي، ئۆز گۆشۇمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولدۇم. ئۆزۈمنى ئىنسانلىقتىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، كەچۈرگۈسىز بىر گۇناھقا يۈزلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. مېنى كەچۈرۈڭ، مۇئەللىم، سىزنى خاتا چۈشىنىپ كەلگەنلىكىمنى، تەتىللەردە سىزنى يوقلاپ بارالمىغىنىمنى، ئامان - ئېسەنلىك سورىيالمىغىنىمنى ئەپۇ قىلىڭ. مۇشۇ يىللاردا ئۆزۈمنى «باغرى تاش» دەپ ئەيىبلەپ كەلدىم، ماڭا ئەقىل بەرگەن، ھايات مەنزىلىنى كۆرسەتكەن يولباشچىمنىڭ شەخسىيەتسىز مۇھەببىتىگە گۇمان نەزەرىدە قاراپ كەلگىنىم ئۈچۈن ئۇيالدىم. ئاخىر قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ، سىزگە بۇ خەتنى يېزىشنى لايىق تاپتىم.

قەدىرلىك ئىسمەت مۇئەللىم، سىز بىر تىنىمسىز باغۋەن، ئىشچان ھەسەل ھەرىسى، بىزگە ئوخشاش ئەۋلادلارنىڭ دىلىغا مەرىپەت نۇرىنى چېچىش ئۈچۈن كۆيۈپ تۈگەۋاتقان نۇرانە شام. سىز قولىڭىزدا ئۇچۇرما بولغان تالاي سەبىيلەرنىڭ ئېپتىخارى. سىزنىڭ قان تەرىڭىز، مىننەتسىز ئەمگەكلىرىڭىز، بېغىشلاش روھىڭىز تالاي ئەۋلادلارنىڭ دىلىدا يادلىنىپ، ئەسلىمىسىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار سىزنى بىر ئۆمۈر ئەزىز كۆرىدۇ، بىر ئۆمۈر سىزنىڭ ياخشى تەرىپىڭىزنى قىلىدۇ، سىزدىن سۆيۈنۈپ، پەخىرلىنىپ ئۆتىدۇ، جۈملىدىن مەنمۇ شۇنداق. گەرچە سىزنى يوقلاپ ياكى خەت يېزىپ ئامان - ئېسەنلىك سوراپ بولالمىغان بولساممۇ، ۋۇجۇدۇمدا خىسلىتىڭىز ئۈچۈن ئابىدە تىكلىدىم، سىزنى ھاياتىمنىڭ ئۈلگىسى دەپ بىلدىم. شۇڭا ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشۇمنى تاماملىغاندىن كېيىن، تاللاش پۇرسىتىم بولغان شارائىتى ياخشى خىزمەت ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، ناھىيەدىن ئەڭ يىراق بۇ يېزىنىڭ يىراق بىر تاغلىق كەنتىدە ئوقۇتقۇچى بولدۇم.

ھەئە مۇئەللىم، مەن ئوقۇتقۇچى بولدۇم. مەنمۇ سىزگە ئوخشاش روھ پەرۋىشكارىغا ئايلاندىم. تۆۋەندە ئۆزۈم توغرىلىق سۆزلەشكە رۇخسەت قىلغايسىز.

www.uyghurkitap.com



مەن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇ-
رۇشى بويىچە، ئالاقە قەغىزى ۋە ئۆزۈمنىڭ تونۇشتۇرۇ-
شۇمنى سومكامغا سېلىپ، ئەتىگەندىلا ناھىيەدىن ئەڭ
يىراق بۇ يېزىغا كەلدىم. مەن يېتىپ كەلگەندە مەكتەپ
مۇدىرى يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئېچىلىۋاتقان يىغىندا بولغاچ-
قا، ماڭا ئىشخانىدا ساقلاشقا توغرا كەلدى. ئالاھازەل يې-
رىم سائەتلەردىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلىپ، ئوتتۇرا بوي،
چاچلىرى شالاڭ، قورساق سالغان بىر كىشى كىرىپ كەل-
دى ۋە قولىدىكى ماتېرىياللارنى ئۈدۈلدىكى ئۈستەلگە
پاققىدە قويۇپ، يېقىمسىز نەزەردە ماڭا قارىدى. مەن
ئۇنى مۇدىر بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئالدىغا باردىم
ۋە قول ئېلىشىپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغان-
دىن كېيىن ئالاقە قەغىزى بىلەن تونۇشتۇرۇشۇمنى ئۇنىڭ-
غا سۇندۇم. مۇدىر ئۇلارنى بىرمۇبىر كۆردى، كۆرۈپ
بولۇپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك بىردە قولىدىكى قە-
غەزلەرگە، بىردە ماڭا سىنچىلاپ قارىدى، ئاندىن ئىككى
چېكىسىنى قاماللاپ ئۇن ـ تىنسىز بىردەم خىيال سۈردى.

— خوش، — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن بېشىنى
لىككىدە كۆتۈرۈپ، — ئىسمىڭىز ئەلقەم، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— سىز رايونىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئالىي مەكتەپتە
ئوقۇپسىز، نەتىجىڭىزمۇ ئالاھىدە ياخشىكەن، ھەر يىلى
ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ كەپسىز.

— شۇنداق.

— ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى بىر
قانچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر سىزنى تەكلىپ قى-
لىپتۇ، يەنە بەزى داڭلىق كارخانىچىلارمۇ سىزنى ئېلىپ
قېلىپ، يۇقىرى مائاش ـ تەمىنات بىلەن قوبۇل قىلىش
ۋەدىسىنى بېرىپتۇ.

— شۇنداق.

— لېكىن سىز ئۇلاردىن ۋاز كېچىپ قايتىپ كەپسىز.
بۇنىڭدا بىرەر ئالاھىدە سەۋەب بارمۇ؟

— ياق. ھەقىقىي خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولسام، با-
لىلارنى تەربىيەلىسەم دەيمەن.

— ئۈرۈمچىدىكى مەكتەپلەردىمۇ ئوقۇتقۇچى بولسى-
ڭىز بولاتتىغۇ، ئۇ يەرلەرنىڭ شارائىتى بىزدىن كۆپ ياخ-
شى، تالانتىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايسىز
ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، لېكىن بۇ يەر ماڭا تېخىمۇ موھتاج دەپ
ئويلايمەن.

بۇ راست ئىسمەت مۇئەللىم، بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆ-
زۈم. قەلبىمدە كەلگۈسىدە سىزگە ئوخشاش ئوقۇتقۇچى
بولۇش ئىستىكى يانغان شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، مەن ئەڭ
جاپالىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىشنى نىشان قىلغانىدىم.
مەن سىزىپ چىققان قەلبىمدىكى روھ پەرۋىشكارلىرىنىڭ
ئاددىي پورترېتى مۇنداق: بور توزانلىرى ئىچىدىكى توپا
باسقان مېھرلىك چىرايىدىن نۇر يېغىپ تورىدۇ. بۇ خىل
نۇر — ئۆز كەسپىگە بولغان چەكسىز سادىقلىق ۋە رازى-
مەنلىك تۈيغۇسىدىن بالقىغان ساداقەت نۇرى؛ ئەۋلادلارنىڭ
دىلىغا ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئۇلارنى ناداد-
لىقتىن قوتقۇزۇشنى مەقسەت قىلغان، بۇ يولدا ھېرىپ ـ
چارچاشتىن قورقمايدىغان، جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە باش
ئەگمەيدىغان پىداكارلىق روھى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ھامان
يىراقلارغا تىكىلگەن، ئۇلار تۈنلەرگە ھەمراھ، ئۇلارنىڭ
مەزگىلسىز ئاقارغان چاچلىرى، پۈكۈلگەن قەددى ـ قامە-
تى، كەمتەر، خۇش پېئىل تەبەسسۇمى... مانا بۇلار مەن
قەلبىمگە سىزىپ چىققان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاددىيغىنە
ئوبرازى، كۆيۈپ تۈگەۋاتقان بىر نۇرانە شامنىڭ ئاددىي
تەسۋىرى. مەن مۇشۇ مۇقەددەس كەسپنىڭ ئۈمىد ـ
ئارزۇسىدا ئوت بولۇپ يانغان شۇ دەقىقىلەردىن باشلاپ،
راھەت ـ پاراغەتنى كۆزلىگەن ئەمەس، سىزگە ئوخشاش
ساددا، ئاقكۆڭۈل دېھقانلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىگە كۆيۈ-
نۈپ بىلىم بېرىشنى، ئۇلارنى زامانغا لايىق پەزىلەت سا-
ھىبى، ئىلىم شەيداسى قىلىپ تەربىيەلەشنى ئۆزۈمنىڭ ئۆ-
مۈرلۈك نىشانى قىلغان ئىدىم. شۇڭا ئوقۇش پۈتكۈزگەن-
دىن كېيىن ئاساسىي قاتلاملارغا چۆكۈپ، ئەڭ چەت تاغ-
لىق يېزا ـ كەنتلەردە شام كەبى يېنىشنى تاللىدىم.

مۇدىر ماڭا قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ
مەن توغرىلىق نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتقانلىقى ئېنىق. بەل-
كىم مېنى قايسى خىزمەتكە قويۇش ھەققىدە خىيال سۈ-
رۈۋاتقاندۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ بىر قارارغا كېلىشىگە دەخلى
قىلماسلىق ئۈچۈن، ئىمكان بار ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىما-
دىم. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ دىمىقىنى قىرىپ قويدى.

— روھىڭىزغا ئاپىرىن! — دېدى ئۇ چۈشىنىكسىز
بىر ئىپادىدە، — سىزدەك ئىرادىلىك ياشلار كەم تېپىلى-
دۇ. ئالدى بىلەن سىزنىڭ مائارىپتىن ئىبارەت بۇ سەپكە
قوشۇلغانلىقىڭىزنى قارشى ئالىمەن. بۇگۈنلا ئىشقا چۈ-
شەمسىز ياكى ھەل قىلىۋالىدىغان بەزى ئىشلىرىڭىز بار-
مۇ؟ دېمەكچى، مۇشۇنداق بىر ئىشلىرىڭىز بار بولسا،
ئاۋۋال شۇ ئىشىڭىزنى پۈتكۈزۈۋېلىڭ، ئاندىن خاتىرجەم
ئىشقا چۈشۈپ كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— باشقا ھەل قىلىدىغان ئىشلىرىم يوق، بار بولسى-
مۇ ئالدىرىماي قىلىۋالارمەن.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، مەكتىپىمىزنىڭ باشقا
ئەھۋاللىرىنى كېيىنچە بىر ـ بىرلەپ چۈشىنىۋالارسىز،
ئەسلىدە سىزنى مۇشۇ مەكتەپتە ئېلىپ قالغۇم بار ئىدى،
لېكىن ئۆزىڭىزنىڭ تەلىپى ۋە بىزنىڭ مۇشۇ مەكتەپكە
قاراشلىق ئۈچ شۆبە مەكتەپنىڭ ھازىرقى جىددىي ئېھتى-
ياجىنى نەزەردە تۇتۇپ بەشبۇلاق شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى-
گە بارسۇنمىكىن دەپ ئويلىدىم. ئۇ يەرنىڭ بۇ يەر بىلەن
بولغان ئارىلىقى 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. ياتاق مەسىلىسىنى
شۇ مەكتەپتىن ھەل قىلىپ بېرىمىز، تاماق مەسىلىسىنىمۇ



ئالدىرىماي ئويلىشارمىز. باشقا پىكرىڭىز بارمۇ؟

— مەيلى، باشقا پىكرىم يوق.

— سىزنى ئاپىرىپ قويۇشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇردمەن. مائارىپ ئىدارىسىدە يەنە يىغىنىم بار ئىدى. كېيىن پۇرسەت بولسا ئوبدانراق پاراڭلىشارمىز. قىيىنچىلىق بولسا مېنى ئىزدەڭ.

— ماقۇل، رەھمەت مۇدىر.

ئالاھازەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن چامادانىمنى مەكتەپنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا بېسىپ مېڭىشقا تەق بولدۇم. قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، ئېگىز بوي شوپۇر تولىمۇ جىمغۇر، تارتىنچاق، ئىچ مىجەزلىك ئادەم ئىكەن، ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ماڭغاندىن باشلاپ سورىغان بىر قانچە سوئاللىرىمغا قىسقىلا جاۋاب بەرگەندىن باشقا ئارتۇق گەپ قىلمىدى. مەنمۇ يەنە باشقا گەپلەرنى قىلىشتىن يالتىيىپ، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە نەزەر سېلىپ جىممىدە ئولتۇردۇم. ماشىنا يېزىدىن چىقىپ شىمال تەرەپكە قايرىلغان شېغىللىق يولغا چۈشتى. بەشبۇلاققا ماڭىدىغان بۇ يول خۇددى يىلاندەك ئەگرى - بۈگرى يول ئىكەن، بىر قانچە ئورۇندىكى خەتەرلىك ئەگمىلەردە شوپۇر سۈرئەتنى ئاستىلاتتى. بىر چاغدا يولنىڭ خەتەرلىك جايلىرى تۈگىگەن بولسا كېرەك، شوپۇر ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى يەنە تېزلەتتى. مانا، كۆز ئالدىمىدىن گىياھسىز تاقىر ساي، سۈيى قۇرۇپ كېتىشكە ئاز قالغان سۇ ئامبىرى، شىرىلداپ سۇ ئېقىۋاتقان كەڭ جىلغا بىر - بىرلەپ ئۆتتى. بۇ ناتونۇش يوللار مېنى قىزىقتۇرغاچقىمۇ، ھەر بىر نەرسىگە ناھايىتى دىققەت بىلەن قاراپ كەلدىم. ماشىنا جىلغىدىن چىققاندىن كېيىن يېشىل دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ تۇرغان كەڭ قوناقلىق ۋە ئۇ يەر - بۇ يەردىن كۆكۈچ ئىسلىرى پۇرقىراپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قىسقا مورىلىق ئۆيلەر كۆزۈمگە چېلىقتى. يول ئەمدى تۈز ئىدى، يولدا ئادەملەرمۇ كۆپ ئىدى. شوپۇر ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى يەنە ئاستىلاتتى.

ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ ئاخىرى دائىملا كۆپكۆك دېڭىزدەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بۇلۇتسىز ئاسمان، جانغا ئاراملىق بېغىشلايدىغان ساپ ھاۋا كىشىگە ئۆزگىچە يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ. توپىلىرى يېنىك پۇرقىراپ تۇرىدىغان سەھرا يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بەيگىگە چۈشكەندەك تەك بوي تارتىشىپ ئۆسكەن نەمخۇش تۇپراقلىق قوناقلىقلاردىن تارقاۋاتقان خۇشپۇراقلار ۋۇجۇدىڭىزغا تەسۋىرلىگۈسىز شېرىنلىك ئاتا قىلىدۇ... مەن ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى تولۇق چۈشۈرۈۋەتتىم ۋە بېشىمنى ماشىنا دېرىزىسىدىن چىقىرىپ سەھرانىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ - قېنىپ نەپەسلەندىم. ۋۇجۇدۇم بۆلەكچە يەڭگىللەپ قالدى. كەيپىياتىم ئۇرغۇپ ئۆزۈمنى بىردىنلا خۇشخۇيلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. يوللاردا ماڭا قىزىقسىنىپ قارىشىۋاتقان مەيلىك ھارۋىلاردىكى ناتونۇش

كىشىلەرگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ، باش ئىشارىتى ئارقىلىق سالام قىلىشقا باشلىدىم. ئۆز يولىغا ئالدىراۋاتقانلار، يول بويىدىكى سايىلىك دەرەخلەر ئاستىدا قارتا، قاتار ئويناۋاتقانلار، توپلىشىپ قىزىق - قىزىق پاراڭلارنى سېلىشىپ قاقاھلىشىپ كۈلۈشۈۋاتقانلار سالامىمغا سالام قايتۇرۇشتى...

ھەئە، مۇئەللىم، مەن مۇشۇ تۇپراققا سالام قىلدىم، مۇشۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان ئاشۇ ئاددىي - ساددا، جاپاكەش دېھقانلارغا سالام قىلدىم. ئۇلارمۇ مېنى قىزغىن سالاملىرى بىلەن كۈتۈۋالدى. بۇ يۇرتمۇ ئۆز مەھەللەمدەك شۇنچە ئۆز، مېھرلىك بىلىنىپ ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ئىللىق سېزىم ئىلكىگە ئالدى.

شوپۇر مېنى مەكتەپكە ئەكىلىپ مەسئۇل خادىملارغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. بەشبۇلاق شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئوچۇق چىراي، خۇشخۇي ئادەم ئىكەن. كەلگىنىمدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ، شۇ ھامانلا مېنى ئىلمىي مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا ئۆزى باشلاپ ئەكىرىپ دەرس تەقسىم قىلدى. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنى بەلگىلەپ بەردى. مەن ئۈچ كۈن شۇ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋە باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلىدىم، بىر سائەتلىك دەرسنى قانداق ئۆتۈش لازىملىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر نىشان، چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن مۇنبەرگە چىقتىم.

مانا، ئوڭ قولۇمدا بور، سول قولۇمدا كىتاب. بۇ ئاددىيغىنە ئىككى نەرسىنىڭ قۇدرىتىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. تالاي ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر، يازغۇچى - شائىرلار، دوختۇرلار، ئىنژېنېرلار مۇشۇ ئىككى نەرسىنىڭ قۇدرىتى بىلەن مۆھتەرەم ئورۇنغا ئېرىشكەن. دوسكىغا چىرايلىق قىلىپ بۈگۈن ئۆتۈلمەكچى بولغان دەرسنىڭ تېمىسىنى يازدىم ۋە تۇنجى سائەتلىك دەرسىمنى باشلىدىم:

— ئادەم ياشىغانىكەن، چوقۇم بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك، مەيلى سىز موزدۇز، ياغاچچى، ئاشپەز بولۇڭ ياكى دېھقانچىلىقنى كەسىپ قىلىڭ، چوقۇم بىر كەسىپتە بولۇشىڭىز زۆرۈر. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەقىل بولۇپ، باشقىلارغا تايىنىپ قېلىشتىن ساقلىنالايسىز، تىرىكچىلىكىڭىز مۇقىم ئىقتىسادىي مەنبەگە ئىگە بولىدۇ، ئىنسانىي قەدىر - قىممەت كاپالىتىگە ئېرىشەلەيسىز. ئىككىنچىدىن، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن پاناھقا ئىگە بولۇپ، بىكارچىلىقتىن ئىچىڭىز پۇشۇپ يۇرمەيدىغان بولىسىز. ئۈچىنچىدىن، تۇرمۇشىڭىز تەرتىپلىك، ساغلام بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىكى ئوگۇشسىزلىق، باش قېتىنچىلىقلار ئىرادە، پەزىلەت، ئىقتىدار ۋە ئىستىداتىڭىزنى تاۋلايدۇ. مۇقىم بىر كەسىپ ئىگىلەش ۋە ئىگىلىگەن شۇ كەسىپنى قەدىرلەش تولىمۇ مۇھىم. قېنى، قايسى ساۋاقداش ماڭا كەلگۈسىدە نېمە كەسىپ بىلەن



شۇغۇللىنىش ئارزۇسى بارلىقىنى دەپ بېرەلەيدۇ؟

مەن سىز تۇنجى سائەتتە بىزگە دېگەن، يۈرىكىمدە ھېلىھەم ساقلىنىپ قالغان ئاشۇ سۆزلەر بىلەن مۇنبەردىكى تۇنجى قەدىمىمنى باستىم. چىرايىدىن سەبىيلىك ئۆچمىگەن ھەر. سىياق، ھەر خىل قىياپەتتىكى ئوقۇغۇچىلار دىلىمدا مېھىر ئويغاتتى. ئۇلار دەرسىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىماقتا، بەرگەن تەربىيەلىرىمنى زېھنىگە ئېلىشقا، قوبۇل قىلىشقا تىرىشماقتا. ساۋاقداشلارنىڭ ئاكتىپ ماسلىششى نەتىجىسىدە تۇنجى سائەتلىك دەرس مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى. بۇ سائەتلىك دەرسنىڭ ئاخىرقى خۇلاسە باسقۇچلىرىنى تاماملاۋاتقان شۇ دەقىقىدە ئۆزۈمنى تولىمۇ يەڭگىل ھېس قىلدىم. مەسئۇلىيەتچان ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن بىر سائەتلىك دەرسنى ئۆتمەك ئاسان ئەمەس، ئوقۇتقۇچى دەرس مەزمۇنىنى ئوقۇغۇچىلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن، شۇ بىر سائەتتە ھەتتا بىر كۈن ئېتىزدا كەتمەن چاپقاندىنمۇ ئۆتە چارچايدۇ. ئەمما دەرس مەزمۇنىدىكى تۈرلۈك تەلەپلەر ئورۇندىلىپ، ئوقۇتقۇچى كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتسە، ئۆزىدە ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ، ئەكسىچە روھى تېخىمۇ كۆتۈرۈلىدۇ، ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلىدۇ. كىشىلەر ئوقۇتقۇچىنى نېمە ئۈچۈن شامغا ئوخشىتىدۇ؟ چۈنكى شام باشقىلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا كۆيدۈرۈپ تۈگىتىدۇ. ئۇنىڭ بارلىقى يورۇقلۇققا موھتاج بولۇۋاتقانلار ئۈچۈن بېغىشلانغان. كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنى باغۋەن دەپ تەرىپلەيدۇ؟ چۈنكى، ئوقۇتقۇچىلار چىن مەنىدىكى باغۋەنلەرگە ئوخشاش تىنىمسىز تەر تۆكۈپ جاپالىق ئىشلەيدۇ ـ يۇ، ھالال مېھنىتى، جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە مەي بولۇپ پىشقان مېۋىلەرنى باشقىلار ھۇزۇرلىنىپ يېگەن چاغدا، ئۆزى قاتتىق زاغرىسىنى سۇغا چىلاپ يەپ تۇرۇپ راھەتلىنىپ كۈلەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۈلكىسى چىن كۈلكە، بەختىيارلىق مۇجەسسەملەنگەن راھەتلىك كۈلكە.

قەدىرلىك ئىسمەت مۇئەللىم، سىز ئەنە شۇ شام ئەمەسمۇ؟ سىز مەن ۋە ماڭا ئوخشاش سانسىزلىغان ئەۋلادلارنىڭ قاراڭغۇ دىلىنى يورۇتۇش ئۈچۈن شام كەبى ياندىڭىز، ياشلىقىڭىز قورىدى، قامىتىڭىز ئېگىلدى، چاچلىرىڭىزغا ئاق كىردى، جىسمانىي قۇۋۋىتىڭىز كېمەيدى... مەنمۇ سىزدەك يانالارمەنمۇ؟

ئەتە تۇنجى سائەتتە يەنە دەرسىم بار ئىدى، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك يازاي. كىتاب كۆرۈشۈم، دەرسكە تەييارلىق قىلىشىم كېرەك. خۇددى سىز ئېيتقاندەك «ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا بىر ئىستاكان سۇ بېرىش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزى ئاۋۋال بىر چېلەك سۇ تەييارلىشى زۆرۈر». ئەمدى سىزگە پات ـ پات خەت يېزىپ تۇرىمەن، يۇرتلارغا ئۆتسەم سىزنى چوقۇم يوقلاپ بارىمەن. خەير، ئامان بولۇڭ، سىزگە ساقلىق، ساغلاملىق يار بولسۇن.

ئوقۇغۇچىڭىز: ئەلقەم

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، كېچە.

## 2

ئىسمەت مۇئەللىم بۈگۈن خاپا شۇنداقلا ناھايىتى خۇشال.

ئۇنى خاپا قىلغىنى بۇ يىل يېڭىدىن مەسئۇل بولغان سىنىپىدىكى موللامەت دېگەن ئوقۇغۇچى، ياق، ئەڭ توغرىسى ئۇنى خاپا قىلغىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئۆزى. يىگىرمە نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا ئۇ ئىزچىل تۆردە سىنىپ مۇدىرى بولۇپ كەلدى. ھەر قېتىم يېڭى سىنىپ مۇدىرى بولۇپ بەلگىلەنگەندە، ئۇنىڭ تۇنجى قىلىدىغان ئىشى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش بوراندەك سۈر ـ ھەيۋە بىلەن ئىشىكنى قوپال تاراقشىتىپ ئېچىپ كىرىپ، چىرايىنى سۈرلۈك كۆرسىتىپ، سىنىپنىڭ پولاتتىن قاتتىق قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى بەلگىلەش ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ يىراقتىن كۆزىتىش. دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇ ئاساسەن سىنىپقا كىرمەيدۇ، ئۆزىگە تەقسىملەنگەن ئوقۇغۇچىلارنى يىراقتىن كۆزىتىپ، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش ئادەتلىرىنى، قىزىقىشىنى، ئالاھىدىلىكىنى، كىمنىڭ قانداق ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆپرەك بىرگە پائالىيەت قىلىدىغانلىقىنى ئىگەللەيدۇ ۋە بىرمۇبىر خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭىدۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ رەسمىي يۇسۇندا ئەدەپ ـ ئىكرام بىلەن سىنىپقا كىرىپ كېلىدۇ ـ دە، تۇنجى قېتىملىق سىنىپ يىغىنى ئېچىپ، سىلىق سۆزلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلار جەزمەن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئاندىن سىنىپ ھەيئەتلىرىنى تۈرگۈزىدۇ. سىنىپ ھەيئەتلىرىنى بەلگىلەشتە، ئۇ ئاۋۋال ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئارتۇقچىلىق، يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، سىنىپ تەشكىلىنى ياخشى باشلاپ كېتەلەيدۇ دەپ قارىغان بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامزاتىنى ئېلان قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار نەچچە كۈندىن بېرى تۈزۈك قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىگەن سىنىپ مەسئۇلىنىڭ قاچانلاردا، نەلەردە يۈرۈپ ئۆزلىرىنى شۇنچىۋالا چوڭقۇر چۈشىنىۋالغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەي، ئۇ كۆرسەتكەن نامزاتلارنى قايىللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسمەت مۇئەللىمنىڭ پائالىيىتى ئومۇمەن سىنىپتا بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھەممە ھەرىكىتىگە سىنىپ مەسئۇلى زەن سېلىپ تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ، يۈرۈش ـ تۇرۇشقا تېخىمۇ بەكرەك دىققەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە سىلىق سۆز تاشنى يارىدۇ، ھەرقانداق باغرى قېتىپ كەتكەن كىشىمۇ مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە سەمىمىيەت ئالدىدا ھامان ئاجىزلىقىنى نامايەن قىلىدۇ. مەكتەپتىكى يىغىندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئاساسەن دېگۈدەك سىنىپتا — ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يۈرىدىغان ئىسمەت مۇئەللىمگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈششاق ـ

چۈششەك ئادەتلىرىدىن تارتىپ يادا. ئۇزۇنغا قالماي ئوقۇغۇچىلار ئاستا - ئاستا قېلىپقا چۈشكەندە، ئۇ سىنىپ ھەيئەتلىرىنىڭ دادىللىق بىلەن سىنىپنى باشقۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدۇ. ئوقۇغۇچىلار مىسالى بىر كۆچەتكە ئوخشايدۇ، كۆچەت نوتا چېغىدىن تۈز ئۆسسە، چوڭايغانسېرىمۇ تۈز، باشقىلار ھەۋەس قىلغۇدەك تېرەك بولىدۇ. بۇنى ئىسمەت مۇئەللىم ياخشى بىلىدۇ. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان ئىسمەت مۇئەللىمنىڭ سىنىپ باشقۇرۇشتىكى بۇ ئۇسۇلى ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسىتىپ كەلگەن، ئۇنىڭ قولىدا تالاي ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇرما بولدى. ئۇ مەسئۇل بولۇپ تەربىيەلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئەزەلدىن مەكتەپنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلىپ چارە كۆرۈلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىگەنىدى، ھەتتىگەي، بۈگۈن نېمە قارا باستىكىن - ھە؟! ئۇ موللامەت ئىسمىلىك بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغا نېمىشقا تېخىمۇ يېقىندىن دىققەت قىلمىغان بولغىيدى؟ ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغىنى بىردەمدىلا مەكتەپ ئىچىگە پۇر كەتكەنىدى. ئىشخانىدا تاپشۇرۇق تەكشۈرۈپ ئولتۇرغان ئىسمەت مۇئەللىم بۇنى سىنىپ باشلىقىدىن ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. موللامەتنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە قانداق ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئېنىق ئەمەس، ئەمما ئۇ بۇ يىل يېڭىدىن تولۇقسىز ئوتتۇرىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ سىنىپىغا تەقسىم بولغاندا، ئۇ باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن كۆرە ئۇنى بەكرەك كۆزەتكەن. غەيرىي ئەھۋال بايقىمىغانىدى. ئۇ موللامەتنى خېلى چۈشىنىمەن دەپ قارايتتى، تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇ «دادام ئاغرىپ قالغانىدى، دوختۇرخانىغا ئاپىراتتىم» دەپ رۇخسەت سورىغانىدى، ئەتىگەندە ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندە، موللامەت خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك سىنىپتا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىپ ساقچىخانا تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قېلىشتەك بۇنداق ئېغىر سەۋەنلىكنى ئۆتكۈزۈشىنى كىم ئويلىسۇن. قانۇنغا چېتىشلىق بۇنداق ئىش ئىسمەت مۇئەللىمنىڭ سىنىپ مۇدىرلىق ھاياتىدا ئەسلا كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

ئىسمەت مۇئەللىم ئۆزىگە «قانداق قىلىمىز» دېگەندەك مەنادا قاراپ تۇرغان سىنىپ باشلىقىغا يالتىدە قاراپ قويۇپ، ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ قالدى. قولىدىن قەلەم چۈشۈپ كەتتى. دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ، كۆينىكىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى تۈگمىسىنى يەشتى، يەنە ئەتتى، يەنە يەشتى. كۆزلىرى بىردە تورۇسقا، بىردە تاملارغا، بىردە ئىشىككە يۆتكەلدى. خۇددى ئاشۇ يەرلەردە قانداقتۇر كۆزلەر ئۇنى مازاق قىلىپ «ئۆزەڭنى قالتىس ئوقۇتقۇچى ھېسابلايتتىڭغۇ، سىنىپىڭدا ئەخلاقى ياخشى ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس، ئوغرىلارمۇ باركەن - ھە؟» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ۋۇجۇدىنى سوغۇق تىترەك باستى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقلارچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكىنىنى سەزمىدى. كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چاچرىدى. ئالدىدا تۇرغان سىنىپ باشلىقىغا گەپمۇ قىلماستىن، يوغان - يوغان چامدىغىنىچە سىنىپقا كىردى. موللامەت ئارقا رەتتىكى ئۆزىنىڭ ئورنىدا بېشىنى جوزىدىن كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. ئەقىل كونتروللۇقىنى يوقاتقان ئىسمەت مۇئەللىم ئۇدۇل بارغىنىچە ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ سىلكىپ تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇ قەدەر قوپال ئىدى. سىنىپتىكى باشقا ئوقۇغۇچىلار قىيا - چىيا قىلىشىپ كەتتى. تۇيۇقسىز زەربىدىن چۆچۈگەن موللامەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزلىرى غەزەپتىن كېرىلىپ كەتكەن ئىسمەت مۇئەللىمنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتى. موللامەتنىڭ كۆزلىرى ياشلىق ئىدى. بۇ كۆزلەردە شۇ قەدەر چوڭقۇر ئامالسىزلىق ياش بىلەن بىللە سۈس يالتىراپ تۇراتتى. ئىسمەت مۇئەللىمنىڭ قوللىرى بوششىپ كەتتى. ئۇ موللامەتنىڭ كىيىمىنىڭ پۇرلەشكەن ياقىسىنى تۈزەپ، ئۇنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ چىقتى.

موللامەت ئىشخانىغا كىرىپلا ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ يىغىسى بەكمۇ بىچارە يىغا ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ئىسمەت مۇئەللىمنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى، سىنىپتىكى قوپاللىقى يادىغا يېتىپ قىلمىشىدىن ئۇيالدى. ئۇ موللامەتتىن ئىشنىڭ جەريانىنى سورىمىدى، ئۇنىڭ قىلمىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ سەۋەبلىك ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ھۆرمەت - ئىناۋىتىنى ئۆز قولى بىلەن يوقاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئەگەر قەدرىنى قايتا تاپماقچى بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىملىقىنى، باشقىلارغا كۆپرەك ياردەم بېرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتتى. موللامەت ۋەدە بېرىپ چىقىپ كەتتى.

موللامەت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىسمەت مۇئەللىمنىڭ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشكە رايى بارمىدى. ئۇ بۈگۈنكى بۇ ناچار كەيپىياتتىن چۆچۈپ كەتتى. ۋۇجۇدىنى بايىقى بىردەملىك ياۋايى قىلمىشىغا بولغان پۇشايمان چىرمىۋالدى. ئاچچىق ئەقىلدىن غالىب كەلگەندە، ياۋايىلىق، قاراملىق، نادانلىق ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئىسمەت مۇئەللىمنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا، بۇنداق ئىش ئىككىنچى قېتىم يۈز بەرگەنىدى. ئالدىنقىسى بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئاۋۋالقى ئەلقەم ئىسىملىك ئوقۇغۇچىغا قارىتا بولغان تەلۋىلىك، ياۋايىلىق ئىدى. شۇ چاغدا ئىسمەت مۇئەللىم تولۇق ئوتتۇرا 2 - يىللىق سىنىپنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئوخشاشلىق شۇكى، شۇ قېتىممۇ ئۇ خۇددى بۈگۈنكىدەك قوپاللىق بىلەن سىنىپقا كىرىپ، ئەلقەمنىڭ ياقىسىدىن قامالاپ تۇتۇۋېلىپ، نەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋېتىشكە تاسلا قالغانىدى. ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى، ئەلقەم ھاراق ئىچىپ سىنىپقا كىرىپ، دەرس ئۆتۈۋاتقان فىزىكا مۇئەللىمنى قاتتىق ھاقارەتلىگەنىدى، موللامەت بولسا ئوغرىلىق قىلىپ ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ

قالدى. يەتتە يىل ئاۋۋالقى ئاشۇ قوپاللىقى ئىسمەت مۇئەللىمنى ھازىرمۇ قىينايدۇ، شۇ ئىشلارنى ئويلىسا يۈرىكىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى پىژىلداپ ئاغرىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ھەرگىزمۇ قوپاللىق قىلماسلىققا ئەھدە قىلغانىدى، بۈگۈن ئاشۇ ئەھدىسىنى ئۇنتۇپ قالغىنى نېمىسى؟ موللامەتنىڭ ياقىسىدىن تۇتقان ۋاقىتتىكى كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياش، ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىنكى ھازىرقى يىغىسى ئۇنىڭ پۇشايمىنى ئەمەسمۇ، بەلكىم ئۇ خاتالىقنى سادىر قىلىشتا بىرەر سەۋەب باردۇر، موللامەت ئاللىقاچان ئۆز قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان. كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدىلا موللامەتنى قوپال سىلكىشلىگىنى ئەجەب - ھە؟! ئىسمەت، ھەي ئىسمەت، سەن نېمە قىلىپ قويدۇڭ - ھە؟! كونىلاردا «ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىدىغۇ؟ ۋۇجۇدۇڭنى غەزەپ چىرمىۋالغاندا، سەن بىر تەلۋىگە ئايلاندىڭ، شۇنچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا موللامەتكە ئاھانەت قىلدىڭ، بۇ موللامەتنى جازالىغىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭنى جازالىغىنىڭ. ساڭا قېرىلىق يەتكەندىمۇ؟ نېمىشقا ئاللىقاچان پۇشايمان قىلغان خاتالىقنى يەنە قايتا سادىر قىلىسەن - ھە؟!!

ئىسمەت مۇئەللىم ئۆزىگە، ئۆتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكىگە خاپا بولۇپ، جىلى بولغىنىدىن تارتمىسىنى ئاچتى ۋە خېلى ئۇزۇن ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، قاچانلاردىدۇر سېلىپ قويغان بىر تال تاماكىنى تېپىپ ئاغزىغا قىستۇردى، چاقماق يوق، ئۇ قوشنا ئۆستەلدىكى تاماكا چېكىدىغان خىزمەتدىشىنىڭ تارتمىسىغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئەمدىلا قولىنى سوزۇۋىدى، ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى. كىرگۈچى مەكتەپنىڭ خەت - چەك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ھەنىپە خانىم ئىدى.

— ھوي، ئىسمەت مۇئەللىم، سىلىگە نېمە خۇمار ئەمدى بۇ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ. ئىسمەت مۇئەللىم ئادەتتە تاماكا چەكمەيتتى. چەكتى دېيىلسىمۇ ئۇنىڭ - بۇنىڭ زورى بىلەن قول ياندۇرالماي ئايدا بىرەر - ئىككى تال چېكىپ قوياتتى.

— ئۆزۈمچە خاپا بولۇپ، — دېدى ئۇ تاماكىغا چاقماق ئىزدەشتىن يالتىيىپ.

— كىمدىن؟

— ئۆزۈمدىن بولمامدۇ.

— قىزىقتە سىلى، ئۆزىدىنمۇ خاپا بولامدۇ كىشى؟ — ھەنىپە خانىم پىخىلداپ كۈلدى، — خەقتىن خاپا بولۇپ دومسىيىپ ئولتۇرغانىنى كۆپ كۆرگەن، ئەمما ئۆزىدىن خاپا بولۇپ ئولتۇرغانىنى كۆرمەپتىكەنمەن.

— ئادەم دېگەن شۇنداقكەن ھەنىپە خانىم، بىز دائىم باشقىلاردىكى سەۋەنلىكنى ئاسانلا كۆرىدىكەنمىزيۇ، ئۆزىمىزدىكى سەۋەنلىكنى كۆرەلمەيدىكەنمىز. ئۆزىمىزگە ھەممە ئىشىمىز توغرىدەكلا تۇيۇلىدىكەن.

— ئۇمۇ راست، سىلىنىڭ بىر پارچە خەتلىرى باركەن، بەلكىم خەتتىن خۇشاللىق تاپارلا، — ھەنىپە خانىم خەتنى ئۈستەلگە قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئىسمەت مۇئەللىم ھەيران بولدى. ئۇنىڭ بىرەرسى بىلەن خەت - چەك ئالاقىسى يوق ئىدى. كىم يازدىكىنە؟ ياكى ھەنىپە خانىم خاتالىشىپ قالغانمىدۇ؟ ئۇ كونۋېرتنى ئۆرۈپ ئادرېسقا قارىدى، كۆزى ئەلقەم دېگەن ئىسمغا چۈشۈۋىدى، ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى. شۇ، دەل ئۆزى شۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئىسمەت مۇئەللىم ئۆزىنى كونترول قىلالماي، خۇددى بۈگۈنكىدەك سىنىپقا دەرغەزەپ بىلەن كىرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالغان، شۇ ۋاقىتتىمۇ سىنىپتا لىققىدە ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. ئەلقەم قورققىنىدىن تۈگۈلۈپلا قالغان، باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ قىيا - چىيا قىلىشىپ كەتكەنىدى. ئىسمەت مۇئەللىمنىڭ ئەلقەمنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىپ ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن كۆتۈرگەن قوللىرى ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى. ئۇ باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيا - چىيا قىلغان ئاۋازىدىن دەرھال ئېسىنى يىغىۋالدى ۋە ئۇنى ئىشخانىسىغا باشلاپ چىقىپ ۋەدىنامە يازدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى شۇ بىر قارار ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتكۈزگىچە ئەلقەم ئىسمەت مۇئەللىمگە تازا ئېچىلىپ يېقىنلىشىپ كەتمىگەنىدى. مانا بۈگۈن شۇ ئوقۇغۇچى مۇئەللىمگە خەت يېزىپتۇ، نېمىلەرنى يازدىكىن، ھازىرغىچە ئىسمەت مۇئەللىمدىن ئاغرىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى يازغانمىدۇ؟

ئىسمەت مۇئەللىم ئالدىراپ كونۋېرتنى ئاچتى ۋە خەتنى چىقىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ بايىقى كەيپسىز ھالىتى يوقىلىپ، قەلبىنى شېرىن بىر خۇشاللىق غىدىقلاشقا باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەسلىكتە مۇئەللىمنى ھاقارەتلىگەن ئاشۇ ئوقۇغۇچى - ھە؟ ئەمدىلىكتە ئۇمۇ مۇئەللىم بوپتۇ، ئۇمۇ روھ پەرۋىشكارىغا ئايلىنىپتۇ. «قارا ئۇنىڭ دېگەن گېپىنى! ئاقكۆڭۈل، ساددا دېھقانلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئىلىم - مەرىپەت كەۋسىرىنى سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ چاڭقاق قەلبىنى قاندۇرماقچىكەن، قاراڭغۇ دىللاردا شام كەبى يېنىپ، نۇر بولۇپ چاقنىماقچىكەن. ئۇ مۇشۇ مەقسەت، مۇشۇ ئىرادە بىلەن شارائىتى ياخشى ئورۇنلاردىن ۋاز كېچىپ، جاپالىق يېزا - كەنتلەرنى تاللاپتۇ. يارايدۇ، يارايسەن بالام! ساڭا ئاپىرىن! خەيرلىك يولنى تاللاپسەن، غەيرەت - شىجائەت تۇلپارىڭ ھېرىپ قالمىسۇن، مۇدۇرۇلمىسۇن، يولۇڭ كەڭ بولسۇن!!!...»

ئىسمەت مۇئەللىم ھاياجانلاندى، ئۇ خېلىغىچە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك خەتكە ئۆزۈپ - چۆرۈپ قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئورۇندۇقنى سەل كەينىگە سۈرۈپ، بېشىنى ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە تىرىگىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ، ۋۇجۇدىدا دولقۇنلىنىۋاتقان خۇشاللىقتىن مەست



بولۇپ خىيالغا پاتتى. كۆز ئالدىدىن يىگىرمە نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدىكى ئىشلار يىپ يىپقا ئۇلانغاندەك بىرمۇبىر ئۆتۈشكە باشلىدى. بىر چاغلاردا ئۇمۇ ئاشۇنداق ئىرادىلىك، غەيرەتلىك، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى كۆپ يىگىت ئىدى. مانا بۈگۈن سائەتلەپ مۇنبەردە تىك تۇرسىمۇ تالمايدىغان بەللىرىگە ھاردۇق يەتتى. ئۆتكەن يىگىرمە نەچچە يىلدا ئۇنىڭ كۆرگەن ھالاۋىتىدىن جاپاسى كۆپ بولدى، لېكىن ئۇ مېھنەت بېغىدا نۇرغۇنلىغان پۇراقلىق گۈللەرنى ئېچىلدۇردى. ئۇ تەربىيەلىگەن ئوقۇغۇچىلاردىن بەزىلىرى ھازىر ۋىلايەت، قوشنا ناھىيەلەردىكى مۇھىم ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىرى تۇرمۇشقا تېزلا سىڭىشىپ، تۈرلۈك سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىرىكچىلىكنىڭ يېڭى ھەم ئۈمىدلىك يولىنى تاپتى، پەقەت ئاز بىرقىسمىلا ئاتا ـ ئانىلىرىغا ۋاپادارلىق يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن ئۈچۈرما بولغان ئاشۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ھازىرمۇ چوڭ كۆرۈپ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ؛ ھېيت ـ بايراملاردا ئۇنىڭ مەكتەپ ئىچىدىكى تارغىنە ئۆيى ئۇنى يوقلاپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ؛ ئاتا ـ ئانىلار ئۇنى كۆرسە، «بالامنىڭ مۇئەللىمى» دەپ يىراقتىن سالام قىلىپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. ئەۋلاد ئىشقىدا چىن ئىخلاسى بىلەن يانغان ھەر قانداق بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن بۇ كاتتا خۇشاللىق. بۇنداق ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە داخىل بولغاندا، ئايۋان ـ سارايلاردا ئولتۇرغاندەك سۆيۈنىدۇ. جاپالىق ئەجرىگە بېرىلگەن زەررىچە مەدھىيە، ئاددىيغىنە ھۆرمەت ئۇلارنىڭ نەچچە يىللىق ھاردۇقىنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ۋۇجۇدىدىكى ئۆز كەسىپىگە بولغان مۇھەببەتكە يانغىن بولۇپ قوشۇلىدۇ.

ئىسمەت مۇئەللىم دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، قانداقتۇر بىر زۆرۈر ئىشنى پىلانلاۋاتقاندەك ئىشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى. راست، ئۇ جىددىيلەشمىسە، ئالدىرىمىسا بولمايتتى. ئەلقەم ھازىر بىر چېلەك سۈزۈك سۇ، دەل ۋاقتىدا توغرا يولغا يېتەكلەنمىسە، ئەتراپىدىكى ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان، ئەمەلىيىتىدە ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن تۈزۈك چىقالماي پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزۈۋاتقان ئاشۇ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ دۇغلىنىپ، ئەسلىدىكى سۈزۈكلۈكىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئىسمەت مۇئەللىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا، روھىدا يىمىرىلمەس ئىشەنچ ۋە ئىرادە تۇرغۇزۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قەدەمنى تېز ئالماي بولمايدۇ. كېچىكسە، بۇ بىر چېلەك سۇ بۇلغانسا ئىش چاتاق! تەربىيەلەش كېرەك، ئۇنىڭغا خەت يېزىش لازىم، ئۈزۈلدۈرمەي خەت يېزىپ تۇرۇش كېرەك. كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلارنى شامغا ئوخشىتىدۇ. شام ئۆز پىلىكىنى قوشۇپ كۆيدۈرۈش بەدىلىگە نۇر تارقىتىشتىن سىرت، يەنە زەررىچە بولسىمۇ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىگە ئىگە بولغان ھارارەتمۇ تارقىتىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن بۇ نۇر ـــ بىلىم، مەرىپەت نۇرى؛ تارقاتقان ھارارەت بولسا مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىقتۇر. شامنىڭ ئەزىزلىكى شۇ يەردە، شامغا سىمۋول قىلىنغان ئوقۇتقۇچىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىمۇ شۇ يەردە. ئوقۇتقۇچى ئەۋلاد ئۈچۈن شام بولۇپ نۇر چاچماقچى بولغانىكەن، ئالدىنقى شەرت شۇكى، ئۆز كەسپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ئىشتىياق باغلىشى كېرەك. ھەرقانداق بىر ئوقۇتقۇچى زالىملىق، زومىگەرلىك، قوپاللىق، مەنسىتمەسلىك، ئاچچىق مەسخىرە ـ كىنايە بىلەن يارامىلىق ئىز باسارلارنى تەربىيەلەپ چىقالمايدۇ، ئوقۇتقۇچىدىكى بۇ ناچار قىلمىش ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلىشى مۇقەررەر. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرەلىسە، سەممىي، ئىللىق، باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇپ، كۆيۈمچانلىقى، مېھرىبانلىقىنى ۋايىغا يەتكۈزەلىسە، قەلبى مۇز كەبى قاتقان ھەر قانداق ئوقۇغۇچىنىمۇ تەربىيەلەش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. مۇزغا قاراڭ، مۇزمۇ ئەسلىي سۇ، سۇ سوغۇق تەسىرىدىن قېتىشىپ مۇزغا ئايلانغان، مۇز سوغۇققا ئۇچرىسا، يەنىمۇ چىڭ قاتسا قاتىدۇكى ئېرىمەيدۇ، پەقەت ئىسسىقلىق ھارارىتى ئارقىلىق ئۇنى ئېرىتىپ سۇ ھالىتىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. خەت يېزىپ ئەلقەمگە بۇنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئۇ ئەمدىلا مۇنبەرگە چىقتى، بىر سىنىپتا ئەللىك ئوقۇغۇچى بولسا، بۇ ئەللىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئەللىك خىل خۇي ـ پەيلى، ئەللىك خىل قىزىقىشى بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا بولغان مۇئامىلىدە، ئەگەر ئۇ دەسلەپىدىلا قوپاللىققا كۆنۈپ قالسا، ئۇنىڭ كېيىنكى قەدەملىرى تەسكە چۈشىدۇ. يەنە نېمىنى يېزىش كېرەك؟ كۆپ، ناھايىتى كۆپ، مىسالەن ئالساق، دەرسلىكنى ياخشى تەتقىق قىلىش، تەييارلىقسىز دەرسكە كىرمەسلىك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش، تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىش، ۋاھاكازالار.

ئىسمەت مۇئەللىم بىر قارارغا كەلگەندەك ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە تارتمىسىدىن قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ ئەلقەمگە خەت يېزىشقا تۇتۇندى.

ئاپتور: ياقا بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە





# ئۆزگەرگەن جەمئىيەت، ئۆزگەرمىگەن تېمىلار

(«تىنغان بۇلاق» ناملىق ھېكايە توغرىسىدا)

ئابدۇشۈكۈر ئەخمەت

مۇھەببەت تېمىسى توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىپ كەلگەن قەلەمكەشلەرنىڭ ئاز ئەمەسلىكى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە مەلۇملۇق. مۇھەببەت تېمىسى ئانا تېما بولۇش سۈپىتى بىلەن، قايتا ـ قايتا يېزىلىپ ئەدەبىيات تارىخىمىزنى جۇلالاندۇرۇپ كەلدى. نەۋائىينىڭ لىرىكىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قەلەم پېشۋالىرىنىڭ مۇھەببەت تېمىسىنى شۇنچە ئۇلۇغلۇققا كۆتۈرۈشىنىڭ سەۋەبىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغاندا، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ يەنە بىر يۈزى كۆرۈنىدۇ. ئىنسان ۋە ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خىلمۇخىل سىمۋوللۇق شەكىلدە تەكرار يېزىلىشى ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىدىن ئۇچۇر بېرىشى مۇمكىن. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ تەكرار يېزىلىشى ۋە ھەر قايسى دەۋرگە خاس ھالدا شەكىل جەھەتتىن توختاۋسىز ئۆزگىرىپ بېرىشى، تېما ۋە ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇننىڭ ئەسەردىكى شەخس ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن تۈگەللىنىپ قالمايدىغانلىقىنىڭ ۋە داۋاملىشىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى. بىز بۇنى «پەرھاد ـ شېرىن» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ زامانغا خاس ۋارىيانتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ھېس قىلالايمىز.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پىروزىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلىۋاتقانلىقى مۇھەببەت تېمىسىنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما بۇ تېمىنى زامانغا لايىق رەۋىشتە ئىپادىلەش بۈگۈنكى قەلەم ئەھلىلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ ساپلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت تېمىسى ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئويغاق بىر قەلب، سۆزۈك ئەقىدە بولغان، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە قۇدرىتىنى ھېس قىلالايدىغان توغرا بىر تەپەككۇرغا قەلەم ئەھلىگە موھتاج. بۇ مۇھەببەت شەخس بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە ئىنسان بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى سىمۋوللۇق ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلىگەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ژانىرلار سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تۇرمۇش مۇھىتى ۋە كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە نەزمىي شەكىلدىن نەسرىي شەكىلگە ئۆتتى ۋە گۈللەندى. ھۆرمەتلىك يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرىدىن باشلىغاندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قانچىلىك ھېكايە يېزىلغانلىقىنى ھېسابلاش قىيىن. ئەمما بۇ ھېكايە ياكى پىروزا ساھەسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. ھەتتا «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىنىڭ نۇرمۇھەممەت توختى قەلىمى ئاستىدا قىسسە شەكلىدە زامانغا خاس رەۋىشتە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇھەببەت تېمىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى جانلىقلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. گەرچە بۈگۈنكى كۈندە مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان ھېكايىلەر ئىجادىيەت ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئەدەبىي شەكىل جەھەتتە قەدىمكىگە ۋارىسلىق قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن جەھەتتە بۇ تېمىغا ياندىشقانلىقى ۋە بۇ تېمىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ئېنىق. ھەتتا بىر قىسىم تارىخىي ھېكايىلەردىمۇ مۇھەببەتنى سىمۋوللۇق تۇتقا قىلىش ئاساسىدا كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. تۇردى سامساقنىڭ «بەش تال ئوق» ناملىق ھېكايىسى بۇنىڭ روشەن مىسالى.

بۈگۈنكى ھېكايىچىلىقىمىزدىكى مۇھەببەت تېمىلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى تېما ۋارىسچانلىقى دېيىش تامامەن مۇمكىن، ئەلۋەتتە. ئەدەبىيات تىل سەنئىتى، ئۇ ئوبراز ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن جەمئىيەتتىكى خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەرنى كىتابخانغا تەقدىم قىلىدۇ. مەلۇم بىر سىمۋولىستىك



ئوبراز ئاپتورنىڭ تاللىشى ۋە پىششىقلىشى ئارقىسىدا ئۇ-
زىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى ئورۇندايدۇ. كىلاسسىك ئەدە-
بىياتىمىزدىكى مۇھەببەت داستانلىرىدا مەي، گۈل، بۇل-
بۇل، سابالار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ نەپىس ۋە ئەڭ
نازۇك، گۈزەل شەيئىلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھەببەت
داستانلىرىدىكى سىمۋوللۇق ئوبرازلارغا ئايلانغان.
كىلاسسىك ئەسەرلەردە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت
سورۇنلىرى كۆپىنچە سەنەمنىڭ چاھار باغلىرى، بۇلاق
بېشى بولغانىكەن. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تەڭسىزلىكنى
ئەكس ئەتتۈرۈشتە، كىلاسسىك شائىرلار كۆڭلىدىن باشقا
ھېچقانداق بىر بايلىقى يوق ناتىۋان يىگىتنى قاتمۇقات
قەلئەلەر ئىچىدىكى مەلىكىگە ئاشىق قىلىش ئارقىلىق،
ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە ئىنسانىنىڭ مەنىۋى ھۆرلۈككە
بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مەردانە ئاشىق
ۋە ۋاپادار مەھبۇب ئوبرازلىرىنى يارىتىپ كەپتۇ. كىلاس-
سىك پېشۋالارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈزەللىك بىلەن
ئىنسان قەلبى ئوتتۇرىسىدىكى گۈزەللىكنى بىر ئورۇنغا
قويۇپ، تەڭسىز بىر جەمئىيەتنىڭ مەھكۇملۇقىنى سىمۋول-
لۇق رەۋىشتە ئىپادىلەشتىكى تالانتىغا ھەيران بولماي
تۇرالمايمىز. ۋىسال بېغى نەق مۇشۇنداق خەۋپكە تولغان
باغنىڭ تۆۋىدە بولاتتى. بىز بۇنداق ۋاقىتتا ئاشىقنىڭ
جۈرئىتىگە، مەردانىلىكىگە تەھسىن ئېيتماي تۇرالمايمىز.
ئىنسانىنىڭ مەنىۋى ھۆرلىككە ئىنتىلىشلىرى ئەنە شۇنداق
يۈكسەك بولاتتى. ئەمما ھەيرانمەنكى، كىلاسسىك شېئىرد-
يەتتە ئومۇمەن تىراگېدىيە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن
مۇھەببەت يولىدىكى ھەرەجلەر جەمئىيەتتىكى مۇنداق
ئۈچ كۈچ تەرىپىدىن بەربات بولاتتى:

بىرى، شۇ ۋاقىتتىكى يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار
تەبىقىسىنىڭ سىمۋولى بولغان فېئودال بەگ - غوجاملار؛
ئىككىنچىسى، شەرىئەتنىڭ سىمۋولى بولغان دىندارلار،
ئۈچىنچىسى، بايلىقنىڭ سىمۋولى بولغان باي (فېئودال
پومىشچىكلار) جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى تەشكىل
قىلىپ، بىر - بىرىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ھالدا
بىللە مەۋجۇت بولۇپ، تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر بەخ-
تىنىڭ چاڭگاللىرى سۈپىتىدە رول ئالىدىغان بۇ ئۈچ
خىل كۈچ مۇھەببەت تىراگېدىيەلىرىنىڭ قارا قوللىرى
سۈپىتىدە تەسۋىرلىنەتتى. يەنە ھەيرانمەنكى، ئەدەبىياتتا
خېلى ئۆزگىرىش بولسىمۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تۇ-
زۇم ئۆزگەرسىمۇ، ئەمما بۇ ئۈچ تىپ يېقىنقى زامان پە-
روزىسى بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىجتىمائىي
تۇرمۇشتىكى مۇھەببەتنى بەربات قىلغۇچى كۈچ سۈپىتىدە
تەسۋىرلىنىپ كەلدى. گەرچە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ۋى-
سال سورۇنلىرى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ تىپلار-
نىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى خاراكتېرى ئۆزگەرمىدى.
تۈزۈلمە، كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى ئۆزگەردى - يۇ فېئودا-
لىزىم دەۋرىدىكى چىركىنلىكلەر تۈپەيلى قارا كۈچ سۈپە-
تىدە سەھنىگە چىققان بۇ كۈچلەر كىلاسسىك ئەدەبىياتتا
بۇرۇن قانداق رول ئالغان بولسا، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر
ئەدەبىياتىدىمۇ ئىلگىرىكى رولىنى ئېلىپ كەلدى. نەتىجە-
دە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇتلەق بولمىسىمۇ مۇئەييەن دە-
رىجىدە بايلار، ئەمەلدارلار، ئۆلىمالارغا بولغان قاراش
ئىجابىي بولمىدى. بىر تىيىن پۇلى بولمىسىمۇ باينى
تىللايدىغان نامراتلار، ئەمەل تۇتقىدەك ئىقتىدارى بول-
مىسىمۇ ئەمەلدارنى قارغايدىغان بىكار تەلەپلەر، دىنىي
ئىلىمدىن قىلچە خەۋىرى بولمىسىمۇ ئەھلى - ئىلىملەرنى
مەنسىتمەيدىغان نادانلار جەمئىيىتىمىزدە ھېلىھەم مەۋ-
جۇت. بۇنداق قاراشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئەدەبىي
ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەن-
لىرىگە تەسىرى بولمىغان دەپ ئېيتالمايمىز. بۇ ئۆز نۆۋى-
تىدە كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادقا ۋە ئەمەل - مەنسەپكە بول-
غان تونۇشىنى سۇسلاشتۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي تە-
رەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ
چەتكە قېقىلىشىغا سەۋەب بولدى. كۈنىمىزدە ئىقتىساد ۋە
ئەمەلسىز مىللەت تەرەققىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بول-
مايدۇ. ئەكسىچە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا يەنىلا باي،
مەنسەپدار، موللا (دىندار) پۈتكۈل قاباھەت ۋە بەختە-
سىزلىكنىڭ سەۋەبچىلىرى سۈپىتىدە قەلەمگە ئېلىنىپ كەل-
مەكتە. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟! يازغۇچىلارنىڭ بۇلارغا
بولغان تونۇشىنىڭ ئەقلىيلىككە كۆتۈرۈلمىگەنلىكىمۇ ياكى
شەخسىي مۇددىئاسىنىڭ ئەسەردە كۈچلۈك رەۋىشتە ئەكس
ئېتىشىمۇ؟ مېنىڭچە، ئەمدى ئەدەبىي ئەسەرلەردە بايلار
ۋە يۇقىرى ساپالىق ئەمەلدارلارنىڭ، ئاممىنىڭ ھۆرمىتى-
گە ئېرىشكەن دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئورنىنى بۇرمىلاپ چۈ-
شەندۈرۈش نۆۋەتتىكى رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.
ناۋادا بۇنداق تەكرارلىق داۋاملىشىۋەرسە ئوقۇرمەن بە-
لەن ئىجادىيەتچى ئوتتۇرىسىدىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە
چۈشىنىشمەسلىك كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئاڭ
سەۋىيەسى ئۆستى. بىر مىللەتكە زۆرۈر نەرسىلەر سۈپىتى-
دە مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە ئەمەل - مەنسەپنىڭ مۇھىم-
لىقىنى كىشىلەر بارا - بارا چۈشىنىشكە باشلىدى. بۇنداق
ئەھۋالدا يەنە بۇلارنى قارىلاش ئوقۇرمەننى ئىجادىيەتچى-
نىڭ ئەسەرلىرىدىن بەزدۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. يەنە بىر
جەھەتتىن يۇقىرىقى ئۈچ تىپنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە
كۆپلەپ ئۇچرىشى ۋە خاراكتېر جەھەتتە سەلبىي تۈسكە
كىرىشى مىللەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئوقۇرمەنلەرنى
ئەمەلدارلار، بايلار، ئۆلىمالار ھەققىدىكى خاتا تونۇشقا
يېتەكلەپ، كىشىلەردە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتكە سەل
قارايدىغان پاسسىپ ئەھۋال شەكىللىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇ ئۈچ تىپنى ئوتتۇرىغا چىقارغان تارىخىي سەۋەب-
لەرنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە شۇ يوسۇندا بۇ تىپلارغا
ھۆكۈم قىلىش ئەدەبىيات بىلەن ئوقۇرمەننىڭ مۇناسىۋىتى-
نى توغرا بىر يۆنىلىشكە يېتەكلەشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئە-

گە. نەۋائىي دەۋرىدىكى سەلبىي تەسۋىرلىنىشنى شۇ دەۋر مۇھىتىدا ئەۋج ئالغان تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسى بىلەن باغلاپ چۈشىنىش مۇمكىن. ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان زىيادە دۇنياپەرەسلىك ۋە بۇنىڭغا يانداشقان ئەمەل مەنسەپ ۋەسۋەسىسى، خەلىپىلىك تۈزۈمىدىكى دىنىي داھىنىڭ ئەمەلدار ۋە باي ئوتتۇرىسىدىكى سالاچىلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پاجىئەلەر كىشىلەرنى يۇقىرىقى ئۈچ خىل كۆچكە ۋەكىللىك قىلغان تىپلارنى ياقتۇرمايدىغان ھالەتكە كەلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە، دىيارىمىزدا يەكەن سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن ئىشانچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى يۇقىرىقى ئۈچ تىپنى تېخىمۇ سەلبىي ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئەينى دەۋردە بۇ ئۈچ تىپنى شۇنداق تەسۋىرلەش ئەمەلىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن كېلەتتى. مېنىڭچە، ئىجادىيەتچى بۇ ئۈچ تىپ ۋەكىللىك قىلغان سالاھىيەتنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇغان ئاساستا ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشى كېرەك، دەپ قارايمەن. بۇلارنى قارا - قويۇقلا سەلبىي تىپ دەرىجىسىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە كۆتۈرۈپ چىقىش مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا، قىممەت قاراش ۋە ئىقتىسادىي قاراشقا سەل قارايدىغان ئوقۇرمەننى بارلىققا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

«كۆسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىل 1 - سانىغا بېسىلغان راخمان مۇھەممەتنىڭ «تىنىغان بۇلاق» ناملىق ھېكايىسىدە يۇقىرىقى ئۈچ تىپ يەنە بۇرۇنقى خاراكتېردە مەيدانغا چىققان.

بۇ ئىككى ياشنىڭ قىسقىغىنا مۇھەببەت كەچمىشىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلغان ھېكايە بولۇپ، ھېكايىدىكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ قىسمىتى بويىغا يەتكەن قىزغا باينىڭ 40 ياشلىق ئوغلى ئۈچۈن ئىمام، مەزىن ۋە سېكرېتارنىڭ ئەلچى بولۇپ كىرىشى، خاراكتېر جەھەتتە چېكىنگەن مامۇت سەپرا — قىزنىڭ دادىسىنىڭ بۇ تويغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئاشىق - مەشۇقلار ۋىسال تاپالمايدۇ، رەنانىڭ ئىنسانىي قىممىتى ئەخلاق جەھەتتە چېكىنگەن 40 ياشلىق بىرىگە خوتۇن بولۇش بىلەن تۈگەللىنىدۇ. گەرچە ئاپتور ھېكايىدىكى ئۈچ كىشىنى ۋە باينى قىسمەن تىلغا ئېلىش بىلەن يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچىدەك قىلىسىمۇ، ئەمما ئىككى ياشنىڭ كېيىنكى قىسمىتىدە بۇلارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. چۈنكى يۇقىرىقى ئۈچ كىشى باينىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقمىغان بولسا، بۇ پاجىئە بولمىغان ياكى كېچىكىپ يۈز بەرگەن بولاتتى. بەلكىم بۇ يۇرتتىن ئەلچىلىككە باشقا ئادەملەر تېپىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئاپتورنىڭ بۇ ئۈچ تىپنى ئەلچى قىلىپ تاللىشى ۋە بايغا يانتاياق قىلىشىدىن ئاپتورنىڭ بۇلارغا بولغان بىر تەرەپلىمە قارىشى ئەكس ئەتكەنمۇ قانداق دېگەن بىر ئوي كىتابخانلارنى ئويلاندۇرىدۇ. ئەمما، ئاپتورنىڭ بايان مەۋقەسىدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىكلەردە يەنىلا مۇشۇلارنىڭ قولى بولغان بولىدۇ. بۇ ھازىرقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنمۇ؟ ئىمام ۋە باينى ئاۋام بەختىنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرايلى، ئۇنداق بولسا سېكرېتارچۇ؟ مېنىڭچە ئاپتور بۇنى ئوبدان چۈشىنىشى كېرەك. بۇ سېكرېتارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى دەۋرىمىزدىكى خىزمەت دائىرىسىگە ماس كەلمەيدۇ. گەرچە ئاپتور باش پېرسوناژ رەنا بىلەن يالقۇننىڭ مۇھەببىتىنىڭ بەربات بولغانلىقى ياكى ۋىسال تاپالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چوڭ جەھەتتىن ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى نادانلىققا ئاتقان بولسىمۇ، ئەمما، ئاپتور ئەسەردە بۇ تىراگېدىيەنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئامىللار سۈپىتىدە سەللىلىك ئىمام، سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەن مەزىن، بۇيرۇقۋاز سېكرېتار ۋە پۇلغا تايىنىپ كىشىلەرنىڭ بەختىنى دەپسەندە قىلىدىغان باينى مۇشۇ تىراگېدىيەلەرنىڭ سەۋەبكارى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان.

زامان تەرەققىي قىلدى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى ئۆستى، ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئۆزگەردى. بۇنىڭغا يارىشا ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىمۇ ئۆزگىرىشى كېرەك. بۇ پەقەت مۇشۇ ھېكايىدىلا ئەمەس يەنە باشقا قىسمەن يازغۇچىلارنىڭ ھېكايىسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك رەۋىشتە ئەكس ئەتتى. «ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى پاجىئە ياكى تىراگېدىيەلەرنىڭ مەنبەسى پەقەت مۇشۇ ئۈچ خىل تىپتىكى شەخستىمۇ ياكى باشقا ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بارمۇ يوق؟» دېيىشكە توغرا كەلسە، پۈتۈن بىر جەمئىيەت مۇشۇ ئۈچ خىل تىپتىكى شەخسنىڭ كونتروللۇقىدا بولامدۇ؟ ناۋادا بار دېيىلسە، نېمە سەۋەبتىن ئەسەرلەردە بۇ سەۋەپ مۇۋاپىق رەۋىشتە ئەكس ئەتمەيدۇ؟ نېمە سەۋەبتىن قەدىمدىن تارتىپ بەگ - غوجاملار زالىم، سەللىلىك ئىلىم ئەھلىلىرى نەپسانىيەتچى، بايلار پارىخور تەسۋىرلىنىپ كېلىدۇ؟ بۈگۈنكى دەۋردە بۇلارنى يەنە مۇشۇنداق تەسۋىرلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى نېمە؟ دىنىي ئەھلى ئىلىملەرنىڭ، بايلارنىڭ ۋە خەلقپەرۋەر سېكرېتارلارنىڭ رولى يەنىلا ئۆزگەرمىدىمۇ؟ مېنىڭچە ئۇنداقمۇ ئەمەس. بىزنىڭ غەيۇر سودىگەرلىرىمىز مىللەتنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىغا ئۆز بايلىقلىرىنى سەرپ قىلىۋاتىدۇ، دىنىي ئۆلىمالارمۇ جامائەتنىڭ ئاممىۋى ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ رولىنى مۇۋاپىق رەۋىشتە ئۆتەۋاتىدۇ، ئۆزىمىزدىن چىققان نۇرغۇن نەمۇنىلىك ئەمەلدارلارنىڭ كىشىنى خۇش قىلىدىغان ئىش - ئىزلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئادەمنىڭ قورسىقى تويغان بۇ كۈنلەردە، ئىمام ۋە مەزىنلەرمۇ ئۇنچە نەپسانىيەتچى، نارەسىدە قىزلارنى مەجبۇرىي يوسۇندا ئەخلاقى جەھەتتە چېكىنگەن كىشىلەرنىڭ قوينىغا ئىتتىرىپ بېرىدىغان دەيۈزلەردىنمۇ ئەمەس. نىكاھنىڭ بۇنداق مەسىلىلىرىدە دىنىي

زاتلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق پەتىۋالىرى بار. بۈگۈنكى
زاماندىكى ئىماملارمۇ مەلۇم بىر تاسقاشتىن ئۆتكەندىن
كېيىن ئىماملىققا ياكى مەزىنلىككە تەيىنلىنىدۇ. ئاپتور بۇ-
نىمۇ ئوبداق چۈشىنىشى كېرەك. پسىخولوگىيە ئىلمى كە-
شىلەر مەلۇم شەيئىلەرنى تۇنجى تەسراتتا قانداق تونۇسا
ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيەسىنىڭمۇ شۇ يوسۇندا داۋاملا-
شىدىغانلىقىنى قەيت قىلدى.

مېنىڭچە، مەلۇم بىر تىپتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزى ۋە-
كىللىك قىلىدىغان سالاھىيەتكە خىلاپ ھەرىكەت قىلىشىدا،
بولۇپمۇ بۇنداق ھەرىكەتنىڭ جەمئىيەتلىشىپ كېتىشىدە
مەلۇم بىر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بولغان بولىدۇ. بۇ
تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ياكى شۇ
ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنى تەتقىق قىل-
ماي تۇرۇپ، شۇ جەمئىيەتتىكى شەخسلەرنى تەنقىد ئوب-
يېكتى قىلىۋېلىش ئادىللىق ئەمەس. تارىختىن بىرى، مە-
لۇم بىر ئىدىيەنىڭ باشلامچىلىرى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆ-
زىنىڭ ئاۋام ئارىسىدىكى رولىنى تولۇق ئادا قىلىپ كېتە-
لىگەن ئەمەس. ئەمدى نېمە سەۋەبتىن بۇ ئۈچ خىل كۆچ
قەدىمدىن بېرى ئەدەبىياتىمىزدا مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ
قالدى دېگەندە، مەنسەپدارلار، بايلار، قازى ـ
قۇززاتلارنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئاۋام ئارىسىدىكى رولىنى
جارى قىلدۇرۇپ كېتەلمىگەن بولۇشى تەبىئىي. ئەلۋەتتە،
بۇنى ئەينى دەۋردىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ «مۇ-
شۈك ـ چاشقان» ئويۇنى ئويناپ، «ياغ بىلەن گۆش
بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن» دېگەندەك ھا-
لەت شەكىللەندۈرگەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك دەپ
قاراشقىمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ كېيىنكى پروزا ئەسەرلىرىمىزگە
قارايدىغان بولساق، پارىخور بولمىغان ئەمەلدار، نەپسا-
نىيەتچى بولمىغان موللا، زالىم بولمىغان باي قالمىغاندەك
بىر ئەھۋال بىزنى سوكۇتكە چۆمدۈرىدۇ. پەلسەپىدىكى
سان ۋە سۈپەت قارشى بويىچە قارىغاندا، مەلۇم بىر ئى-
دىيەنىڭ سۈپەت جەھەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشى مە-
لۇم جەھەتتىكى ساننىڭ جۇغلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.
ناۋادا بايلار شۇنچە جازانىخور بولۇپ كەتكەن بولسا يې-
قىنقى زامان تارىخىدىكى كاتتا ئاقسۆڭەك مۇسابايوفلار-
نىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تىللاردا داستان بولغىدەك
پەزىلەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان روھنى نەدىن ئىزدەي-
مىز؟ ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى شۇنچە نائەھلى بولۇپ
كەتكەن بولسا، يېقىنقى زامان تارىخىدىكى كاتتا ئۆلىما
ئابدۇقادىر داموللا قەشقەرگە قازى بولغاندىكى ئادالەت
قەيەردىن كەلگەن؟ ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنچە
نەپسانىيەتچى بولۇپ كەتكەن بولسا، ئوتتۇرا ئاسىياغا
داڭقى كەتكەن «قەشقەر خانلىق مەدرىسى»، «ساچىيە
مەدرىسى»نىڭ تالىپ ۋە مۇدەررىسلىرىنىڭ شۆھرىتىنى
قانداق چۈشىنىمىز؟ بۇلار مۇشۇ روھنى ياقا يۇرتتىن ئە-
كىرگەنمۇ ياكى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئەسلىدىن بار بولغان
روھنى سىرتقى كۈچتىن قۇۋۋەت تاپقۇزغانمۇ؟ ئۇنداقتا
ئەدەبىياتىمىزدا تا ھازىرغىچە تىپ بولۇپ كەلگەن موللىلار
ھەقىقى مەنىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟
بىزنىڭ پروزىمىزدا بۇ نۇقتا روشەنلەشتىمۇ ـ يوق؟ ئې-
نىقكى، بىر جەمئىيەتتە مەلۇم بىر كەسىپ ۋە ئىدىيە تە-
رەققىي تاپمىغانىكەن، شۇ خىل كەسىپ ياكى ئىدىيە سەر-
خىللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن.
بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم تارىخىي ئاساس بولۇشى كېرەك.
قوشۇپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، مۇسا باي ۋە ئابدۇ-
قادىر داموللامنىڭ جاھان كۆرگەنلىكى ۋە دىنىي ئىلمىنى
پىششىق ئىگىلىگەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلارغا پاكىت
تولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەمما ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلغان ئىدىيە-
مۇ ئۇلاردىن بۇرۇن ياشىغان ئۇستازلىرىنىڭ تەربىيەسى
ئاستىدا ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. ھەيران قالارلىقى، ئەينى
دەۋردە پارىخورلۇق ۋە جازانىخورلۇق شۇنچە يامان ئە-
يىب سانىلىپ، سۆكۈلۈپ خەلقىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان
بولسا، بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئىللەتلەرگە
سۈكۈت قىلىشى ۋە ئۆزىنىڭمۇ بىلىپ ـ بىلمەي قاتنىشىشى
نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ خىل ئىللەت ۋە بۇ ئىللەتنى
كەلتۈرۈپ چىقارغان شارائىت ۋە تىپلار ئېنىقكى، بۇرۇنقى
تىپلارغا ئوخشاش سۆكۈلمىدى. دېمەك، يازغۇچى چوقۇم
بىر دەۋرنىڭ تارىخىي ۋە سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى
ئىنچىكە تەھلىل قىلىشى، ھاكىم ۋەكىللىك قىلغان سالاھ-
يەت بىلەن موللا ۋە باي ۋەكىللىك قىلغان سالاھىيەتنىڭ
رولىنى ۋە ھەقىقىتىنى پىششىق بىلىشى كېرەك. بۇ قانداق-
تۇر بىرىنى زالىم، بىرىنى نەپسانىيەتچى، بىرىنى پارىخور
قىلىپ، ئۇلارنى ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ كۈشەندىسى سۈپە-
تىدە تەسۋىرلەپ، ئاۋامغا تاشلاپ بېرىش بىلەن ھەل بو-
لىدىغان كىچىك ئىش ئەمەس. بولۇپمۇ ئۆتمۈش فېئودال
جەمئىيەتتىكى قارا كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇنداق
تىپلارنى ياراتقاندا، بۇ ئۈچ تىپنىڭ بىر مىللەت تەرەققى-
ياتىدىكى ئاكتىپ ۋە پاسسىپ تەسىرىنى ئېنىق تونۇپ يې-
تىش كېرەك بولىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە تېخىمۇ شۇنداق،
يەنە كېلىپ ئاپتور ئوتتۇرىغا تاشلىغان ئۈچ خىل كۈچنىڭ
قايسىلا دەۋردە بولسۇن، ھامان قىسمەنلىك ئىكەنلىكىنى
ئۇنتۇماسلىق كېرەك. بۇلار ھېچقاچان بىر دىنىنىڭ،
بايلارنىڭ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ۋەكىلى بولالمايدۇ. چۈنكى
ھەقىقىي ئىلىم ئىگىسى ھەقىقەتنىڭ ئالدىدا ئىلمىنى ماددىي
نەرسىلەرگە ساتمايدۇ، ئەمەلنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي
رەۋىشتە تونىغان ئەمەلدارلار ئۇنچىلىك چىرىكلىشىپ
كەتمەيدۇ، بايلار ھەقىقىي باي بولغاندا بايلىقىنى ئاۋام-
دىن ئايىمايدۇ. ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇئەللىم خوتەندى-
كى بىر قېتىملىق نۇتقىدا: «ھەقىقىي باي ئۆز خەلقىنى
موھتاج قىلمايدۇ» دېگەن بىر گەپنى قىلغانىدى.

دېمەك، بىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدىكى ئىجادى-
يەتچىلەر كۈچەپ سۆككەن يۇقىرىقى ئۈچ خىل تىپ ھەق-

قېي مەنىدىكى باي، ئەمەلدار، ئۆلىمالارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. گەرچە ئاپتور پەزىلەتلىك ئىلىم ئەھلىلىرى، ياكى ساخاۋەتچى بايلار ۋە دىيانەتلىك ئەمەلدارلارنى ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن كىشىلەر ئەمەس دەپ قارىغاندۇ، ئەمما ئاتالغۇلارنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان زىل تەسىرىنى ئۇبدان ئويلىنىش كېرەك. باي قانداق ئادەم؟ موللا قانداق ئادەم؟ ئەمەلدار قانداق ئادەم؟ بۇنى ئاتالغۇ نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ جاۋاب بەرگەندە، تارىختا تىپقا كۆتۈرۈلگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەقىقي بايغا، ھەقىقي ئەمەلدارغا، ھەقىقي دىندارلىق دائىرىسگە كىرەلمەيدىغانلىقى ئايدىڭلىشىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى باي پومشچىك ۋە زىيالىيلارغا بولغان خاتا تەشۋىقاتنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بولغان تەسىرى. ئەمدى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «تىنغان بۇلاق» ھېكايىسىدە بۇ ئۈچ خىل تىپنىڭ قانداق ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىغا قاراپ باقايلى:

«سەل ئالدىرايمىز، مامۇت ئاخۇن، ـ دېدى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان، سېمىزلىكىدىن پۇشۇلداپلا قالغان تۇراپ مەزىن خىرقىراپ مامۇتنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى...» بۇ بايانلاردىن بايانچىنىڭ يەنى ئاپتورنىڭ مەزىننى چۆكۈرگەنلىكى ۋە مەسخىرە قىلغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قەدىمكى ئۇدۇمدىن پەرقلىنىدىغىنى پەقەت ئىمام بىلەن مەزىن. يەنە قاراپ باقايلى:

«ــ يۇقىرىقى مەھەللىدىن مۇراتباي ۋە روزى ئىمام ئەتىگەندىلا كىشى ماڭدۇرۇپتىكەن، ــ دېدى مەزىن...» بۇ يەردە رولغا چىقىۋاتقىنى ئىمام ۋە باي، ياندىشىقىنى مەزىن. ئەمدى يۇقىرىقى بايانلارغا قاراپ باقايلى :

«باياتىن بېرى گەپ قىلماي ئولتۇرغان كەنت سېكرېتارى ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ ئېغىز ئاچتى: ــ بۇنداق بولغاندا بىزگە بىر جاۋاب بولمايدىكەن ـ دە...» بۇ يەردە ئەمەلدار سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقىنى سېكرېتار.

دېمەك، ئاپتور ئىلگىرىكى ھېكايىلەردەك بۇ ئۈچ تىپنى ئەلچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق بۇلارنى چۆكۈرۈشكە ئۇرۇنغان. بۇ ئۈچ كىشى بۇ يەردە ئەلچى سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى گۈزەللىكنىڭ بىر بۇزغۇنچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئوقۇرمەننى رەنا بىلەن يالقۇننىڭ مۇھەببىتىنىڭ بەربات بولۇشىغا سەۋەبچى بولغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. بۇ يەردە ئوقۇرمەننىڭ تەسەۋۋۇرىدا بۇ ئۈچ پېرسوناژ بايلىقنىڭ يانتاياقچىلىرى، ئۇلار باينىڭ ئەلچىسى بولغانلىقى سەۋەبلىك بىر پاك قىزنىڭ بەختىنىڭ بۇزغۇنچىلىرى ھالىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. بۇ ئوقۇرمەننىڭ نەزەرىدە سەلبىي سىياقتا ئەكس ئېتىشىدە خېلى ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ. بۇ ئۈچ ئوبراز (تىپ) يەنى مۇراتباي ــ ئەينى دەۋردىكى فېئودال بەگنىڭ ۋەكىلى، ئىمام ــ ئىمانىنى پۇلغا تېگىشىدىغان نەپسانىيەتچى موللىنىڭ ۋەكىلى، سېكرېتار ــ فېئودال ئەمەلدارلارنىڭ ۋەكىلى. يالقۇن ــ ئارزۇسى ئارمانغا ئايلانغان مۇھەببەت مەغلۇبىيەتچىسى، رەنا ــ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتى قىرىق ياشلىق ھاراقكەش بىرىنىڭ قولىدا ئاياغ ئاستى قىلىنغان ناتىۋان. بۇ ھېكايىنىڭ ئاساسىي تېمىسى مانا مۇشۇ. بۇنداق دېگەندە ئاپتور قايىل بولالماسلىقى مۇمكىن. تېمىنى يەنىمۇ كېڭەيتسەك، مامۇت سەپرا يىرگىنىشلىك ۋە خاراكتېر جەھەتتە ئەڭ تۇترۇقسىز بىر ئەر. ھەتتا بۇنى ئەر دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. ئانا ــ مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىغان ـ يۇ، لېكىن قىزىنىڭ بەختىنى ساتقان. بۇ يەردە ئاپتور توقىخاننى ئاقلىشى مۇمكىن. بىراق بىر كۆيۈملۈك ئانا يولدىشىغا ھەرقانچە ئىتائەتچان بولسىمۇ، ئەمما قىزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىدا قەلبىدە بىر ئەلەمنىڭ بولماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. گەرچە ئاپتور بۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىچارىلىكنى تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما پسىخىك چوڭقۇرلۇققا كىرەلمىگەن. يالقۇننىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ تويى بولۇشى بىلەن تەڭ بۇ يۇرتتىن چىقىپ كېتىشى ۋە بىر ئاشىقتا خاس ئازاب تۇيغۇسىنىڭ ئوقۇرمەننى تەسىرلەندۈرگۈدەك دەرىجىدە يورۇتۇلماسلىقى ھېكايىنىڭ مەغلۇبىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مامۇت سەپرا بىلەن توقىخاننىڭ خۇشال تۇرمۇشىنىڭ بۇ ھېكايە ئاساسىي تېمىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. بار دېيىشكە توغرا كەلسە «تىنغان بۇلاق» رەنانىڭلا «بۇلاق»ى ئەمەس توقىخاننىڭمۇ «بۇلاق»ى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئاپتور تەسىرلىك بىر مۇھەببەت ھېكايىسى ئارقىلىق ئوقۇرمەنگە دىل ھۇزۇرى ۋە قەلب خۇشلۇقى ئېلىپ كېلىشنى مۇددىئا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاپتور مەغلۇب بولغان. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، رەنانىڭ بۇلاق بويىغا بېرىشى ۋە ئۇ يەردىن كۆزلىرىنىڭ نۇرلىنىپ قايتىپ كېلىشى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە خۇشال بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرسە، ئەلچىلەرنىڭ ئۆيگە كېلىشى بىلەن رەنانىڭ كەلگۈسىنىڭ پېچىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەس. چۈنكى بۇ بىر يېڭى شەكىل ياكى ئۇسۇل بولماستىن بەلكى فېئودالىزىم دەۋرىنى قامچىلاشنى ئاساس قىلغان دەۋردە يېزىلغان ئەسەرلەر بىلەن پەرقلەنمەيدۇ.

ھېكايىنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بىر تەرىپى ئەسەردە ئىشلىتىلگەن تىل ۋە تەسۋىرنىڭ گۈزەللىكى، ئاپتورنىڭ بۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى تامامەن مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدۇ.

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتى





# قارغا ياغقان تىۋشلار

ئامانگۈل نىياز

**1**

«ئاپپاق قار پاكلىق ۋە ئامەتنىڭ بېشارىتى» دېيىشىدىكەن كونىلار، بەلكىم شۇنداق بولسا كېرەك. دېرىزە تۈۋىدە يىراق ئۇپۇققا تىكىلگىنىمچە خىيال سۈررۈۋاتىمەن، ئۇششاق قار دانىچىلىرى دېرىزە ئەينەكلىرىگە ئۇرۇلۇپلا ئېرىپ كەتتى، خۇددى ھەممە نەرسە ئاخىرلىشىپ، ئادەملەرمۇ ئۆز روھىيىتىگە قايتقاندەك. ھەي ئېسىت! شۇنچە يىراق يەردىن ھەيۋەت تاغلارغا تاج، باغلارغا رومال، چاڭقاق قەلبلەرگە شەربەت، توڭلىغانغا يېپىنچا بولۇشنى ئارمان قىلىپ كەلگەن بولغىيدىڭ؟ شەكىلسىز دۇنياغا بىر نېمە دېمەك تەس ھە؟! كەل! سىردىشايلى بىردەم، مەنمۇ ئادەمىيلىكىمدىن ھالقىپ شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، ئۇنىڭ يالىڭاچ ھېسلىرىغا زەر - تون بولماقنى نىيەت قىلغانىدىم، ئەپسۇس ئارمانلىرىم ئېرىپ پېتىققا ئايلاندى!

**2**

ھاياتلىق يەنە ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە داۋام ئېتىدۇ، قار چۈشىدۇ، قاتىدۇ، ئېرىيدۇ، سىڭىپ كېتىدۇ. ئوخشاشلا گۈلمۇ ئېچىلىدۇ، سولىشىدۇ، قۇرۇيدۇ، توزۇيدۇ. ئادەملەرمۇ شۇنداق! چاچلىرىم ئاقاردى قاردەك، قارنىڭ ئاجايىپ خىسلەتلىرىنى ئۆرنەك قىلىشنى ئەھدى قىلدىم. تۈگۈقسىز سىرتتا چۇرقىرىشىپ ئويناۋاتقان بىر توپ بالىلارغا قاراپ بالىلىقىمنى ئەسلەپ قالدىم. ئاياغلىرىمىزنىڭ ئىچىگە قارلار كىرىپ، پۇتىمىز ئۇششۇپ قالاي دەۋاتسىمۇ پەرۋا قىلماي، قارلارنى دۆۋىلەپ قار بوۋاي ياساپ ئوينايتتۇق، قوللىرىمىز سوغۇقتىن قىزىرىپ، سەزمەس بولۇپ قالسىمۇ خۇشال ئىدۇق، نەقەدەر پاك غەمسىز چاغلار ئىدى - ھە؟!

**3**

ئېسىڭىزدىمۇ؟ بىز شۇنداق قارلىق كۈنلەردە تونۇشقان ئىدۇق، ئۇزايىڭىزدىن ھەتتا قورلىرىڭىزدىنمۇ چىن ساداقەت، مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ھەممە سېنى چىن ئادەم، دېيىشەتتى، ئورتاقلىقىمىز كۆپ، دىلىمىزنىڭ يېقىنلىقىدا ئارىلىقىمىزنىڭ يىراقلىقى بىلىنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ قورقۇنچلۇق بىر قارا كۆلەڭگە دائىم تۈيغۇلىرىمىغا ئەگىشىۋالاتتى، شۇ چاغلاردا سەن بىر تاغ، مەن تاغدىكى چوغلۇق، سەن بىر دەريا، مەن قىرغاقتىكى يالپۇز، سەن بىر ئورىتا، مەن توختىماي ئايلىنىدىغان سەييارە ئىدىم. ئوخشاش تەۋەككۈلچى ئىدۇق، مانا ھازىر ئىككىمىز پۈتۈنلەي قارمۇقارشى ئىككى قۇتۇپتا، خۇددى ئۇستازنىڭ ئېيتقىنى بىلەن قىلغىنى قارىمۇقارشى بولغاندەك، بىز دىدارلاشماقچى بولغان شۇ كۈنى ھۇزۇرۇڭ ئۈچۈن نۇرغۇن كېرەكلىكلەرنى تەييارلىدىم. چۈنكى زەررىچە شادلىقنىڭ ئالەمچە بەختىم ئىدى، توختىماي يېغىۋاتقان قار قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكتىن شەپە بېرەتتى، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي سەپەرگە ئاتلاندىم، كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى غەش...

**4**

«سەن مېنىڭكى، سەن مېنىڭ بولغاچ، قىزغىنىمەن



www.uyghurkitap.com

ئايدىن، قۇياشتىن...» تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس ئەينىكىدىن قار تاماشاسى قىلغاچ تېلېفونۇمدىن ياڭراۋاتقان ناخشىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتىم. «ھەممىدىن گۇمانلىنىش — ئۆزىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش، ئۇ ھەممىنى قوبۇل قىلىشتىن كۆپ ئەۋزەل...» دېيىشىۋاتاتتى، يېنىمدىكى سەپەرداشلىرىم. پات - پاتلا يۈرىكىمدىكى خىيالىلا چوڭ جاراھەتتىن تامچىلىغان زەرداب كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ قالاتتى. مەن چېھرىمدىكى كۈلكە ۋە شېرىن سۆزلىرىمگە ئەمەس، قەلب جاراھىتىمگە بېغىشلانغان ئىدىم. شۇ قەلبىمدىن چىنلىقتا شەرە تاپماق بولۇپ، تۇشمۇ تۇشتىن چۇرقۇرىشىپ كېلىۋاتقان ئەيىبلەش غەلىيانلىرىنى، بىر دانە مويىمدىن مىڭ دانە بولۇپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان غورۇر فونتانلىرىنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ، سەن بىلەن دىدارلاشتىم، بىر مەيدان سۆيگۈ جېڭىدە كۆرسەتكەن «پىداكارلىقىم»غا ئاتاپ، يۈرىكىمگە تازا چىرايلىق «ئوردېن»دىن بىرنى تاقاپ قويىدىغىنىڭنى نەدىن بىلەي؟!

## 5

ئالداشقا بولمايدىغىنى چىن ھېسسىيات، تېپىش ئەڭ تەس بولغىنى ھەقىقىي مۇھەببەت، تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغىنى سېغىنىش ئىكەنلىكىنى سېنى تەرك ئەتكەندىن كېيىن ھېس قىلدىم. «بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىش» دېگەنىدىم كۆرۈشكەندىلا. شۇ كۈنى بىر خىل رىتىمدا مۇڭدىشىپ كېتىپ باراتتۇق، ئايىغىمىز ئاستىدا قارلار غاچىلدايتتى. ئەتراپ شۇنچىلىك گۈزەل، قار گۈللىرى چاچلىرىمىزغا، مەڭزىلىرىمىزگە، ياقىلىرىمىزغا قونۇۋېلىپ ئەركىلەيتتى. مۇشۇ مېڭىشىمىزدا مەڭگۈ ماڭساقمۇ چارچىماس، توڭلىماس ئىدۇق... ئاخىر نىشانىمىزغا يېتىپ كەلدۇق. ۋاقىتسىز يېتىپ كەلگەن بىر ئۇچۇر بىلەن روھىڭدىكى جىددىيلىك ھەممىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئىزىمىز قالغان بوز تۇپراق بوزلىدى، قارنىڭ لەۋلىرى چاك - چاك يېرىلدى، مۇزلار غىرسىلدى....

## 6

مۇھەببەت چىن - ساداقەت، پىكىر ۋە ھېسسىيات ئورتاقلىقىغا ئىگە ئىككى يۈرەك ئوتتۇرىسىدا جىلۋىلىنىدىغان بىر بەخت تۇيغۇسى. ساختىلىق، ئەقىدىسىزلىك بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ. مېنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن سۆيىدىغانلىقىڭغا ئىشىنەتتىم، ئەمما تەنھا سۆيۈلۈشنى خالايتتىم. سۆيگۈڭنى قۇياش چوڭلۇقىدىكى ئۇلۇغ نان سۈپىتىدە قەدىرلەپ بىر ئۆمۈر ياشىيالايتتىم ھەم سېنى ياشنىتالايتتىم. ئەپسۇس!... ئۆزىگىمۇ يۈز كېلەلمەي ئارانلا تۇرغان غورۇرۇم قان يىغلاپ تۇرۇپ ئازابلىق قىيالماسلىقلار ئىچىدە بۇ سۆيگۈدىن ۋاز كەچتى. ئاسانغا چۈشتى دېدىڭمۇ؟! بىر ئۆمۈر ھۇزۇرلىنىشىمغا يەتكۇدەك بەخت ئاتا قىلغان، ھېس - تۇيغۇلار چىرمىشىپ، چۈشەنىشلەر ۋايىغا يەتكەن مۇھەببەتنىڭ بىرىنچىسى تۇرسا ئۇ؟! ئاسىيلىق قىلغىنىڭنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئاسىي دېيىشكە تىلىم بارسۇنمۇ؟! ... قاتتىق ئاغرىق جىنىمغا پېتىپ تۇرسىمۇ ئەسلىمگە قايتىشقا ئىشەنچىم كامىل ئىدى.

## 7

ئەسلىي پىلانىدىن بۇرۇن خوشلاشقان شۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈش ھېلھەم ئېسىمدە. ئاپپاق قار خۇددى قارارىمدىن سۆيۈنگەندەك يۈزلىرىمگە سۆيەتتى، ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي سەن مېنى ئۇزاتقىلى چىقتىڭ. قانداق ھېسلاردا بولۇۋاتقىنىمىز كۆڭلىمىزگە ئايان ئىدى. روھىم چۈشكۈن ھالدا ئاپتوبۇسقا چىقتىم، ئەمما سەن خېلىغىچە قايتماي ئارقامدىن قاراپ تەلمۈرۈپ تۇردۇڭ، يالاڭ كىيىم بىلەنلا شوپۇرنىڭ توسۇشلىرىغىمۇ، كىشلەرنىڭ ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ سېنى ئىزدىدىم، يوغان، كېلەڭسىز ئەينەك توسۇقتىن تېلېفون ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم خوشلاشتۇق، شۇ قەدەر تەمكىن، كەسكىن بولۇپ كەتكىنىمگە ئۆزۈممۇ ھەيران، ھايال ئۆتمەي چېكىنىش بايرىقى چىقارغىنىمدا ھاڭ - تاڭ قالدىڭ. قەدىرلىك كىشىسىدىن ئايرىلىش بىر ئازاب، قەدىرسىزلىك تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش بىر خاتىرجەملىك ئىكەن. زېھنىڭ ۋە مېھرىڭنى خورىتىپ، غەپلەتكە مۇپتىلا قىلىدىغان شېرىن ئۇيقۇڭدىن ئويغىتىپ قويدۇم، بىر كۈنلىرى مەمنۇن بولۇپ قالسەن، ماڭا ئۇنداق چەكچەيمە!

## 8

ئىنسان بۇ ئۆمرىدە ئىككى نەرسىگە تويماي ئۆتەرمىش، ئۇنىڭ بىرسى ھايات، يەنە بىرسى سۆيگۈ. سېنىڭ مېنى ئەيىبلەشكە سالاھىيىتىڭ يەتمىگەندەك، مېنىڭمۇ سېنى ئەيىبلەشكە ئاساسىم يوق ئىدى. سەنمۇ بىر ئادەم، ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئەقىللىي ياشاش مەنتىقىمىز بار. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمنى ئۆزىنىڭ قېلىپىدا ياشاشقا مەجبۇرلاش ھوقۇقى يوق. شۇڭا چىرايلىقچە خوشلاشتۇق، ھەتتا كېيىن باشقىلارغا مەن توغرىسىدا يوللىغان ھاقارەتلىك ۋە كۈلكىلىك ئۇچۇرۇڭنى كۆرۈپمۇ قىلچە رەنجىمىدىم. سەن ۋە ئۆزگىلەرنىڭ مەن ھەققىدە ئېيتىلغان قانداق ئەيىبلەش ۋە ئۆسەكلىرىنى ئاڭلىشىمدىن قەتئىينەزەر، مەن ئىنسانىي بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم. ھېسداشلىقنىڭ قۇربانى بولغانلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەركىمگە



مەردلىك بىلەن مەغرۇر باقالايتتىم. ئەينى چاغدا سۆيگۈمىز راستتىنلا تەڭداشسىز سۆيگۈ ئىدى. مەن باھارىڭ، سەن سۇبھىرىم، مەن پىداكارىڭ، سەن ئىپتىخارىم ئىدىڭ. تەسۋىرلىگۈسىز تاتلىق سېزىم ۋە ئىلھام ئىچىدە ياشايتتۇق. ئاھ، قوي! كۆزلىرىم ئالتۇن بىلىقلارغا تولا تاشلىنىپ، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن قارماقلىرىڭغا سوغۇق نەزەر بىلەن تىكىلسىمۇ، قەلبىم ھامان دوستلارغا ئوخشاش ھالال بەختىڭگە ئىنتىزار!

## 9

ئىشلار ئۆزى كۈتۈپ تۇرغان مەلۇم بىر پۇرسەتتە يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭغا ھەركىمنىڭ ئامالى بولمىسا كېرەك. بىز ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقان شۇ كېچە ئاجايىپ بىر قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتىمەن. يەنە كېلىپ قايتىلاپ كۆردۈم. كۆيگەندىنمۇ، سۆيگەندىنمۇ كۆنگەن بەك يامانىكەن. بۇ قېتىمقى تالالاش ھاياتىمدىكى بىردىنبىر ئاقىلانە تاللاش بولغاچقا مەنمۇ ئەسلا قايتالمايتتىم. شۇنداقتىمۇ خاتىرجەم بولالماي داڭلىق چۈش تەبىرى ۋە جەمئىيەتشۇناس بىرسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا قەستەن سىناپ باقتىم. ئەمما سەن يەنە ساختىلىقنى جاكارلىدىڭ، ئەيىبكە بۇيرىمىدىم. كۆڭلۈمدە ئامانلىقىڭنى تىلىدىم. يامانىنىڭ ئوتى يامان، گېدىيىپ يۈرگىنىڭ بىلەن بىر كۈنلەردە گۈلخان كەبى كۆيۈشلىرىمنى، يۈرىكىڭگە سانجىلىپ تۇرۇپ سۆيۈشلىرىمنى ئەسلەپ، ئۈھسىنىپ قالىسەن. مەنمۇ سېنىڭ ئەجرىڭنى، مېھرىڭنى سېغىنىپ تولغىنىپ قېلىشىم مۇمكىن، قانداقلا بولمىسۇن بىر مەزگىل مېھىر بېرىشكەننى ئۇنتۇيالمايسەن.

## 10

بۈگۈن قار ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن كۆپ ياغدى. بىر توپ دوستلىرىمنىڭ تەلپىگە بىنائەن، دالا سەيلىسى قىلغاچ قار تېپىلىشقا باردۇق. قىزلارنىڭ ياڭراق كۈلكە ۋە چۇقانلىرى قارلىق دالىنى بىر ئالدى. ھېچنېمىگە رايىم يوق، خۇددى قاردا يۇيۇنۇپ پاكلانماقچى بولغاندەك، ئېگىز بىر دۆڭلۈككە چىقىپ، خېلى ئۇزۇن تۇردۇم. تەنھالىقنى ئۆزۈم تاللىغان بولغاچقا، غورۇرۇمغا ۋە جۇشقۇن روھىمغا تامچىلاپ كىرگەن ئۆكۈنۈش ئەلەملىرىنىڭ مىڭ پاتمان ۋەزنى بىلەنمۇ تۇنجۇقۇپ كەتمىدىم. مۇنچىدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان ئىسسىق سۇ كۆز ياشلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ، قەلبىمنىڭ قات - قېتىنى يۇياتتى، سۇنىڭ خاسىيىتىگە ئىشىنەتتىم، ئۇنىڭ مەنبەسى ئاپپاق قار ئەمەسمۇ!؟ شۇڭا ئۆزۈمنى سۇغا شۇنچىلىك ئۇزاق تۇتتۇم، ئىچ - ئىچىمدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان قەلب تۈشلىرىمغا ئىرادەم ۋە قەسەملىرىم سىڭىپ كەتكەندى.

## 11

ھا...ھا...ھا... شۇنداق قاتتىق كۈلدۈمكى، ماڭا خەۋەر ئېلىپ كەلگەن قار گۈللىرىمۇ چۆچۈپ كېتىشتى. «ئايرىلماقنى ئويلىدىم دېگىنىڭنى ئىشتكەندە، چانقىمدا ياش دەۋرەپ دولقۇنلىدى پەريادىم...»، «سەنسىز ھاياتىمنىڭ نېمە مەناسى ئەي جانۇ - جاھانىم...» ماڭا ئاتاپ يازغان مۇنۇ مىسرالىرىڭ ئېسىڭدىدۇ؟ بەدەللىرىڭ ھۇزۇردا ئەركەكلىك پاراستىڭنى توختىماي ھەرىدەۋاتقان ئارقاڭدىكى ئاۋۇ كۈلرەڭ سايىمۇ بۇنىڭ كۆپەيتىلمە نۇسخىسىدىن مەست بولۇپ كېتىپتۇ. بىراۋلارنىڭ ئۇچۇرلىرى قىرغاقتىكىلەردىن پاناھ تىلەپ كۆلچەكتە تېپىرلاۋاتقان نىمجان بېلىجانلاردەك بىچارە تۇرقۇڭنى ئەسكە سېلىپ يەنە كۈلدۈرەتتى. قىزىق، تۇيۇقسىزلا مەن ساڭا سۇيىقەست قىلغان بولۇپ قالدىم دېسە؟ بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى راستتىنلا ئاجايىپ! ئىدراكى ئارقىلىق تۇيغۇلىرىنى كونترول قىلالايدىغانلارمۇ، تەقدىرنىڭ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش سىگناللىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، ساختا سۆيگۈگە ئەسىر بولۇپ ياشايدىغانلارمۇ كۆپكەن. شۇنداق قىلىپ بىر ئاياغسىز تۈۋش شەپىسىزلا كېلىپ، بىرلا سېھىر بىلەن ھېچكىمگە ئېچىلمىغان دىل ئىشىكىمنى ئېچىپ، بىر پەس قويۇن چىقىرىۋېتىپ كېتىپ قالدى. كۆزلىرىمنى چىمچىقلىتىپ، ھاڭۋاققىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم، ئەمما، ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى ھەققانىيەت سوتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، يىراقلىشىش — ئۆزىنىمۇ ھەم ئۆزگىنىمۇ ئاياشتۇر دەپ تەسەللى بەردىم ئۆزۈمگە.

## 12

چىنلىقى يوقالغان قەلبىنىڭ يەنە نېمىسى بولسۇن؟ «ئۇنىڭ سۆيگۈسىمۇ، ھەسرىتىمۇ، مېھرىبانلىقىمۇ، ئەقىدىسىمۇ يالغان» دېدى دېرىزەمگە قونۇۋالغان قار ئۇچقۇنلىرى. زۇمرەت سۇلىرىڭدىن سېھىرلىك ئالما سۇزىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرۈۋاتقان ئاۋۇ ئەخمەقلەرگە ئېيتىپ قويغاچ، ئەقىل كۆزىنى تورىتۋالغان كۆرۈنمەس بىر قەۋەت پەردىنى ئېرىتىۋەتكىنە ئەي قار! ئۇلار سەمەرقەنت چۆللۈكىنىڭ بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى، نېمىنى خورلىسا شۇنىڭ ئۇۋالىغا قالىدىغانلىقىنى، ساختا لەززەتنىڭ ئارقىسىدا ئاچچىق ئازابلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەن. كۆزۈمنى قاماشتۇرغان مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك نۇرلىرى ئاستىدا مەن ئۇچۇن يۈرىكىدىن قەترە تامدۇرۇپ كۆزلىرىدىن تىلەك ياغدۇرغان ھالدا جۈپ قوللىرىنى سوزۇپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان قەدىردانلىرىمنى بايقىيالماپتىمەن. كۆزۈم ياشلانغان، قەلبىم شادلانغان ھالدا سۆيۈملۈك قەدىردانلىرىمنىڭ باغرىغا ئېتىلدىم!

## 13

ئائىلىكىملەرگە يۈز كېلەلمەي ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقىنىمنى سېزىپ تۇراتتىڭ. تۈنجى كۆرۈشكەندە ھېسداشلىقمۇ بۇ مۇھەببەتمۇ؟! ئېيتقانلىرىمغا قارىتا سورىغان سوئالىڭغا «ھېسداشلىق» دەپ جاۋاب بېرەلمىگەنىم، «قەلبىڭدىن ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولىمەن بىر كۈن...» دېگەنلىرىم ئېسىڭدە بولسا كېرەك. بەرھەق، قان ـ ياشلىق قىسمەتلىرىڭگە ھېسداشلىقتىن بىخلىغان سۆيگۈ ئىدى ئۇ. ئەسلىي قىياپىتىڭ ئاشكارىلىنىشتىن بۇرۇن قەلبىڭدىن يۈتمىگىنىمگە ئۆكۈندۈم، سەزگۈرلۈكىمنى سۆيۈپ، كۆڭلۈمنى پەرىشان قىلىپ كېلىۋاتقان قارا سايە ئاپپاق قار كۈچەيگەن شۇ كۈنى سۇزۇلدى. ئازابلىرىڭغا تۇتاشقان شىۋىرغان ھۇۋۇلىدى ئىچىمدە، سۆيگۈمىزگە شاھىت تاغلار ۋە چىمەنلەر نالە قىلدى قەلبىمدە. ئېچىنىش ۋە خورلۇقنىڭ دەھشەتلىك ئوتلىرى يېلىنجىدى كۆزۈمدە... سەنمۇ مەخسۇس ئۆزۈڭ ئۈچۈن بېغىشلانغان غورۇرلۇق، ئۆزگىچە بىر روھ ئىگىسى، بەخت ئىلھامچىڭدىن ئايرىلدىڭ. مەنمۇ ھاياتىمغا رەڭدار مەنا ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان سىردىشىمدىن ئايرىلدىم. بىر كۈنلىرى قەدىرلىرىمىز ئۆزىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، سەن بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىمە سۈپىتىدە ياشلىق خاتىرەمدە ساقلاپ قويۇپ، تەبەسسۇم بىلەن قۇياشقا يۈزلەندىم.

## 14

سۆيگۈدىكى چىنلىقتا ئۆلگۈچە، تەلۋىلىكتە تەلۋىلەرچە قارىغاندا ئاندىن ھاياتنىڭ مەنىسى يېشىلىدىكەن. نىقابلىق سەنئەتكارلارنىڭ زېمىننى چىرقىرىتىپ تۇرۇپ كۆرسەتكەن كارامىتىدىن، ئاي چۆكتى قۇملارغا، قۇياش مۆكتى سۇلارغا، پەقەت ئاپپاق قارغا ئامال يوق، ۋاقىتقا ئىشىنىمەن. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. غۇرۇر ۋە سەمىمىيەت سۆيگۈنىڭ يۈرىكى. ئۇپۇقلاردىن تۇپراقلارغىچە، نەپەسلەردىن قەدەملەرگىچە بىرلىشىپ كەتكەن سۆيگۈ ئەلۋەتتە ساختىلىققا جەڭ ئېلان قىلىدۇ ـ دە؟! يۈرىكىمنى تىڭشاپ بېقىپ ئاندىن بۇ ساختا سۆيگۈدىن ۋاز كەچكىنىم ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى زېھنىمنى ئۇپراتقىم كەلمىدىمۇ، سەندىن نەپرەتلەنسەممۇ، ئەيىبكە بۇيرىمايمەن، بەخت تىلىسەممۇ ئىشلىرىڭغا قىزىقمايمەن. بەربىر سەن ساداقەتنى خورلىغۇچى، مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىمدە ئۆزگىلەردىن مەڭگۈ ئۈستۈن تۇرغۇچى. بىزنىڭ خاتا تونۇشۇپ، توغرا ئايرىلغىنىـ

مىزغا ئەڭ ئىشەنچلىك شاھىت يەنىلا شۇ لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ئاپپاق قار!

## 15

ئىنسانغا نىسبەتەن بەختنى باشقىلاردىن ئىزدەپ، ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولۇپ ياشاشتىن ئۆتەر بىچارىلىك بولمىسا كېرەك. تەڭرى ھېلىمۇ بەزىلەرنى ئىنسان قىلىپ يارىتىپتىكەن. قۇياشنىڭ كۈچلۈك قىزدۇرۇشلىرىمۇ، زىمىستاننىڭ ئاچچىق شىۋىرغانلىرىمۇ، قەلبىمنىڭ چاقىرىشلىرىمۇ ئويغىتالمىغان ئاۋۇ مەستلەرگە نېمە دېيىش ھاجەت ئەمدى؟! يەنىلا ھەممىگە ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچى — ھەقىقەت سوتى ئۆزى بىر تەرەپ قىلسۇن! مېنىڭ مىڭ بىر تېڭىرقاش ۋە ئازاب ئىچىدە ئويغانغان مۇھەببىتىم، مۇھەببەتسىز روھىڭدىن ئارامسىزلاندى. مۇھەببەتسىز ئىلتىپاتلىرىڭدىن ئۇيالدى، بىراق مەلۇم مەنىدىن ساڭا تەشەككۈر! تەۋرىنىپ قالغان گاراڭ ھالەتتىكى ئىدراكىمغا مۇزدەك سوغۇق سۇنى بىرلا پۈركۈپ، مەستلىكىمنى يېشىۋەتتىڭ، ئاخىر يوقىتىپ قويغان سۆيۈملۈك ئۆزۈمنى تېپىۋالدىم، قار گۈللىرى چېكەمگە قادالدى.

## 16

ھالسىزلانغان غايە شەپقەتسىز رېئاللىق قوينىدا ئۇيقۇغا كەتتى. ئىرادىسىز خائىن تەنلەر داۋاملىق قەدەھ سوقۇشتۇرماقتا، مەستلەرنىڭ كۆزىدەك خۇمارلاشقان روھلار ھاياتلىق ناخشىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن. كېچىلەرنىڭ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققان ئايدىڭ كېچە قەلبىمدىكى بېغىررەڭ تۇپراققا سىڭىپ كەتتى، ئېھتىمال ئۇنىڭ ئەقىل بىلەن تەدبىرگە كەينىنى قىلىپ، ۋىجدانى مايماق كەتكەنلەرنى كۆرگۈسى يوق.

ئەي، بارچە گۈزەللىكنىڭ ئاشناسى قار، يوللىرىمدا سەن، باتىنىمدا سەن، چۈشۈمدە سەن، كۆيۈمدە سەن! ئۆتۈنەي سەندىن، ساختىلىققا مەپتۇن بولۇپ، رەزىللىككە بەند قىلىنغان بىچارە بايقۇشلارنىڭ سېھرىنى تېزرەك ئېرىتىۋەت!

ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي، باھارىمنىڭ قۇياشلىق سەھەردە شوتا بولۇپ، پارلاپ چىقىشنى كۆرگۈم بار، پاك ئارمانلارنىڭ تۇپرىقى بولۇپ، چېچەكلەرنىڭ خۇش ھىدىدىن مەست بولغۇم بار، دوستلۇق ۋەدىمىزنىڭ يورۇق شامى بولۇپ، چىنلىق مېۋىسىدىن ھۇزۇر ئالغۇم بار!

ئاپتور: ئاقسۇ شەھەرلىك ئىگەچى يېزا مەركىزى قوش تىل باللار يەسلىسىدە





# گىرىمسەن نۇرلار

ئادالەت ئابدۇرېھىم ياروۇق

## رېئاللىق

سېنى ئاچچىق كەچمىشلەرگە گىرىپتار قىلغان مەھبۇ-بەڭنىڭ بىمەنە ئەتمىشلىرى كۆڭۈل خاتىرەڭدىن بىر - بىرلەپ ئۆچۈپ كەتسىمۇ، ئازابلىق تولغىنىش ئىچىدىكى سىقىلغان يادنامىلەر ۋۇجۇد ئاپتىپىڭدا غىل - پال كۆ-لەڭگۈ پەيدا قىلىدۇ.

مودۇر - چوقۇرلىرىڭنى ئېنىق گەۋدىلەندۇرۇپ قويغان ئەينەكنى پىنھان ھوجراڭدا ئاپپاق لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ، ئاۋايلاپ تىزىپ قويغىنىڭ بىلەن، خاس مىزاج-لىرىڭغا روبىرو تۇرىدىغان نۇقسانلىرىڭنى ھايات تەس-كەيلىرىڭدە چۈۋۈپ تاشلىغان سىرداشلىرىڭغا دوستلۇق كۆڭلۈك بىلەن ئۆلپەت بولۇشقا رايىڭ بارمايدۇ.

سۇمبۇل چاچلىرىڭغا باغلىنىپ، سۇنۇپ كەتكەن پۇ-چۇق تارغاقنى چىرىندى دۆۋىسىگە تاشلىۋەتكىنىڭنى ئۇن-تۇپ كەتكىنىڭ بىلەن، ھايات مىزانلىرىڭغا مۇخالىپ كۈي-لەرنى توۋلىغان ناخشىۋەنى كۆرگىنىڭدە تولدۇرغۇسىز ئازابتىن تېنىڭ جۇغۇلدايدۇ.

مەززىلىك تائامنىڭ دىلنى تارتقۇچى ھىدى، ھېلىلا سەن ئاچچىق ئەلەم بىلەن پارە - پارە قىلىۋەتكەن ئاش چىنىسىدە ھۇزۇر بەرمىگىنىدەك، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ئېسەدەشلىرى ئىچىدە قىرتاق يادنامىلارنى شېرىن - شې-كەر گەپ - سۆزلەر بىلەن قوغلىۋەتكىلى بولمايدۇ.

رېئاللىق ئۆزىنىڭ تىكەنلىك شاخلىرىدا، كۆككە بوي سوزغان ئېگىز غوللىرىدا ئاچچىق غورىلارنى يېتىلدۇ-رۇپ، پاراسەت ۋە سەۋرچانلىقتىن پۈتكەن ئىللىقلىقىڭ بىلەنلا شەربەت مېۋىلەرنى ئۈزۈپ ئېلىشىڭنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

## ئايال

ئاق قۇ پەيلىرىدەك ئايالىق نازاكىتىڭدىن، باھار شامىلىدەك جەلپكار تەبىئىتىڭدىن، باراۋەرلىك شۇئارى ئاستىدىكى گىرىمسەن نۇرلار تۈپەيلى يىراقلىشىپ كەتمە، ئەي ئايال.

شۇ تاپ پەرىجە ئىچىدىكى ھەقىقەتىنىڭ ئۇمچىيىپ تۇرغان لەۋلىرى بىلەن سىرلىق كۆزلىرى ساڭا شۇبھىلىك تۇيۇلدىمۇ؟ دەرپەردە كەينىدە ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ سېنى ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنەمسەن؟

نەيرەڭۋاز ناخشىلارنىڭ سىرلىق كۈچ - قۇدرىتىگە ئالدىنىپ قالما، ئەي ئايال.

ئادەت كۈچلىرى ئۈستۈڭگە ئارتىپ قويغان ئېغىر تون - سەرپايلارنى كۆتۈرەلمەي ھاسىراپ يۈرگەنلىكىڭ-نى كۆرۈپ، قاۋاقخانىلاردا ئالا - تاغىل كۈلگىلى تۇرۇپ-تۇ. «ئار - نۇمۇس.... دېگەندەك ئالىپتە زىننەت بۇ-يۇملىرىنى كىشەن دېگىلى بولمايدۇ» دەپ كىملەر بىلەن-دۇر جاڭجاللىشىۋېتىپتۇ. تۇۋا، ئاشۇ نۇر چاقنىتىپ تۇرغان ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلىرىڭگە قاراپ ھەيرەتتە قالدىم.

قائىدە - يۇسۇنلار راستىنلا زىبۇ - زىننەت بو-لۇشتىن كۆرە، سېنى باغلاپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتىگە كۆپ-رەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. سەپسەتىنىڭ ئېزىتقۇ كۈيلىرى ئىچىدە مەستخۇش بولما، ئەي ئايال.

خىيال بىلەن چۈش گىرەلەشكەن بىر چەكسىز با-ياۋاندا ساڭا يۇپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقىنى گەۋدىسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ھاڭ كەبى ئېغىزلارلا ئەمەس. ھار-ماي - تالماي باشقىلارغا بەخت يارىتىش كويىدا تەلپۈ-نۈۋاتقان يۈرەكنى مەنىستەمەيدىغىنى كۆزلا ئەمەس...

مۇقاملار، ناخشىلار توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان گۈزەل كۈنلەرنىڭ ئازادە سەتھىلىرىدە ئايالىق ئورنۇڭ بىلەن گۈزەل مېلودىيەلەرنى ياڭرىتىپ، ھاياتلىق بەرگىڭ-

www.uyghurkitap.com

نى نۇرلاندۇر، ئەي ئايال.

## سوئال

ئۇنىڭ ئالتۇندەك چاغلىرىنىڭ سەن ئۈچۈن چۈچۈل بولغانلىقىنى، پارلاق غايە ـ ئىستەكلەر بەرق ئۇرۇپ تۇرغان ئىستىقبال گۈللىرىنىڭ ساڭا تەقدىم قىلىنغانلىقىنى، ئوتلۇق ھېسسىيات بەدىلىگە ھاياتلىق تاڭلىرىدىكى نى ـ نى مۇقەددەس ئىشلارنى سەن ئۈچۈن قۇربان قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟

ئەمگەك داۋانلىرىدىن ئۆتۈش يولىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن ئۆي شادىمانلىقلىرى، بالا بىلەن قازان ئوتتۇرىسىدا پالاقلاپ يۈرۈپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان، لەۋلىرى گەز باغلىغان، ئېگىز ـ پەس كىيىملەر ئىچىدىكى ئاشۇ ئايالنىڭ يۈرىكىنى چۈشىنەمسەن؟

ئۇنىڭ قەلب دەرياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى گۈزەللىكنى، ساڭا بەخشەندە بولۇش ئوتىدا سەرسان بولغان مۇھەببەت سىمفونىيەسىنى، كۆڭۈل قۇلاقلىرىڭ بىلەن ئاڭلاپ، چىن مەنىسىنى ئىخلاسىڭ بىلەن تونىيالىساڭ ئىدىڭ، ئۇ چاغدا سېنىڭ ھەقىقىي شادلىق چاچقۇلىرىغا مەستانە ئىكەنلىكىڭدىن شۈبھىلىنىشكە بولمايتتى.

شادىيانە كۈلكىلەرگە، خۇشناۋالار ئىلكىدىكى دەملەرگە، ھۆسن مۇنچاقلىرىڭ بولمىش پەرزەنتلىرىڭگە بولغان كۆيەرمەنلىكىڭگە ئاشۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋاقىت ساھىبى ئۆز كارتىنىسىدىن ئىسپات تاپالىغان بولسا ئىدى، بۇ خىل شادىيانىلىق مەڭگۈ داۋام قىلغان، ساداقەتمەنلىك بىلەن سۇنۇلغان راست گەپلەر ئۈچۈن ئاھانەت يامغۇرلىرى تۆكۈلمىگەن بولاتتى.

چىن يۈرەكتىن قىلىنغان مېھرىبانلىقلارغا بىزارلىق كۆزلەردىن جاۋاب قايتۇرمىغان، مۇھەببەت گۈلىنىڭ ئۇستىگە، بىپەرۋالىق ماغزاپلىرىنى چاچراتمىغان بولاتتىڭ.

## سىرلىق كوچا

ئالۋۇنلۇق گۈگۈمدىكى چاڭقاق ئىسسەدەشلىرىم، خىيابان چۆللەردىكى غېرىب كۆيلىرىم، چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئادەم مىغىلدايدىغان كوچىلىرىدىكى دىلغۇل ئېسەنكىرەشلىرىم پات ـ پات ماڭا سوئال نەزەرىدە تىكىلىپ قاراپ قالىدىغان چېھرەلەرگە پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشۇم سەن ئۈچۈن، سەن ئۈچۈنلا ئىدى.

نېمىندۇر سورايدىغان كۆزلەر ئالدىدىكى تەمتىرەشلىرىم، ئايىسىز كېچىلەردە ئادەمزاتسىز قاراڭغۇلۇق قوينىدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلاشلىرىم ... بۇلارنىڭ ھەممىسى قەلب بۇلاقلىرىمدىن ئۇخچۇپ چىقىۋاتقان مۇھەببەت ئۈچۈن، ئوت ـ لاۋۇلىق سۆيگۈم ئۈچۈن، سەن ئۈچۈن ئىدى.

ھايات ئاچاللىرىدىن ھېچ ئىككىلەنمەي بۇ تەرەپكە قايرىلىشىم، گۈزەل ئىستىقبال، بايلىق، ئورۇن مەرتىۋىلەرنى ئىتتىرىۋېتىپ، سەمىمىيەت بىلەن يۇغۇرۇلغان كۆيلىرىڭگە تەلپۈنۈشۈم، ئىككىمىزنىڭ ئورتاق ئارمانلىرى، غايىلىرىنى قاناتلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

مەن ئۈچۈن داغدام ئېچىلغان سائادەت يوللىرىنى ئۈمىدسىز قالدۇرۇپ، سەن تەرەپكە پەرۋاز قىلىشىم، مەن ئۈچۈن ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان مۇھەببەت ۋىسالى ئۈچۈن، سۆيگۈ تەشنالىقى ئۈچۈن، ئوتلۇق ئارمانلىرىم ئۈچۈن ئىدى.

ئەجىبا، بۈگۈننىڭ ئەلەملىك قىسمەتلىرى مېنى كۆتۈۋالغاندا، ئورتاق مۇددىئايىمىزغا قارشى قويۇلغان ھايات رېلىسىڭنى ئۆز ئىزىغا سېلىشنى ئويلاشمامسەن؟!

نادامەتلىك مەرغۇلغا باي سوئاللار، ئىزتىراپلىق خىياللار ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالغان مۇشۇ دەملەردىمۇ، ھايات سەپىرىمدىكى مۇساپىر قەدەملەرنىڭ تەمتىرەشلىرىگە، دىلغۇل كۆيلىرىمنىڭ ئاچچىق ئىزتىراپلىرىغا، ھىجرانلىق نالەشلىرىمنىڭ مۇڭلۇق ئۆكسۈشلىرىگە شېرىك بولۇشنى رەت قىلىۋاتامسەن؟

قىسمەتنىڭ تەتۈر قويۇنلىرىدىن قەلبىم غەليانغا تولغان، ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكى روھىمغا ھۆكۈمران بولۇۋالغان مۇشۇ سىناق پەيتلىرىدىمۇ ماڭا ھەمدەم بولمامسەن؟!

يۈرەك بېغىشلىرىمنى زەيلىتىپ ئۈزۈكسىز ئۆرتىنىۋاتقان نادامەتلىك پىغانلىرىمغا، ئۇنسىز چېچەكلەۋاتقان پۇشايمان گۈللىرىمگە، بىئىلاج بېسىلىۋاتقان ھايات بەتلىرىمگە بىنەزەر ھالدا غادىيىپ تۇرامسەن؟!

مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمدىكى بارلىقىمغا، سەن ئۈچۈن سەن ئۈچۈنلا ياشاۋاتقان ئەخمىقانە ھاياتلىق مىزانىمغا، ياشلىق چېچەكلىرىمنىڭ مامكاپتەك توزۇپ كېتىشلىرىگە، قوللىرىمدىكى قاداقلارنىڭ تاش بولۇپ قېتىشلىرىغا... ئەنە شۇنداق بىپەرۋا مۇئامىلە قىلامسەن؟

ھالا بۈگۈنگە كەلگەندىمۇ ئۆز ھاياتىڭنىڭ ئاشۇ نالە خۇش ئاھاڭىنى قايتىلاۋېرەمسەن؟!

## خىيال

ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ بۈيۈك ۋاقىت تونېلى ــ ئىككىنچى ئېرا يېتىپ كەلدى!

ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم:

ۋاڭ ـ چۇڭلار قايناپ كەتكەن ئۈچىنچى ئېرادا، سىرلىق قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن مۇڭلۇق



كۆيلەرگە ھېچكىم قىزىقمايدۇ دېگىلى بولارمۇ؟

ئامانىساخانىنىڭ نازۇك بارماقلىرى تارقىتىۋاتقان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامنى ئاڭلاشقا ئابدۇرشىتخاننىڭ جەڭ ئېتى ھېرىپ قالمايدۇ دېگىلى بولارمۇ؟

سىرلىق تەكلىماكان قوينىغا يوشۇرۇنغان گۆھەرلەرنى نەزەرلىرىدە ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغانلار ئۈچۈن چۆل — جەزىرىگە مۇھەببەت باغلايدىغان شۇنداق گۈزەل قەلبنى يوقىتىپ قويمايدۇ دېگىلى بولارمۇ؟

ۋەتەنىنىڭ بەخت — سائادىتى ئۈچۈن قىر — قىشلاقلارنى كېزىپ بىچارە يوقسۇزلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان مەردانىلار ئازىيىپ كەتمەيدۇ دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولارمۇ؟

پايتەخت گۈلزارلىقىدىن يېڭى ئۇرۇقلارنى ئېلىپ كېلىپ، خىيابان سەھرا — دەشتىلەردە جەننەت بەرپا قىلالايدىغان قىدىرخانلارنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز ئاشارمۇ؟

بۇ ۋاقىت تونىلىدىكى بىر بۈيۈك چوققا بولغان ئوتۇنچى ئىبرادا سائادەت دىلبىرى ئادالەت مەرغۇللىرىنى ئىزچىل ياڭرىتىدىغانلىقىغا پۈتۈن ئىخلاسىمىز بىلەن ئىشەنچ قىلساق بولارمۇ؟

## خاسلىق

دۇنيادا ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە خاسلىق چەمبىرىكى سىزىلمىغان ئادەم يوق. خاسلىق چەمبىرىكى بۇزۇۋېتىلگەن ئادەملەر ھەقىقەتەن بار.

ئادەملەرنىڭ خاسلىق چەمبىرىكى — مۇئەييەن مەقسەت، مۇئەييەن مۇددىئا ئاساسىدا يارىتىلىدۇ. خاسلىق چەمبىرىكىنىڭ رەڭگى قانچىكى قېنىق بويالغان بولسا، چەمبىرەكنىڭ دائىرىسى شۇنچىكى كىچىكلىشىپ، شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا مەركەزلەشكەن شەخسىيىتى ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.

ئادەملەرنىڭ خاسلىق چەمبىرىكىنىڭ دائىرىسى قانچىكى چوڭ بولسا، چەمبىرەكنىڭ رەڭ سىزىقلىرى ئۆزلۈكىدىن سۇسلىشىپ قالىدۇ.

خاسلىق چەمبىرىكى بىر نەچچە مەقسەت سىزىقلىرى ئارقىلىق بۆلۈنگەنلەرنىڭ بولسا روھى ھاسىلاتلىرى ئۆز شەخسىيىتىدىن نەچچە باراۋەر ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، قاتلاممۇ قاتلام ئۇششاق چەمبىرەكلەر ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ كامالى ئادەمىيلىك نوپۇزى بىلەن كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان چوڭ — چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىدۇ.

بىر باي مەنىۋى دۇنيا ئوخشاشمىغان ھايات كوردىناتلىرىدا نۇرغۇن كىچىك مۇددىئالارنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھۆرمەتلىنىشكە ۋە ئۇلۇغلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ.

ئەمما، خاسلىق چەمبىرىكى قېنىقلاشقانسېرى كىچىكلەپ چېكىتكە ئايلىنىپ قالغان كىشىلەرنى گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتتىن يىراقلاپ كەتكەنلىكى بىلەن ئەيىبكە بۇيرۇشقا ئاجىزلىق قىلمىز.

كۆرۈنۈشتە باشقىلارنىڭ ئارزۇ — ئارمانلىرى ئۈچۈن ئىشلەپ، ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ غايىۋى ئىستەكلىرى ئۈچۈن پەلەمپەي ياساۋاتقانلارنىمۇ ئەيىب يامغۇرىدا يۇيۇپ ئەملىي ئىستەكتى بىلەن يۇيۇپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك تونى بولماستىن، ئۆز — ئۆزىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن سېلىنغان دەسمايىدىن ئىبارەت. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىنىڭ يىغىنچاقلانغان خاس كۆرۈنۈشى ئەمەس.

## دۇنيايىمدىن يىراقلاپ كەتمە

روھ ئاسمىنىمنىڭ ئەڭ ئېگىز قاتلاملىرىدا سېنىڭ تەپەككۇر قۇشلىرىڭنىڭ پەرۋازىنى كۈتىمەن.

يۈرەك قەسىرلىرىمدىن ئاداققى كۆزنەكلىرىگە تەپچىپ چىققان ئارزۇ — ئىستەكلىرىمنىڭ قەلب دەرۋازىلىرىڭنى چېكىپ تۇرۇشىنى ئىزدەيمەن.

ئۇھسىنىش تاراۋاتقان تىنىقلىرىمنىڭ سېنىڭ ئىچكى قۇلاقلىرىڭدا تەسىرات قوزغىشىنى، غېرىب قەدەملىرىمنىڭ ۋۇجۇد زېمىنىڭدا شاۋقۇن پەيدا قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىمەن.

ئەمما، قاچاندىن بېرى خاس كۆيلىرىمگە قۇلاق سالماس بولۇپ قالغانلىقىڭنى بىلمەيمەن.

ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ گۈلزارلىقىڭغا بېرىپ كېپىنەكلەر بىلەن دوست بولغۇم، كۆلچەكلىرىڭگە چۆمۈلۈپ بېلىقلىرىڭنى قوغلىغۇم، داللىرىڭدا بار ئاۋازىم بىلەن توۋلاپ روھىمنى چىنقىتۇرغۇم بار.

شامال بولۇپ ماڭلايلىرىڭنى تاراپ، پەشلىرىڭنى ئويناپ، مەڭزلىرىڭگە سۆيۈپ، ئاياقلىرىڭدىكى مانىلارنى ئۆچۈرسام، ھىدلىرىڭنى ئېلىپ كېتىپ گۈلزارلىقلىرىمنى ياشناتسام دەيمەن.

ئەپسۇس، سەن مېنىڭ قەلب دۇنيايىمدىن تولىمۇ — تولىمۇ يىراقلاپ، ئۆزۈمگە خاس شوخلىرىمنى چۈشەنمەس، كۆيلىرىمگە قۇلاق سالماس بولغىنىڭدىن بېرى ئازاب دەرياسىدا قايتىدىن چايقالماقتىمەن.

مەن ئارمانلىرىڭغا قارشى سىڭايان تۇرغان يالغۇز دەرەخ بولۇشنى، روھىيىتىڭنىڭ تەكلىپسىز خوجايىنىغا روبىرو تۇرۇشنى ياشاش مىزانىمغا مۇخالىپ بىلمەن.

ياق، دوستۇم، گۈزەل تارىخىمىزنىڭ گۈلگۈن بەتلىرىنى ئاۋايلاپ ۋاراقلا.

گىرىمىز رېئاللىقنىڭ مەردانە قوللىرى بىلەن قەلب دېرىزەمنى ئاچ.

ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك 1 — ئوتتۇرا مەكتەپتە

uyghurkitap.com





# كەل قەلبىم، پىچىرلىشايلى

تۇرسۇنئاي سۇلتان

## قەلبىمدىكى بوشلۇق

قەلبىمدە بىر بوشلۇق بار

قەلبىمدىكى بۇ بوشلۇققا يۇلتۇزلار لىققىدە تولغان، ئۇ يەردە نە تۈن قاراڭغۇسى، نە كۆڭۈل زۇلمىتى. بوشلۇقنىڭ گۈزەللىك ناخشىلىرى ئىككىمىزنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان. يۈرىكىمنىڭ پارچىسىنى مەن ئاۋايلاپ تىكىپ قويغان. ئۇندا قان رەڭگىدە قىزىل بەرگلەر ئېچىلغان، تۈن كەچمىشلىرى بۇ يەردە ۋىلىقلاپ كۈلگەن، نە دىل يارىسى ئۇندا قەتردلەر ئىللىق، تامام قۇرىغان.

قەلبىمدە بىر بوشلۇق بار.

بىر گۈلنىڭ خاتىرىسى دەل مۇشۇ يەردە باشلانغان. ئاخىرلاشماس قىسسەلەر سۆزلىنىپ مەغرۇر سېپىللار ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان. ئىڭىلەنگەن قۇۋۇق دەرۋازىسىنى سەرۋى بويلۇق چەۋەنداز قىز كۈچەپ چالغان. مىڭلىغان تۇياقلارنىڭ تېپىرلاشلىرىدا ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىدىن بەمالال كىرگىنى بىرلا بولغان. شۇندىن بېرى بۇ شەھەرنىڭ ئاسمىنىدا بىرلا ئاي تولغان. كېچىسىدىن ئايرىلغان يۇلتۇزلار چاراقلاپ يانغان...

قەلبىمدە بىر بوشلۇق بار.

ئۆزۈم سىغمىغان، ئۇ لىققىدە تولغان. ئىمكانىسىز ھاياتلىقىمنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئايىماي چاچقان. ئاھ پاكىز تۇيغۇلارغا تېخى بىر تالمۇ توزان قوندۇرمىغان. بار تېخى ئارمان، يېڭى - يېڭى قىسسەلەر توختىماي يېزىلىدىغان.

... ... ... ... ...

كىم بار، كىم بار تۇيۇقسىز چىققان بوراندا ئېزىقمىغان، قارا چۈشتە سىلكىنىپ يىغلىمىغان؟

قەلبىمدىكى بوشلۇقتا بار ھەممىسى. ئۇندا جەمگاھ مۇھەببەت - نەپرەت.

بىر ئەسىردىن بېرى ئۇندا ئۇدارسىز ساز قونۇپ قالغان. دېڭىز ياقىسىدىكى قىيادىن شىددەت ئۆرلىگەن بىر جۈپ چايكا تۇمشۇقلىرى قان، كۆزلىرى نەم دەل مۇشۇ يەردە غەۋغالارغا چېكىت ئۇرغان...

كەل، كۆر! ئاشۇ كۈنى ھېلىقى قىممەتلىك كەھرىۋا مارجان بىردىن ئۈزۈلۈپ چېچىلىپ كەتتى، شۇندىن بېرى بۇ بوشلۇق زادىلا تولۇپ باقمىدى.



# ئۇزىتىش

ئۇزىتىشلىرىمدا يېنىۋاتقان تىلەكلەرنى ساڭا ئۇچۇرۇشنى لايىق كۆرمىدىم. ياق، تىلەكلەرنىڭ قانىتى سۇنمىسۇن، ئۇنى ھال رەڭ خرۇستال شىشىگە سېلىپ ئۆز قولۇم بىلەن ساڭا تاپشۇراي!

شۇنداق، سېنى لەۋلىرىمنى قانىتىپ تۇرۇپ «خەير، ئامان بول!» دېگەن سۆزگە ئورىدىم. كۈچلۈك ئىنتىلىش باياۋىنىدا يالىڭاچلىنىپ ئوتقا چۈشۈۋاتقان قەلبىمنىڭ تارام - تارام ئېقىنلىرى، سەرگەردان بۇلاقلارنى قازدى. ئارمانىنىڭ بىر جۈپ ئاق كەپتىرى قونغان بىلەكلىرىمنى ھاۋاغا سوزدۇم. تورمۇزلانغان قەدەملىرىم مادارسىز رەت - رەت قۇچاقلىرىڭغا يېقىلغاندا بىقۇۋۇل ئەركىكە نالە قىلدىم. ئاھ، سېنى دەپ كەلگەنىدىم، سېنى دەپ كېتىۋاتىمەن. پايانى يوق بۇ يوقلۇققا سىڭىشىپ تۇرۇپ، تارام - تارام ياشلىرىمنىڭ كەلكۈنىگە ئىككى يۈرەكنى كۆمۈۋاتىمەن. نە توختاشقا كۈچ بولسۇن، نە باغرىمغا تەسەللى تولسۇن!

سېنى ئۇزاتتىمۇ مۇشۇ بىر قېتىم، مەن ئۇزۇتۇلۇشنىڭ بوسۇغىسىدا ئۆلىمەن سانسىز لېكىن.

ئەي، ياشلىرىمنى سۈرتمە، تاراملاۋاتقان ئايرىلىشنىڭ ئېقىنلىرىدا ئۈزمە!

قايرىلىپ - قايرىلىپ قاراپ كىمگە دېدۇق خەيرنى، قالغىنى جانسىز ئىسكىلىت. بىز تەنھا ئەمەسقۇ، بارلىقىمىزنى ئېلىپ كېتىپ.

خۇشاللىقلىرىمدىن ساڭا ئاسقاندىم گۈلچەمبىرەك، بىراق، گۈلچەمبىرەكلەر ئاشۇ كۆيلەر باغرىدا قېلىپ ئايرىلىش ھىجرانىدا بىزدە قاپتۇ سۇلغۇن چېچەك. يۈرەك قېنىمنىڭ رەڭگىدە بوياپ چىقتىم، سېنىڭ ھىدىڭدا پۇراپ چىقتىم. رىشتىلەرنى يەنە بىر رەت قايتا - قايتا ئۇلاپ چىقتىم. بۇ كېچە، تەنھالىقتىن مەست بولۇپ سېنى ئويلاپ چىقتىم.

«نەقەدەر مېھىر» دېدىم كۆلىدىغان كۆزلىرىڭگە كۆزلىرىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

«نەقەدەر ئاشىق» دېدىم، قارا مەڭدەك جۇلالانغان كېچىلەرنى ھەسەتتە قالدۇرۇپ.

كىمنى ئۇزاتتۇق، كىمنى كۈتىمىز؟

ياق ئۇزىتىلدى تۈنۈگۈن، ئۇزىتىلغان تۈنۈگۈننىڭ باغرىدىكى مۇھەببەت سانسىز بۈگۈنلەر قوينىدا كۆلىدۇ ئەبەد.

تەن قەپىزىدىكى ھاياتىم مەڭگۈ ھىجرانلىق ئۇزىتىلىش، زارىقىپ كۈتۈشلەر ئىچىدىلا كۆكلەيدۇ پەقەت. مەيلى، مەيلى جىنىم. سەن دېگىن كىمنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدىم مەن دەپ، مەن ئېيتاي سەن بار يەردە مەن، مەن بار يەردە سەن دەپ. پىچىرلاشلاردىن سىلكىنىپ كەتكەن ھىجران تورۇكلاپ چۈشۈۋاتقان سېغىنىش ياشلىرىدا يۇيۇنۇپ يالىڭاچلانسۇن، ئۇنىڭ يالىڭاچ تېنىگە يۆلەنگەن بىز ئەكسىمىزدىن ھۇزۇرلانايلى!

ئادەمىيلىك چېكى سىزىلغان ئاشۇ غۇۋا رەسىمگە قونغان چاڭ - توزانلارنى سۈرتۈۋەت، مەن ئۇنىڭدىن بۆسۈپ چىقىپ ساڭا يۈزلىنەي!

مېنى ئۇزاتتىڭمۇ؟ ياق ... ساڭا يېقىنلىشىۋاتىمەن.

سېنى ئۇزاتتىمۇ؟ ياق ... باغرىمغا يېقىنلىۋاتىسەن.

ئاھ، توختاپ قالغان ئاشۇ ۋاقىتتا، بىز ئاشۇ بېكەتتە، مەڭگۈ بىر - بىرىمىزنىڭ سايىسىنى ئۇزىتىپ ئۆزىنى ئېلىپ قالغۇچىلارىمىز.



## سۆيۈملۈكۈم سېنى سېغىندىم

سۆيۈملۈكۈم سېنى سېغىندىم.

ساڭا بولغان چەكسىز سېغىنىشلارغا شادلىق دەپ ئىسىم قويدۇم. چۈنكى سېغىنىش پۈتۈلگەن ھەر بىر لىپپاھنىڭ رەڭگىدىن قىزىل گۈللەرنىڭ خۇش نەپەسلىرى تارقايدۇ. ھېس قىلدىمكى، قانچىكى يىراقلارغا كەتسەك شۇنچە ماڭا يېقىنلايدىكەنسەن. شۇڭا خاتىرجەم ھالدا سېنى سېغىنىشلىرىمنى سەنسىز كۈنلەرگە تاج قىلىپ تاقىدىم،

جۇلالىق كۈندۈزلىرىمنىڭ لەۋلىرىدە سېنى سۆيۈپ، هىجرانلىق كېچىلىرىمنىڭ يۇلتۇزلىرىغا سېنى ئېسىپ خانەمنى يورۇتماقتىمەن.

قاراڭغۇنىڭ سۈكۈتلىرىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. چېچىمنى بىر تالدىن چۇۋۇپ ئولتۇرۇپ ھەر بىر تال چېچىمغا ئىسمىڭنى يېزىپ چىقتىم. سەنسىز كېچىلىرىمدە بىر تال چېچىمدىكى مىڭ ئىسمىڭدا ئۆزۈمنى ئاسمەن، شۇ ھالدا ئەڭ ئاخىرقى چېچىمدىكى ئاخىرقى ئىسمىڭدا ئېسىلىپ تۇرغانچە تاڭ يورۇيدۇ ــ دە، ھالسىز تېنىمنى شەپەقلەر بىلەن بويالغان سەھەرنىڭ كۆلگۈن قۇچاقلىرىغا تاشلايمەن.

سۆيۈملۈكۈم سېنى سېغىندىم.

بۇ سېغىنىشنىڭ چېكى بارمۇ دەپ سورىدىڭ مەندىن. چېكى بار، چەكلىك ھاياتىمىز چەكسىزلىككە ئىگە بولغان كۈنى دېدىم جاۋابەن.

چەكسىزلىككە قاراپ يېقىنلىشىۋاتقان ھاياتىمنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىرىدىن سېغىنىشنىڭ ئىڭرىغان نالىسى تاراپ مەن ۋە سەندىكى تۇيغۇلارنى جەزبىدار قىلماقتا. كۈتۈشنىڭ سائەتلىرىدە پۇلاڭلاۋاتقان جېنىمنىڭ تېپىرلاشلىرى نىگاھىڭدا قۇل ئىدى. سېغىنىشلىرىمدىن تارىلىۋاتقان ئەسەبىي شادلىقلارغا جېنىمنى قاداپ ئولتۇرۇپ تامشىماقتىمەن بارچە لەززەتنى.

بولمىسا سېغىنىش بۇ لەززەت نەدە بولسۇن؟
بولمىسا سېغىنىش بۇ شادلىق نەدە بولسۇن؟
سەندىن ئالغان سېغىنىشتا ساڭا سۆيۈش يوللىماقتىمەن.
سۆيۈملۈكۈم، سېنى سېغىندىم.

بەللە بولغاندىكى شېرىنلىكلەرنى ئۇنتۇيمەن سېنى سېغىنىش ئۈچۈن.

قۇشلار سايراپ ھېرىپ قالغان كۈنى مۇڭغا ئايلىنىمەن سېنى سېغىنىش ئۈچۈن.

جېنىم، يوللىرىڭغا زارىققان شۇ سەھەرلەرنىڭ لېۋىگە قولۇمنى سۇنماقتىمەن. ئال، مېنى باغرىڭغا! تاشلاپ كەتكەن كۈنلىرىڭنىڭ قىساسى ئۈچۈن هىجراننى پارچىلاپ چېچىۋەت يوللارغا ...

ئۇنۇپ چىققان كۆكلەردە ۋىسال، پۇراقلىرىدا يەنە سېغىنىش.

بىر ئوت بار كۆيمەسلىككە ھېچ ئىلاجىم يوق،
بىر كۆي بار ئۇندا سېغىنىش لىممۇلىق تولۇق.

شۇنداق، رەڭدىنگەن يوللىرىمنىڭ قارارگاھى سېنىڭ باغرىڭ. باھار شامىللىرىغا ئورالغان ناخشىلىرىمدا مەست بولدۇڭ، كەلگىنە، سېنى سېغىندىم.

سۆيۈملۈكۈم سېنى سېغىندىم شۇ تاپ، بىر سۆيۈشتە قانمىغان كۆزلىرىمدە،
بۇ چاڭقاشتا ھارمىغان يۈرىكىمدە يەنە سېغىندىم.

## تۇيغۇ گۈللىرى

پۈتكۈل ھاياتىمنى يېزىپ چىققان بۇ كۈنلەرنىڭ ۋاراقلىرىغا ئوت قويدۇم. ھەممە نەرسىنىڭ ئىككى يۈزىدىكى بالقىپ تۇرغان خۇشاللىق ۋە ئازابلارنىڭ چارىسىز تۇرقىنى سىزىپ توشقۇزۇۋەتكەن ئاق ۋاراقلارنى لەگلەك قىلىپ ئويناشقا باشلىدىم. بىپايان تۇيغۇ ئالىمىگە تەڭكەش بولغۇدەك كۆي ناۋا تېخى تۇغۇلغىنى يوقمۇ؟ ئۆزۈمنى شۇ قەدەر بەختلىك سەزدىمكى روھىيىتىمدىكى بارچە يۈكلەر غۇلاپ چۈشكەن شۇ مىنۇتنىڭ شادلىقىدا كۆزلىرىم كور، تىللىرىم گاچا بولغۇدەك ھاياجان.

ئەي مەنىلەرنىڭ سېھرىگە بوغۇلغان تۇيغۇ، ئالىمىڭ نەقەدەر گۈزەل ...

گۈل بەرگىنىڭ نازۇك تۇرقىنى ئەينەن سىزىپ چىقالىغان ئاشۇ ئۇپۇقلىرىڭدە جان تەسلىم قىلاي، ماڭا پۇرسەت بەر!

باھار كەپتۇ ...

بۈگۈن باھارنى يەنە ھېس قىلدىم. ئاپرىلنىڭ سەككىزىگە ئېسىلىپ ئۈچۈۋاتقان خەتلەرنى ئاپپاق پىتى كېچەلەرنىڭ رەڭگىدە بوياپ يۇشۇرۇپ قويدۇم. كۆلۈمسىرەشلەرگە تولغان لەۋلەردىكى بەخت تەبەسسۇملىرىنى تارتۇۋېلىشقا كىمنىڭ ھەددى؟!

مەن پىنھاندىكى تۇيغۇلارغا چېكىلگەن گۈللەرنى چىرايلىق قىلىپ تىزىپ دېرىزەمگە قويدۇم. خۇشپۇرىقىدا بىھۇش كۆڭۈللەر دەردىنى سۆزلەشكە باشلىدى. دېرىزەم تۈۋىدە تەلمۈرۈپ چۇڭقۇلداۋاتقان قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلاشلىرىدا نېمە باردۇر؟ ئۇنىڭ كىمنىڭدۇر كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرىدە نەمخۇش بىر تۇيغۇ ... ھەي جان، سەن نېمىگە ئارامسىزلىنىسەن!؟

چېچەكلىگەن تۇيغۇلاردا باھار،
كۈلگەن تۇيغۇلاردا ئۆزۈلمەس سىمفونىيە
تۇيغۇ گۈللىرىدە داۋاملاشقان ھايات.

تۇيغۇ دەرىخىمنىڭ ئەڭ ئۈچىدا ئاپتاپسىنىپ ياتتىم. بەختىمگە كۆزى قىزارغان قۇياش قىپقىزىل شەپەقلىرىدە ئوت بولغىنىچە تاغ كەينىگە يوشۇرۇندى.

ئاپتور: غۇلجا توققۇزتارا ناھىيە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەركىزىدە



# يازغۇچىلىقنىڭ ھەقىقىي ئەجرى يەردە قالمايدۇ

ئابدۇرەئۇپ نىياز داموللام

يېزىقچىلىقنى ھەرگىزمۇ ئاددىي ئىش دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، مەنىۋىيىتىنى ئۇيغىتىپلا قالماي، يەنە شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ئۆتكەندە بىر توي چېيىدا مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ گېپى چىقىپ قېلىۋىدى، ئارىدىن بىرەيلەن تولۇمدىن توقماق چىققاندەكلا: «يازغۇچى، شائىر دېگەنلەر ھېكايە توقۇپ جان باقىدىغانلار، ئۇلارنىڭ كىتابىغا يېزىپ قويغان قۇرۇق گەپلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ» دېدى. مەن ئۇ كىشى بىلەن ئانچە



## تېرەك تۈۋىدىكى پاراڭلار

تونۇشمىسام‌مۇ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولۇش سۈپىتىم بىلەن يۈرەك قېنىنى ۋە پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىپ، كېچىلەرنى بىدار ئۆتكۈزۈپ، ھېرىپ چارچىغىنىغا قارىماي، ئەڭ زور تىرىشچانلىقى بىلەن خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلىۋاتقان يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ھاقارەتلەپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت ئەمگەكلىرىنىڭ شېرىن مېۋىلىرىنى ئىنكار قىلىپ دېيىلگەن بۇ تۆھمەت گەپ غورۇرۇمغا قاتتىق تەگدى. غەزەپلەنگەنلىكىم ئۈچۈن ھېلىقى كىشىلەرگە رەددىيە بېرەي دەپ تۇرسام، ئارىمىزدىكى بىرەيلەن مەندىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ: «ئۇنداق دېسەك قەتئىي بولمايدۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ئاشۇ يازغۇچى - شائىرلارنىڭ يازمىلىرى ئارقىلىق ساقلىنىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ قالىدۇ. ماقالە - ئەسەر يېزىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلى-

دۇرماق، كىتاب چىقارماق ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس»
دەپ رەددىيە بەردى. بۇ قىسقا، ئەمما ئورۇنلۇق ئېيتىلـ
غان سۆز يازغۇچى، شائىرلىرىمىزغا بېرىلگەن ئادىل باھا
بولۇپ، مېنىڭمۇ يۈرەك سۆزلىرىم ئىدى. ھەر ھالدا ئاـ
رىمىزدا ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكى بار، مەرىپەتـ
پەرۋەر، ئىلغار ئىدىيەلىك كىشىلەر بولغاچقا، كۆپچىلىك
ئالدىنقى ئادەمنىڭ «ھاقارەتلىك تۆھمەت» گەپلىرىنى
ئەيىبلەپ، كېيىنكى ئادەمنىڭ ھەققەتنى ياقلايدىغان، ئىـ
لىم ـ مەرىپەت ئەھلىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ھەققانىي
سۆزلىرىنى بىردەك قۇۋۋەتلىدۇق. نەتىجىدە ھېلىقى مەـ
مەدان، ۋالاقتەككۇر كىشىنىڭ بىمەنە گەپلىرى قارشى ئېـ
لىنماي، ئەيىبلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ
قېلىپ، سالپىيىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. كېيىن بۇ
كىشىنىڭ كوچا ياقىسىدىكى قارتۋازلار سورۇنىدا ئەتىدىن
كەچكىچە ئۆمرىنى بىھۇدە، مەنىسىز ئۆتكۈزىدىغان بىر
قارا قورساق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇلۇغ بوۋىمىز
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شاھانە
ئەسىرىدە: «زېمىننى سەل باسسا تەرەپ ـ تەرەپتە، ئىـ
شەكنىڭ ئىشدۇر يېمەك ھەلەپتە» دېيىلگىنىدەك، جەمئىـ
يەتتە يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزغا ئوخشاش ئىلىم ـ مەرىـ
پەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدىغان، ئىلىم ئەھلىنىڭ
قەدرىگە يەتمەيدىغان كىشىلەرمۇ بار. جەمئىيىتىمىزنىڭ
مەنىۋى تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان بۇنداق
قاششاقلىق ۋە نادانلىقنى، زەئىپ، پاسسىپ ئىدىيەنى
روھىيىتىمىزدىن سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك. بىز يەنە:
«لەيلىنى بىلەي دېسەڭ، مەجنۇننىڭ كۆزى بىلەن قارا»
دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئەسكە ئالغىنىمىزدا، «دەرۋەقە
گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىسا نېمە پايدا» دېگەندەك،
ئىلىم ئەھلىنى ئىلىم ئەھلى تونۇيدىغانلىقىنى، بەزى بىـ
لىمسىز، جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن بىخەۋەر كىشىلەرنىڭ تو-
نۇيالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. چۈنكى، ئۇنداق
كىشىلەر كىتاب ۋە گېزىت ـ ژۇرنال، ماتېرىيال كۆرمەيـ
دۇ، ئۆگەنمەيدۇ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە قىزىقمايدۇ. «ئاش
يەپ، قاچا بىكارلاپ، يول مېڭىپ، كوچا چىڭداپ»لا يۈـ
رىدۇ، پەقەت كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا ياشايدۇ. نام ـ
نىشانسىز، مەقسەت ـ مەنىسىز ياشايدىغان بۇنداق كىشىـ
لەردىن ئاغرىنىپ يۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بۇ خۇددى
قاغىنىڭ بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ياقتۇرمىغىنىدەكلا بىر ئىش!
مەن بۇ يەردە يازغۇچى، شائىرلارنى خۇددى ئەۋلىيادەك
ئەيىب ـ نۇقسانسىز، كەمچىلىك ـ خاتالىقتىن خالىي كىـ
شىلەر دېمەكچى ئەمەسمەن. خۇددى «كىشىلەرنىڭ ئىچـ
دىكى ياخشىلىرى مولللاردۇر ۋە يامىنىمۇ مولللاردۇر»
دېيىلگىنىدەك، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئايرىم پەزىلىتىدە
بەزى ئەيىب ـ كەملىكلەر، بىر قىسىم يازمىلىرىدا نۇقـ
سانلار مەۋجۇت. خام سۈت ئەمگەن ئىنسان تەبىئىتى
نۇقتىسىدىن ئەمەلىي باھا بەرگەندە، دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ
ئارىسىدىمۇ ياخشىلىرىمۇ بار، يامانلىرىمۇ بار. بىراق،
ئومۇملۇققا نەزەر سالغىنىمىزدا، يەنىلا ياخشىلىرى كۆپ.
شۇنداق بولغاچقىلا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمىز بىر
ئىزدا توختاپ قالماي، يۇقىرى پەللىگە قاراپ
راۋاجلانماقتا. بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت.
بۇ يەردە شۇنىمۇ قەيت قىلىش زۆرۈركى، يېقىنقى يىللارـ
دىن بۇيان ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان يازـ
مىلار ھەققىدە ئوبزورلار ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ، باھالار بېـ
رىلىۋاتىدۇ، ئىلمىي مۇنازىرىلەر بولۇۋاتىدۇ. قىسمەن
شەخسىي غەرەزنى چىقىش قىلغان چۆكۈرۈش ۋە ئۇسۇشـ
كەكلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇنى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان
ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئىجابىي
چوڭ ھادىسە دېمەي تۇرالمايمىز. ھەقىقەتەن تۇزسىز تاـ
ماقنىڭ تەمى بولمىغىنىدەك، ئوبزور بولمىسا، تۈرلۈك
ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭمۇ تەمى بولماي قالىدۇ. يازغۇـ
چى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىگە تەم كىرگۈزۈش ۋە
يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇشقا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى
تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان «شىنجاڭ يازغۇچىلىرى» ناملىق
ژۇرنالنىڭ يېقىندىن بۇيان «شىنجاڭ ئەدەبىي ئوبزورچىـ
لىقى» دېگەن نام بىلەن چىقىرىلغانلىقى بۇ ياخشى يۈزلىـ
نىشنىڭ تىپىك دەلىلى، ئەلۋەتتە. داڭلىق يازغۇچى مىرزاـ
ھىد كېرىمى ئەينى ۋاقىتتا «تەنقىدنى مېنىڭدىن
باشلاڭلار» دەپ دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك،
مەنىمۇ كەسىپداشلىرىمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مېنىڭ يازمىلىـ
رىم ھەققىدىمۇ غەرەزسىز ئىلمىي تەنقىد بېرىشىنى قىزغىن
قارشى ئالىمەن. يازمىلىرىمنى ھېچقاچان كەم ـ كۈتىسىز
دەپ ئېيتالمايمەن. چۈنكى سەممىي تەنقىدنىڭ نۇقـ
سانلارنى تۈزىتىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە پايدىسى زور،
ئەلۋەتتە. بۇنى ھەم يولداشلارنىڭ ماڭا كۆيۈنۈپ كۆڭۈل
بۆلگەنلىكى، خالىس ياردەم قىلغانلىقى دەپ قارايمەن.
بەزىلەر ھەقىقەتەن ماختاشنى ۋە ماختىنىشنىلا ياخشى كۆـ
رىدۇ. بۇنداق جان بېقىپ كۈن ئېلىمچىلىق قىلىش ئاۋاـ
رىچىلىقى يوق ئاسان ئىش بولغىنى بىلەن، بىراق،
ۋىجدان تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچىسەك، مۇنداق پەقەتلا
ياخشىچاقلىق يولىغا كىرىۋېلىش ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتـ
قاندا، سېپى ئۆزىدىن پەسكەشلىكتۇر. بۇنىڭدىكى سەـ



ۋەب، ياخشىچاقلىقنى جاھاندارچىلىق يولى قىلىۋالغان ئاز ساندىكى كىشىلەردە، ھەق بىلەن ناھەقنى، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىشتىكى مۇھەببەت – نەپرەتنىڭ ئېنىق بولمىغانلىقى، ئادەمىيلىك ئېڭىنىڭ تۆۋەن، پرىنسىپال ھالقىلىق مەسىلىلەردىكى مەيدانىنىڭ ئېنىق ۋە دۇرۇس بولمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى پىكرنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمدىكى سەۋەب ھەرگىز قارا – قويۇق بىر تەرەپلىمە ھالدا تەنقىدلەش، غەرەزلىك ھالدا بىر كالتەك بىلەنلا دۇمبالاپ، نابۇت قىلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ياردەم بېرىش، ئىناق، ئىتتىپاق ياخشى كەيپىيات ئاساسىدا ھەمكارلىشىپ، «ھەممە بەس – بەستە سايراش، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش»تىن ئىبارەت پارتىيەمىزنىڭ ئەدەبىيات – سەنئەت فاڭجېندا چىڭ تۇرۇشنى ئومۇملۇق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، زامانىۋى ئىلغار مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش پرىنسىپىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ئىجادىيەت ئوتتەك قىزغىنلىقنى، ئىزچىللىقنى، جاپاغا چىداملىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەبىئىيكى، ھۆرمەت، نام – مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغانلار ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە ھەرگىزمۇ ئېچكىرىلەپ كىرەلمەيدۇ. ئالايلۇق، ئاتاقلىق رەھبىرىمىز ۋە يازغۇچى سەيپىدىن ئەزىزى، شائىر تېيىپجان ئېلىيوفلار ئەينى ۋاقىتتا ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، ئۇلار يازمىلىرىنى تەھرىرلەرگە سۇنغاندا «بۇ يازمىلىرىم تەلەپكە لايىق ياخشى چىققان بولسا ئېلان قىلساڭلار بولىدۇ، ناۋادا ياخشى چىقمىغان بولسا، مېنى يېزىپتۇ دەپ يۈز – خاتىرە قىلماي ئېلان قىلىۋەتسەڭلار بولمايدۇ» دېگەننى كۆپ قېتىم جېكىلىگەن. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بۇ سەممىي پوزىتسىيەسى كىشىنى ئويغا سېلىپ تەسىرلەندۈرىدۇ. بەزى قەلەمكەشلىرىمىز بىر مەھەل ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن غىپپىدە غايىب بولدى، ئۇلار يەنە داۋاملىق يېزىشنى خالىمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى سورالغاندا ئۇلار: «مېڭىمىزنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ، يۈرەك قېنىمىز بىلەن يازغان ئەسەرلىرىمىزنى تەھرىر بۆلۈملىرىگە سۇنساق، بەزىسىنى ئېلان قىلسا، يەنە بەزىسىنى ئېلان قىلمايدىكەن، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ جاپادا يازغان مېھنەت – ئەجرىمىز بىكارغا كېتىپ بەربات بولىدىكەن، ئۇنداق ئاۋارە بولۇپ ئازغىنە قەلەم ھەققى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى چارچىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دېگەندەك جاۋابلارنى بېرىشىدۇ. مېنىڭچە ھەر قانداق بىر تەھرىر ياخشى ئەسەرنى ئېتىبارسىز قالدۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئۆزى ئەجىر قىلىۋاتقان ئاشۇ ژۇرنالنىڭ سۈپەتلىك، ياخشى چىقىشىنى ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئالدىغا كەلگەن ھەر بىر پارچە ئەسەرنى چالا – بۇلا كۆرۈپلا قارا – قويۇق ئېلان قىلغۇرمەيدۇ. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مېنىڭ بەزى ئەسەرلىرىم مەركىزىي ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. مەن ئۇ يەردىكى تەھرىرلەر بىلەن ئىلگىرى تونۇش ئەمەس ئىدىم. ئۇلار مېنى ئەسەرلىرىم ئارقىلىق تونۇدى، يىراقتا تۇرۇپ يېتەكلىدى. بەزى ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىنمىسا يېرىم بولمىدىم ھەم ئۈمىدسىزلەنمەي يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تۈزىتىپ ياخشى يېزىشقا تىرىشتىم، كېيىن يەنە ئېلان قىلىندى. مەن يېقىندا «شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئەدەبىيات ھەققىدە ھېكايە» دېگەن كىتابنى باشتىن – ئاياغ ئوقۇپ چىقتىم. بۇ كىتابتا دېيىلىشىچە، بەزى چەتئەللىك مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، ھەتتا ئاشۇ يازما ئەسەرلىرى سەۋەبلىك سۈرگۈن بولۇپ، زىندانغا تاشلىنىپ تەقىپ قىلىنغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كېيىن بۇ ئەسەرلەر ئېتىبارغا ئېلىنىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ھەر قايسى مىللەت تىللىرىدا قايتا – قايتا نەشر قىلىنىپ، دۇنياغا تونۇلغان ھەتتا بىر قىسىملىرىنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغانلىقىدەك باياناتلار مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. شۇنداق، كۈننىڭ نۇرىنى ئېتەكتە توسقىلى بولمىغىنىدەك، ھەقىقەت دېگەن بەربىر ھەقىقەت. كۈن نۇرى بۇلۇتنى يېرىپ ئۆتۈپ يورۇقلۇق بەرگەندەك، ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىز ۋە سۆيۈملۈك ئەجدادلىرىمىزدىن مەھمۇت كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋائىي، موللا موسا سايرامى، نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى، تېيىپجان ئېلىيوف، ئۆتكۈر ئەپەندىمدەك ئەللامە، ئالىملىرىمىز تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالدى ھەم خەلقى ئالەمنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. مەن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى مەرھۇم مائارىپشۇناس ۋە ئاتاقلىق يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ ئەپەندىم يازغان «چالا تەگكەن ئوق» ناملىق رومانىنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولسامۇ، تېخى بۇ كىتابنى ئوقۇپ كۆرمىگەن ئىدىم. ئاشۇ كۈنلەردە ئاز – تولا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تونۇشۇم: «ئوقۇپ كۆرسەم «چالا تەگكەن ئوق» ھەرگىزمۇ رومانغا ئوخشىماپتۇ، تۈزۈكرەك يازالماپتۇ...» دېگەن گەپنى قىلدى. مەن بۇ تونۇشۇمنىڭ ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، باشقىلارنى يارىتالماي قۇسۇر ئىزدەيدىغان كۆرەڭ، ئۆزگە تەمەننا

قويىدىغان خاراكتېرىنى ئوبدان بىلەتتىم. شۇنداق بولغاچقا، راست شۇنداقمىدۇ دەپ ئويلاپ، بۇ رومانىنى تېپىپ باشتىن - ئاخىر ئوقۇپ كۆرۈپ، بۇ رومانىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ياخشى يېزىلغانلىقىنى بايقىدىم ھەم باشقا ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ بۇ رومانغا شۇنداق ياخشى باھا بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياخشى يېزىلغان ھەر قانداق بىر ئەسەر بىرەر يېرىم كىشىنىڭ ۋە ياكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چۆكۈرۈپ ئىنكار قىلىشى بىلەن ھەرگىزمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ، ھامان ياخشى باھاغا ئېرىشىدۇ. مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر يازغان «سالچىلار» رومانى ئېلان قىلىنغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رومان ئىنتايىن قىزغىن بەس - مۇنازىرە قوزغاپ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشى ئاخباراتچىلىقىمىزدىكى نازارەتچىلىك بىلەن دېموكراتىيەنىڭ مۇھىملىقىنى نامايەن قىلدى. بەزى ئوبزورچىلىرىمىز بۇ روماندىن نۇرغۇن خاتا نۇقسانلارنى پاكىتلىق ھالدا شەرھلەپ ئوتتۇرىغا قويسا، يەنە بەزىلەر «بۇ رومان ئېلى رايونى خەلقىنى ئاساس قىلغان سالچىلارنىڭ تارىخىي ئىزنالىرىدىن، ھايات كەچۈرمىشلىرىدىن قىممەتلىك ئۇچۇر بېرەلىگەن ئېسىل رومان» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ يۇقىرى باھا بەردى. ئوپېراتسىيەگە چۈشكەن «سالچىلار» رومانىغا دەسلەپتە خاتالىقلىرىنى دادىللىق بىلەن كۆرسىتىپ يېزىلغان ئوبزور ماقالىلىرىنى كۆرگەن بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر: «پاھ ھوي! بۇ رومانىنىڭ پاختىسىنى ئېتىپ تىتما - كاتاك قىلىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ، ئاپتور قانداقمۇ قىلار؟» دەپ ئىزتىراپ چېكىشكەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى» پىروگراممىسىدا ئاپتور مەمتىمىن ھوشۇر بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەت پىروگراممىسىغا دىققەت بىلەن كۆز تىكىكىنىمىزدە، باشقىلارنىڭ «سالچىلار» رومانىغا بەرگەن ھەر خىل باھالىرىغا، بولۇپمۇ خاتالىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن تەنقىدىي پىكىرلەرگە ئاپتورنىڭ ئەستايىدىللىق، كۆتۈرۈشلۈك ھالدا سەۋر قىلىپ، تەمكىنلىك بىلەن ئاڭلىق پوزىتسىيەدە بولغانلىقىنى كۆردۇق. ئاشۇ قىزغىن تالاش - تارتىشلار بۇ رومانىنىڭ نوپۇزىنى ۋە سورتىنى چۈشۈرۈۋەتمەيلا قالماي، بەلكى ئۈستۈرۈشكە سەۋەب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ رومانىنىڭ نامى تارىلىپ ئوقۇپ باقماقچى بولغانلار كۆپەيدى. يەنە تېخى بۇ رومان ئاخىرقى ھېسابتا مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشتى. دېمەك، باشقىلارنىڭ بۇ رومانغا بەرگەن ئوخشىمىغان باھادىكى پىكىرلىرىگە نىسبەتەن، ئاپتور نارازى بولغاندىن كۆرە، تەشەككۈر ئېيتسا ياخشى بولغىدەك دەپ ئويلىدىم. تەنقىدىي ئوبزورچىلارمۇ ئاشۇنداق يىرىك ئەسەرلەرنى باشتىن - ئاياغ ئىنچىكىلىك بىلەن قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ كۆرۈپ، سەزگۈر، سىنچى كۆزلىرى بىلەن سەۋەنلىكلەرنى تېپىپ چىقالايدۇ ھەم ئاپتورغا ياخشىچاق بولۇشنى ئويلىماي، ياخشى نىيەت بىلەن ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قەدىمىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈشى ئۈچۈن دادىل پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئۆچ ئېلىش، زىددىيەتلىشىش ھەققىي قەلەمكەش، ئەدەبىيات ئاشنالىرىنىڭ ۋە ئوبزورچىلارنىڭ ئاخىرقى مۇددىئاسى ئەمەس، ئوخشاشلا ئاپتورلاردىكى مەقسەتمۇ ھەم شۇنداق. بۇنداق روھ ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن پىشاڭلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىياتىمىز دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتىن ئىبارەت ئاكتىپ ئىدىيەنى تارقىتىش يۆنىلىشى بويىچە گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن بىز ئاپتورلار بىلەن ئوبزورچىلارنىڭ بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىلىق بىلەن سۇدەك بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۆز ئارا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئورنىنى تونۇپ يېتىمىز. شۇڭا تۈز كۆڭۈل، سەممىي نىيەت بىلەن بىر - بىرىنى قوللاۋاتقان، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، كېچىنى بىدار ئۆتكۈزۈپ، ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي جاپاغا چىداپ، ئەڭ زور ئىرىشچانلىقى بىلەن خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلىۋاتقان مۇھەررىرلىرىمىزگە، ئاپتورلىرىمىزغا، ئوبزورچىلىرىمىزغا قانچە كۆپ تەشەككۈر، ئاپىرىن ئېيتساقمۇ ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت يۇقىرى سەۋىيەدىكى يېزىقچىلىق ماھارىتى تەلەپ قىلىپلا قالماي، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە جاپالىق ئىلمىي ئەمگەك ئارقىلىق سەرخىل مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىجاد قىلىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئىنچىكە ھەم شەرەپلىك خىزمەت. بۇ ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئۇنداق ئوڭاي، يەڭگىل ئىش ئەمەس. شۇڭا، بۇ سەپتىكى ئىجاتكارلىرىمىزنى قەدىرلىشىمىز، يازغۇچىنىڭ ھەققىي ئەجىر - مېھنىتىنىڭ ھەرگىزمۇ يەردە قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز؛ ئۈمىدۋارلىق ھەم ئىزچىللىق بىلەن داۋاملىق يېڭى نەتىجە يارىتىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

ئاپتور: كۇچا ناھىيە كونا شەھەر كوچىئېرىق ئاھالىلەر رايونىدا





# قەسرايت قەمەچلرى

نەسردىن هاپىز

## كىشى قىممىتى بىلەن قەدىرلىكتۇر

قايسى بىر مۇتەپەككۇرنىڭ «ئادەمنىڭ پۇلسىز،
ئۆيسىز، يەر ـ مۈلۈكسىز قالغىنى ئېچىنىشلىق ئەمەس —
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئەمەس، ئىنسانىنىڭ
ھەقىقىي مۈلكى بولغان — ئىنسان قەدىر ـ قىممىتىنى
يوقىتىش ئەڭ ئېچىنىشلىقتۇر» دېگىنىدەك، ھەقىقەتەنمۇ
ئادەم قىممىتى بىلەن قەدىرلىكتۇر، قىممىتى بىلەن ئىز-
زەتلىكتۇر. «قەدىر ـ قىممەت ئىنساننى ئەڭ يۈكسەك-
لىككە كۆتۈرىدىغان، ئۇنىڭ پائالىيىتىگە، پۈتۈن ئىنتىلىش-
لىرىگە ئالىيجانابلىق بېغىشلايدىغان نەرسە» (ماركس)
شۇڭا ئادەم ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ھېس قىلىشى،
نامايان قىلىشى، جۈملىدىن ئۇنى ئۆزىنىڭ تۈرلۈك پائالى-
يەتلىرى داۋامىدا مۇناسىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇشى
لازىمدۇر. ئادەمنىڭ قىممىتى ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى-
غا باغلىق بولغان ئەمەس. ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيەلىك ئېھ-
تىياجىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەخسىي ئېھتىياجلىرىنى قاند-
ۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرىدا بەلگىلىك قىممەت
ئىپادىلەنسىمۇ، ھەقىقىي، ماھىيەتلىك قىممىتى ئىپادىلىنىشى
ناتايىن. كىشىدە باشقىلار ئۈچۈن نوقۇل شەخسىيەتچىلىك-
تىن خالىي، ئالىيجانابلىق بېغىشلاش روھى بولغاندىلا،
ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئەمگىكى ھەقىقىي قىممەتكە
نائىل بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، مۇئەييەن-
لەشتۈرۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئەمگەك ۋە خىزمەت ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى. پۇرسەتنى
قولدىن بەرمەي تىرىشقاندىلا، گۈزەل تۇرمۇشقا مۇس-
تەھكەم ئاساس سالغىلى بولىدۇ. ئەگەر سىز خىزمىتىڭىز-
دىن زارلانسىڭىز، دائىم ئاغرىنىپلا يۈرسىڭىز، خىزمىتى-
ڭىزدە ھېچقانداق ئۇتۇققا ئېرىشەلمەيسىز. بۇنداق خىز-
مەت پەقەت سىزنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭىزدىكى ۋاستە
بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن ئۆزگە مەنىسى بولمايدۇ.
مەنىسىز خىزمەتتە سىز قانداقمۇ ئۆز قىممىتىڭىزنى يارى-
تالايسىز؟ ئۆزىڭىز جان كۆيدۈرمىگەن، ئۆزىڭىز سۆيمە-
گەن، ئۆزىڭىز چىن دىلىڭىزدىن ئەجىر قىلمىغان، ئۆزىڭىز
قىلىۋاتقان ئىشقا نىسبەتەن ئاڭلىق رەۋىشتىكى مەسئۇلى-
يەت، بۇرچ ئېڭىڭىز سىڭمىگەن بولسا، قىلىۋاتقان ئىشى-
ڭىز ئۆزىڭىزنى سۆيۈندۈرمىگەن بولسا، ئۇ ئىشنىڭ نېمە
ئەھمىيىتى بولسۇن؟

ئادەم ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا، ئالدى بىلەن شۇ
ئىش ئارقىلىق باشقىلارغا قانچىلىك مەنپەئەت يەتكۈزە-

www.uyghurkitap.com

لەيدىغانلىقىنى، قانچىلىك قىممەت يارىتالايدىغانلىقىنى،
باشقىلارغا قانچىلىك خۇشاللىق ۋە بەخت ئېلىپ كېلەلەيـ
دىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈشى زۆرۈر. مانا بۇ ھەقىقىي ئا-
دەمىيلىك شەرتلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا،
جاپادىن قېچىپ ئۆزىنىلا ئويلىسا، بۇ خىلدىكى ئادەملەر-
نىڭ تەبىئىيتىدە ھايۋانىي ئېلېمېنتلار كۆپىيىپ كەتكەن
بولىدۇ. بۇنداق ئادەمدىن كىشىگە ياخشىلىق، ۋاپا كەل-
مەيدۇ. ئاخىر ئۆزىمۇ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ.

ھېكايەت: ئىككى ئات ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ھار-
ۋىنى سۆرەپ، يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئالدىدىكى ئات
تەكشى، سىلىق مېڭىپتۇ. كەينىدىكى ئات بولسا بارا ـ
بارا ھالسىزلىنىپ، توختاپ ـ توختاپ ئارام ئېلىپ مېڭىپ-
تۇ. ئىككى ھارۋىنىڭ تەڭ مېڭىشى ئۈچۈن غوجايىن كەي-
نىدىكى ھارۋىنىڭ يۈكىنىڭ بىر قىسمىنى ئالدىدىكى ھار-
ۋىغا يۆتكەپ، كەينىدىكى ھارۋىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ-
تۇ. كەينىدىكى ئات يۈكىنىڭ يەڭگىللىشىدىن راھەت ھېس قى-
لىپ، تېزلا ئالدىدىكى ئاتقا يېتىشىۋېلىپ، تەڭ ئىلگىرىلەپتۇ.

كەينىدىكى ئات ئالدىدىكى ئاتقا دەپتۇ:

ــ قارا ئۆزۈڭگە، شۇنچە ئېغىر يۈكنى سۆرەپ ھې-
رىپ كېتىپسەن! سەن قانچە ئىشلىگەنسېرى خەق سېنى
شۇنچە قىينايدۇ. ۋەزىپەڭ ۋە مەسئۇلىيىتىڭ بارغانسېرى
ئېغىرلىشىدۇ!

ئالدىدىكى ئات دەپتۇ:

ــ بىراق ئاخىرقى نەتىجىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغان-
لىقىغا ئىشىنىمەن! ــ ئۇلار قوشخانىغا كېلىپ توختاپتۇ.
غوجايىن قاسساپقا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

ــ ئالدىدىكى ئېتىم ناھايىتى يارامىلىق، ئىككى ئاتقا
تېگىشكۈسىز! ئىككى ئات باققاندىن كۆرە، ئىككى ئاتنىڭ
يەم ـ بوغۇزى بىلەن بىر ئاتنى باققىنىم ياخشىكەن. يەنە
بىر ئاتنى دەرھال سويۇۋېتىڭ، ھېچبولمىسا تېرىسىنى
بولسىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان،
ئاكتىپ ئىشلەيدىغان ئادەملىنىڭ پاسسىپ كىشىلەردىن ئەڭ
چوڭ پەرقى شۇكى، ئۇلار ئۆزىنىلا چىقىش قىلىۋالماي،
باشقىلارنىمۇ كۆپرەك ئويلايدۇ، مۇشكىلات بىلەن ھېساب-
لىشىپ ئولتۇرماي، تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشقا، تېخى-
مۇ كۆپ قىممەت يارىتىشقا ئۆزىنى بېغىشلايدۇ.

ئىنسان ھەم بەھرىلەنگۈچى ھەم بېغىشلىغۇچىدۇر.
بەھرىلىنىش ئىنساننىڭ شەخسىي ئېھتىياجى، شۇنداقلا ھو-
قۇقىدۇر. بېغىشلاش ــ ئىنساننىڭ ماھىيىتى ۋە قىممىتى-
دۇر. نورمال ئەھۋالدا بەھرىلىنىش بىلەن بېغىشلاش ئوڭ
تاناسىپ بولىدۇ. قانچىلىك بېغىشلىسىڭىز شۇنچە كۆپ
بەھرىلىنەلەيسىز. بېغىشلىغىنىڭىز كۆپ بولسا، بەھرىلىنى-
دىغىڭىز كۆپىيىدۇ، ھوقۇقىڭىزمۇ ئاشىدۇ. دۇنيا سىزنىڭ
بەھرىلىنىشىڭىز ئۈچۈن يارىتىلغان، ئەپسۇسكى، بېغىشلى-
ماي ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالمايسىز. مۇشۇ مەنىدىن
قىممىتىڭىز بىلەن ئېرىشىدىغىنىڭىز ئوڭ تاناسىپ. قانچە
كۆپ قىممەت ياراتسىڭىز شۇنچە كۆپ ئېرىشىسىز، ئاۋۋال
ئېرىشىشنى، ئاندىن قىممەت يارىتىشنى ئويلاش بىلەن؛
ئاۋۋال قىممەت يارىتىشنى، ئاندىن ئېرىشىشنى ئويلاشنىڭ
نەتىجىسىنى ئوخشاش دەپ پەرەز قىلغاندا، سىز قايسىسى-
نى تاللايسىز؟ بۇ سىزنىڭ ئالىيجانابلىقىڭىزغا بېرىپ تاقى-
لىدىغان مەسىلە! ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ ئاخىرقى نەتىجە-
سى مەيلى قانچىلىك ئوخشاش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
مۇقەررەركى كىيىنكىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئېشىپ
چۈشىدۇ. بۇ ماھىيەتتە ئىنسانىي كامىللىق ۋە كىشىلىك
قىممەت تارازىسىدا كېيىنكىسىنىڭ ۋەزنىنىڭ بېسىپ چۈ-
شىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بەربىر ئېرىشىدىغان
نەرسە ئۈچۈن شەخسىيەتچىلىك، جانباقتىلىق، راھەتپە-
رەسلىكتەك ئىللەتلەردىن سەل نېرى تۇرغان، نەپسىنى
تىزگىنلەپ يۈرگەن ياخشىراق. يەپ ـ ئىچىش جانلىقلار-
غا ئورتاق فىزىئولوگىيەلىك ھادىسە، تېببىي رىساللەردى-
مۇ زىيادە «يەپ ـ ئىچىش»نىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى
كۆپرەك سۆزلىنىدۇ. يەپ ـ ئىچىش مەقسەت بولغان
تەقدىردىمۇ، سىز بىر ۋاقىتتا بىر تاۋاقلا ئاش يېيەلەي-
سىز، ئۇ مەقسەت قىلىنمىسىمۇ يەنە شۇ! بېغىشلاشتىن جان
قاچۇرسىڭىز، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولۇپ كېتىشى؛ بې-
غىشلاپ، ئىنساننىڭ ماھىيىتى بىلەن ياشىسىڭىز ئۆمرىڭىز
قىسقىراپ كېتىشى ناتايىن! ھامىنى ياشايدىغان، ئاخىر
ئوخشاش بىر مەنزىلگە بارىدىغان بۇ چەكلىك ھاياتتا،
مەجبۇرىيىتىڭىزنى ياخشى ئورۇنلىسىڭىز، ئىجتىمائىي
مەسئۇلىيىتىڭىزنى ياخشى تونۇپ، ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزەل-
مىسىڭىزمۇ تېگىشلىك ئادا قىلىپ ماڭسىڭىز، باسقان ئىز-
لىرىڭىز مەڭگە، ھاياتىڭىز قىممەتكە تولىدۇ! شۇڭا «ئىن-
ساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى توغرىسىدا ئۇنىڭ ياخشى پەزد-
لەتلىرىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شۇ پەزىلەتلەردىن
قانداق پايدىلىنىشىغا قاراپ پىكىر قىلىش كېرەك» (ف.
لاروشكو)

## گۈزەللىك ۋە سەتلىك

سىز گۈزەللىكنى سۆيەمسىز؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بې-
ھاجەت! ئاڭلىغانلىكى ئادەم چوقۇم مۇئەييەنلەشتۈرۈش
مەنىسىدىكى جاۋابنى بېرىدۇ! ئەمما قانداق سۆيىسىز؟
دېگەن سوئالغا توغرا جاۋاب بېرىش مەسىلىسى مۇھىم.
گۈزەللىكنى سۆيۈش، سەتلىكتىن، خۇنۈكلۈكتىن يىرگىنىش



نورمال تەبىئەتلىك ئىنسانىنىڭ ماھىيىتى. كىممۇ گۈزەللىكنى سۆيمىسۇن؟ گۈزەل نەرسىلەرنىڭ دائىرىسى بەكمۇ كۆپ. ئادەتتە ئىنسانىنى زوقلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان ھەرقانداق شەيئى، ھادىسە گۈزەل ھېسابلىنىدۇ! دۇنيادا گۈزەل نەرسىلەر كۆپ بولغاندەك سەت نەرسىلەرمۇ كۆپ. سەت نەرسە بولمىسا، گۈزەل نەرسە بولمايتتى. سەت نەرسە بولمىسا، گۈزەل نەرسىنىڭ قەدرى بولسۇنمۇ؟ ئېستېتىكا ئىلمى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، شەيئىلەرنىڭ ھەر قاندىقى مەيلى گۈزەل بولسۇن، ياكى سەت بولسۇن بەلگىلىك زوقلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە بولىدۇ. گۈزەل شەيئى بىۋاستە زوقلاندۇرسا، سەت شەيئى ۋاسىتىلىك زوقلاندۇرۇشى مۇمكىن. گەپ ئادەمنىڭ شۇ شەيئىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن قانداق زوق ئېلىشىدا. ئېلىمىزنىڭ داڭلىق نەسىرچىسى جىياپىڭۋانىڭ «سەت تاش» ناملىق نەسىرىدە كۆرۈنۈشى ناھايىتى سەت بىر تاش تەسۋىرلىنىدۇ. ئاپتور بۇ تاشنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن كۆزىتىپ، كۆرۈمسىزلىك ئىچىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان گۈزەللىك، ئاددىي - ساددىلىق ئىچىدە كۆمۈلۈپ ياتقان ئالىيجانابلىقنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى ئۆلچەش خاھىشىغا دىياگنوز قويىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق سەت دەپ قارالغان شەيئىنىڭمۇ مۇئەييەن قىممىتى، ئورنى بولىدۇ. مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بولغان نەرسە، ماھىيەت جەھەتتىن «سەت» بولمايدۇ. سەت نەرسىلەرنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرىدىغان كۆز بولغاندىلا، ئاندىن كىشىلەر دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەردىن زوقلىنالايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلار ئۈچۈن دۇنيادا ھەقىقىي مەنىدىكى سەت، يىرگىنچلىك شەيئى بارمۇ؟ ھەسەل ھەرىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى سەل كۆرۈمسىز ۋە قورقۇنچلۇق، ئەمما ئۇ ھەسەل چىقىرالايدۇ. ئەترگۈل تىكەنلىك بولسىمۇ چىرايلىق ئېچىلىپ، خۇشپۇراق تارقىتالايدۇ. پىلە قۇرۇتى ئاجىز، كۆرۈمسىز بولسىمۇ يىپەك چىقىرالايدۇ. ياڭاقنىڭ تېشى قوتۇر بولسىمۇ مېغىزىنىڭ شېرىنلىكىگە ھېچنەرسە توغرا كەلمەيدۇ!

دۇنيادا ھەقىقىي مەنىدىكى سەت، يىرگىنچلىك شەيئى مېنىڭچە يوقتۇر، لېكىن بۇنداق ھادىسىلەر مەۋجۇت! ئۇ بولسىمۇ، ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ئادەمنىڭ سۆز - قىلىقلىرىدىكى «سەت»لىكتۇر! يەنى ئىنسان خاراكتېرىدىكى زەئىپ ئىللەتلەردۇر. ئادەمنىڭ تەبىئىي تاشقى زىننەتلىرىدىكى نۇقسانلار يەنى ھۆسن - جامال، بەدەن قۇرۇلۇشىدىكى كۆرۈمسىزلىكلەر ماھىيەت جەھەتتىكى «سەت»لىك ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇنى شۇ كىشى ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس، كېيىنكى سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئەيىبمۇ ئەمەس! «كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان پەزىلەتلىك ۋە ئەقىللىك ئادەم گەرچە كۆرۈمسىز بولسىمۇ، سەت ھېسابلانمايدۇ. كۆرۈمسىزلىكمۇ ئەسلىي بار نەرسە، ئەمما دىققەتكە سازاۋەر ئەمەس» (ج. لابرىيوبېر) لېكىن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغىنى شۇكى، ئىنسانغا رەنج، نىزا، ئاداۋەت، ئازاب ۋە مۇشەققەتلەر كەلتۈرىدىغىنى شۇكى، بۇ دەل بەزى كىشىلەردىكى بولمىغۇر قىلىق ۋە ھەرىكەتلەردۇر. بۇنداق «سەت»لىكنى قوبۇل قىلغىلى ۋە كەچۈرگىلى بولماس!

ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىككى نەرسە بىلەن ئادەم قېرىمايدۇ: بىرى ياخشى قىلىق، يەنە بىرى ياخشى سۆز»، «تىل كىشىنىڭ قەدرىنى ئاشۇرۇپ، بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ، (يەنە ئۆز نۆۋىتىدە) كىشىنى خورلاپ قويىدۇ، ئەرنىڭ بېشى كېتىدۇ» دەپ يېزىپ، ئىنساننىڭ ياشلىق باھارىنىڭ مەڭگۈ ئۇرغۇپ تۇرۇشىغا؛ مەنىۋى جەھەتتىن قېرىلىق ۋە ئاجىزلىق ھېس قىلماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغان تۈپكى ئامىلنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتتىكى گۈزەللىكتىن بولىدىغانلىقىنى؛ گۈزەل تىل ئارقىلىق كىشىنىڭ سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى، گۈزەل تىل ئارقىلىق ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ ئاشىدىغانلىقىنى، سۆزدىكى قوپاللىق (سەتلىك)نىڭ ئىنساننىڭ خورلۇق، ھاقارەت ۋە خار - زەبۇنلۇققا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويسا:

ئوقۇشنىڭ زىننىتى تىل، تىلنىڭ زىننىتى سۆز،
كىشىنىڭ زىننىتى چىراي، چىراينىڭ زىننىتى كۆز.

دېگەن مىسرالىرىدا ئاجايىپ ئوبرازلىق ئوخشىتىش شەكلى ئارقىلىق يۇقىرىقى پىكىرنى ۋايىغا يەتكۈزگەن.

گۈزەل پەزىلەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان گۈزەللىكنىلا ھەقىقىي گۈزەللىك دەپ ئاتاش مۇمكىن. گۈزەل پەزىلەت ئىچكى پاكلىق ۋە كۆركەملىكنىڭ ئىپادىسى! بۇ يەردىكى ئىچكى پاكلىق ۋە كۆركەملىكنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ھالبۇكى، كىشىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ئارقىلىقلا ئاندىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئەقەللىسى كىشىنىڭ يېقىملىق بىر كۈلۈمسىرىشىدىن، باشقىلارغا بولغان خۇشپىچىم مۇئامىلىسىدىن شۇ كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا، خاراكتېر گۈزەللىكىگە دەسلەپكى قەدەمدە باھا بېرىش مۇمكىن، بۇ ھەقتە مەشھۇر يازغۇچى گوركىي: «چىراي قەلب ئەينىكىدۇر» دېگەن بولسا، شېللېر: « چىرايى ئوچۇق ئادەمنىڭ قەلبىمۇ ئوچۇق» دەيدۇ.

سۆز ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى گۈزەللىك ئىنسان

www.uyghurkitap.com



گۈزەللىكنىڭ ھەقىقىي نامايەن قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىـ
نىدۇ. چۈنكى گۈزەل سۆزلۈك كىشى ھەر قانداق ۋاقىتـ
تا، ھەرقانداق كىشىگە يېقىشلىق، گۈزەل كۆرۈنىدۇ.
ياخشى سۆز بار يەردە، ئەزگۈلۈك كۆپىيىدۇ، ياخشى
سۆزدىن كىشى كۆڭلى ياشىرىدۇ. چىھرىدە تەبەسسۇم
جىلۋىسى ئۆكسىمەيدۇ. كونىلاردا: «ياخشى سۆز تاشنى
ئېرىتىدۇ»، «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ
يوقمۇ» دەيدىغان ماقال ـ تەمسىللەر بار، گۈزەل ئىباـ
رىلەر بىلەن تولغان ياخشى مەزمۇنلۇق سۆزلەر كىشىلەرـ
گە ئىلھام ۋە تەسەللى بولۇپ، قايغۇلۇق كۆڭۈللەرنى
روھلاندۇرۇپ، ئۇلارغا مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلالايدۇ،
ئىچكى تۇيغۇسى، مەنىۋىيىتى گۈزەل بولغان ئادەملەر
باشقىلاردىن ياخشى تىلەك ۋە پايدىلىق مەسلىھەتلىرىنى
ئايىمايدۇ، ئۇلار قوپال تىللارنى ئىشلىتىشتىن، غەيۋەت
قىلىشتىن ئەيىبىنى ئېچىشتىن، باشقىلارغا ئازار بېرىپ، ھاـ
قارەتلەشتىن ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ، گۈزەل خۇلقلىق كىـ
شىلەرنىڭ تىلى ۋە دىلى بىردەك بولۇپ، ئۇلار باشقىلارـ
غا ئورا كولاش ۋە باشقىلارغا زىيان سېلىشتىن ئۆزىنى
تارتىدۇ. خۇددى داڭلىق شائىرىمىز ۋاھىتجان غوپۇر ئۈـ
زىنىڭ «ياخشى سۆز» ناملىق شېئىرىدا:

گۈلنى سۆيگەن تاڭدىكى ئىللىق شامالدۇر ياخشى سۆز،
يۇمشىتىشقا يۇمشىماس دىلنى ئامالدۇر ياخشى سۆز.
تارقىتار گۈل خۇشپۇراق ئىللىق شامال سوققاندىلا،
دىلدا زوق ھېس ئويغىتار ئايدەك جامالدۇر ياخشى سۆز.

دەپ يازغىنىدەك، ياخشى (گۈزەل) سۆز دىلنى سۆـ
يۈندۈرىدۇ، كىشىگە ئىلھام، زوق، راھەتبەخش ئاتا قىلىـ
دۇ، كىشىگە ھاياتنىڭ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلـ
دۇرىدۇ. كىشىگە ئۈمىد ـ ئىشەنچ، شادلىق بېغىشلايدۇ!
ئۇنىڭ قۇدرىتى بەزىدە مۆلچەرلىگۈسىزدۇر! خۇددى پاـ
دىشاھنىڭ چۈشىگە قارىتا «تۇغقانلىرىڭىز سىزدىن بۇرۇن
ئۆلۈپ كېتىدىكەن»، «سىز تۇغقانلىرىڭىزدىن ئۇزۇن ياـ
شىغۇدەكسىز» دېگەندىن ئىبارەت ئوخشاش مەزمۇندا
تەبىر بەرگەن ھېلىقى ئىككى ۋەزىرنىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخـ
شاش!

گۈزەل خاراكتېر ۋە پەزىلەت كىشىنىڭ جىسمانىي
ۋە تاشقى جەھەتتىكى ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ھەتتا بىلىم ـ
ئىقتىدار جەھەتتىكى كەمچىلىكلىرىنىمۇ يېپىپ كېتەلەيدۇ.
ھەقىقەتەن، خاراكتېر گۈزەللىكىنىڭ، ئەخلاقىي گۈزەللىكـ
نىڭ بىر روشەن بەلگىسى كىشىنىڭ سۆز ۋە قىلىق ـ ھەرىـ
كەتلىرىدىكى گۈزەللىكتۇر. خەلقىمىز تارىختىن بۇيان بىر
ئادەمنىڭ بىلىملىك بولۇشىدىن كۆرە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ
ئەخلاقلىق بولۇشىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كەلگەن. خۇددى
فرانسىيەلىك ئالىم پاسكال ئېيتقاندەك: «ئىنسانىنىڭ پەزىـ
لىتى پەۋقۇلئاددە جاسارەتلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىنـ
سانىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ». يەنە
«گۈل ئۈچۈن ھىد قانچىكى ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا،
ئىنسان ئۈچۈن خاراكتېرمۇ شۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە»
(ج. شۋاب) چۈنكى گۈزەل خاراكتېرلىك ئادەملەر ئۆزىـ
نىڭ جەمئىيەتتىكى مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ھېس قىلالايدۇ،
ئۆزى مەنسۇپ بولغان جەمئىيەتكە ۋىجدانەن مەسئۇل
بولالايدۇ. مانا مۇشۇنداق قەلب ۋە قەلب ئىگىسىلا ھەقىـ
قىي مەنىدىكى گۈزەل ۋە گۈزەللىكنىڭ ئىگىسىدۇر!

شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، جەمئىيەتتە «نۇقسانسىز
ئادەم ئەمەس، بەلكى پەزىلەتلىك ئادەم ھۆرمەتلىك».
ئىش ـ ھەرىكىتىڭىزدە سەۋەنلىك سادىر قىلىشتىن ئەنـ
سىرەپ يۈرمەڭ، بەلكى گۈزەللىكىڭىزگە نۇقسان يېتىشىـ
دىن ھەزەر ئەيلەڭ. گۈزەللىك ھەرگىزمۇ مەۋھۇم، ئاـ
بستراكىت نەرسە ئەمەس! مەلۇم مەنىدىن گۈزەللىكنى
ھېس قىلىش، ئۇنى بايقاش بىر خىل پوزىتسىيە مەسىلىـ
سى! پوزىتسىيە ئىدىيەنىڭ ئىپادىلىنىشى! ئەمەلىيەتتە گۈـ
زەللىك ئەتراپىڭىزدا. ئۇنى بايقاش، ھېس قىلىش، چىـ
مەنىسى بىلەن سۆيۈش ۋە ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىزگە
ئايلاندۇرالىشىڭىزدا.

## سەۋەنلىكىڭىزنى دادىل ئېتىراپ قىلىڭ

ئىنسان سەۋەنلىكتىن خالىي ئەمەس، مەلۇم ئىش ـ
پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا ئىنسان سەۋەنـ
لىك ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك:
«ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان ئادەملا خاتالاشـ
مايدۇ». دۇنيادا ئىنسانىنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقلىرىدىن بىـ
رى، ھەممە نەرسىدە ئۆزىنى نۇقسانسىز ھېسابلاشتۇر.
دەل مۇشۇنداق «ئۆزىنى نۇقسانسىز ھېسابلاش ئېزىپ
كېتىشنىڭ بىرىنچى يولىدۇر» (پ. بۇئاست) سەۋەنلىكـ
لەر تۇرمۇشىمىزدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە دائىم دېگۈدەك
يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق سەۋەنلىكلەرنىڭ بەزىلىرىدىن
خالىي بولغىلىمۇ بولمايدۇ، بۇنى ۋاقتىدا بايقاپ، تۈزىـ
تىپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ماڭسىلا، ئىنسان
مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلىنەلەيدۇ. ئادەم سەۋەنلىكتىن
خالىي بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ياخشىسى بولمايدۇ، سەۋەنلىك
مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۆـ
زىگە، ئائىلىسىگە، ئەتراپىدىكىلەرگە، مەلۇم ئىجتىمائىي
كوللېكتىپقا، جەمئىيەتكە زىيىنى بولىدۇ. شۇڭا سەۋەنلىك
ئۆتكۈزمەسلىككە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىم. كۆپىنـ

چە، تۇرمۇشتا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان كۈتۈلمىگەن هادى-
سىلەرگە قارىتا ئىدىيەۋى تەييارلىقى بولمىغان، خاراكتېرى
نىسبەتەن ئاجىز، جاهىل، هەسەتخور، .نەزەر دائىرىسى
تار، مەنمەنچى، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە خۇشتار، شەخسى-
يەتچىلىك ئىدىيەسى بىر قەدەر كۈچلۈك كىشىلەردە سە-
ۋەنلىك كۆپ يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر سەۋەنلىكنى
ئاسانلىقچە ئېتىراپ قىلمايدۇ، هەمىشە باهانە ـ سەۋەب
كۆرسىتىپ، باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدەپ، ئۆزىدە هېچ-
قانداق مەسىلە يوقتەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ، بۇ خىل
كىشىلەردىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقنىڭ بىرى — دەل ئۆزى-
دىكى سەۋەنلىكنى ئېتىراپ قىلماسلىق ياكى ئۆزىدە سە-
ۋەنلىك بارلىقىدىن گۇمانلانماسلىق.
سەۋەنلىكنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ، ئادەتتە
يۈز بېرىپ تۇرىدىغان چوڭ ـ كىچىك كەمچىلىكلەر، خا-
تالىقلارنىڭ هەممىسى سەۋەنلىك دائىرىسىگە كىرىدۇ.
مەسىلەن، كېچىكىش، بىپەرۋالىق قىلىش، ئىسراپخورلۇق-
تەك ئۇششاق مەسىلىلەردىن تارتىپ، تۈرلۈك ئەخلاقسىز-
لىق هەتتا قانۇنغا خىلاپ ئىشلارغىچە هەممىسى ئىنسان
سەۋەنلىكىدىكى مەسىلە هېسابلىنىدۇ. ئۇششاق سەۋەنلىك-
لەرگە يول قويغاندا، بارا ـ بارا چوڭراق سەۋەنلىكلەر-
گە يول ئېچىلىدۇ. ئادەتتە ئىنسان كۈتۈلمىگەن مەسىلىلەر
تۈپەيلىدىن ياكى ئۆزىنىڭ بىلىم ـ ساپاسى، ئىقتىدار چەك-
لىمىلىكى سەۋەبىدىن سادىر قىلىدىغان سەۋەنلىكلەرنى
هېسابقا ئالمىغاندا، باشقا سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولاي
دېسە، مېنىڭچە بۇ تامامەن مۇمكىن بولىدىغان ئىش! بىر
قىسىم ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىدىكى بەزى ئىللەتلەر سە-
ۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان سەۋەنلىكلەر ئادەتتە ئىجتىما-
ئىي ئىناقلىققا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت-
لەردىكى زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرى-
دۇ. يۈز بەرمەسلىككە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىختىلاپلار كى-
شىلەردىكى سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن بولىدۇ. ئىختىلاپ ـ
زىددىيەت يۈز بەرگەندە ئىككى تەرەپنىڭ چۈشىنىش ها-
سىل قىلىشىدىكى ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل يەنىلا ئىككى تە-
رەپنىڭ ئۆز سەۋەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇر. ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەتلەردىكى زىددىيەتلەردە «چاۋاك ئىككى قولدىن
چىقمايدۇ» دېگەن مەنتىقىي يەكۈننى ئويلاپ كۆرۈشكە
ئەرزىيدۇ. بۇنداق ئىشتا مەلۇم بىر تەرەپتە كۆپرەك سە-
ۋەنلىك ئۆتۈلۈشى مۇمكىن. ئەگەر سىز بۇنداق زىددى-
يەتلەرگە چېتىلىپ قالغان بولسىڭىز، ئاساسىي سەۋەنلىك
سىزدە بولمىغان تەقدىردىمۇ، يانداشما سەۋەنلىك بولغان
بولىدۇ. ئاچچىقىڭىز پەسەيگەندە سوغۇققان پىكىر يۈر-
گۈزسىڭىز، بۇنى هېس قىلالايسىز. قاتناش هادىسىسىدە
كۆپ هاللاردا سوقۇلۇپ كېتىشكەن ئاپتوموبىللار ئۆزئارا

قەستەن سوقۇلغان بولمايدۇ. چوقۇم مەلۇم بىر شوپۇرنىڭ
بىخەستەلىكى ياكى ئەجەللىك سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن سو-
قۇلۇش كېلىپ چىققان بولىدۇ. بىر ئاپتوموبىل كېچىدە
توختىتىپ قويۇلغان يەنە بىر ئاپتوموبىلغا سوقۇلغان بول-
سىمۇ، هادىسە بىر تەرەپ قىلغۇچىلار تەرەپلەرگە نىسبەت
بويىچە سەۋەنلىك ئارتىدۇ. دېمەك، مەسىلە ئىككى ياكى
ئۇنىڭدىن ئارتۇق شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئې-
كەن، هەممىسىدە تېگىشلىك مەسئۇلىيەت بولىدۇ.
مۇتەپەككۇر لاروشفۇكو مۇنداق دەيدۇ: «بىزدىكى
هەرقانداق نۇقسانلارنى ئەپۇ قىلىشقا بولسىمۇ، لېكىن شۇ
نۇقسانلارنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان نەيرەڭلەرنى
ئەپۇ قىلىشقا بولمايدۇ». خۇددى «قىڭغىر ئىش 40 يىل-
دىن كېيىن بىلىنەر» دېگەندەك، يوشۇرۇلغان نۇقسانلار،
ساختا نىقابلار هامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدۇ. خاتالىقنى
ئېتىراپ قىلىش ۋە تۈزىتىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە يول تۇ-
تۇش كىشىنىڭ ئابرويىنى تۆكىدۇ. «ئادەمنىڭ زېرەكلىكى
هېچقاچان خاتالاشماسلىقتا ئەمەس، بەلكى خاتالىقلارنى
تەكرارلىماسلىقتا». سەۋەنلىكنى ئېتىراپ قىلماسلىق دەل
شۇ خاتالىقنىڭ ئۈزۈلكسىز تەكرارلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك
بېرىدۇ. خۇددى سېنېكا ئېيتقاندەك، «تۈزەتكىلى بولماي-
دىغان ئۇششاق خاتالىقلاردىن چوڭ ـ چوڭ ئىللەتلەرگە
ئۆتۈش كېلىپ چىقىدۇ». مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆزى-
نىڭ سەۋەنلىكلىرىنى كۆرۈش، چۈشىنىش، يەكۈنلەپ مې-
ڭىش، توغرا مۇئامىلە قىلىش، باشقىلار ئالدىدا دادىل،
سەمىمىي ئېتىراپ قىلىش — كىشىلىك خاراكتېرىدىكى بىر
مەردلىك شۇنداقلا ئەڭ ياخشى پەزىلەتتۇر!

## نېمىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەيسىز

بىر كۈنى بىر ئوقۇتقۇچى دوستۇم ئۇنىۋان ئېلىش
ئۈچۈن بىر پارچە ماقالىگە ئېهتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆ-
زى ئەزەلدىن ماقالە يېزىپ باقمىغاچقا، ئۆزىگە ياردەم
قىلىپ، ژۇرنالدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ بېرىشىمنى
ئۆتۈندى. مەن دوستۇمنىڭ كىتاب ـ ژۇرناللارنى كۆ-
رۈشكە هېرىسمەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ ماقالە يازال-
ماسلىقىغا ئىشەنمىدىم. شۇڭا ئۆزى ئويلىغان تېما ئاسا-
سىدا، ماقالىنى قانداق يېزىش هەققىدە قىسقىچە ئىزاهات
بەرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ بىر يېزىپ سىناپ بې-
قىشىنى، ئاندىن قالغان ئىشلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىمنى
ئېيتتىم. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دوس-
تۇم يازغان ماقالىسىنى كۆرسەتكىلى ئەكەپتۇ. قارىسام،
ماقالىنىڭ مۇلاهىزىلىرى شۇنداق چوڭقۇر بولۇپ، تېمى-
سىمۇ خېلىلا يېڭىكەن. سۆيۈنگىنىمدىن دوستۇمنى ماختاپ



كەتتىم. ماقالىگە قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈپلا، ژۇرنالغا ئەۋەتىۋىدۇق، ئارىدىن بىر نەچچە ئايلار ئۆتۈپ، ماقالە ئېلان قىلىندى. شۇ ۋاقىتتا دوستۇمنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن مائارىپ ۋە ئوقۇتۇشقا دائىر بىر نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. نۆۋەتتە، كەسپىي خادىملارنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاشتا، نوپۇزلۇق مەتبۇئاتلاردا ماقالە ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت شەرتنى ئادا قىلىش كېرەكلىكى ھەممىگە مەلۇم. لېكىن كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا ھەق بېرىش ياكى ھەر خىل ناتوغرا ئۇسۇللار بىلەن بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتىۋاتقانلىقىمۇ بىر ئەمەلىيەت! دوستۇمنىڭ ئۆزى يازغان بىر ماقالىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە پارچە ماقالىنىڭ ئاپتورى بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت بىر پاكىت ئۆزى يازماي ماقالە ئېلان قىلدۇرماقچى بولغانلاردىكى بىر خىل ھۇرۇنلۇقنى، مۇھىمى ئۇلارنىڭ سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىپ باقمىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر خىل ئاجىزلىقنى ئىسپاتلاپ بەردى.

بىزدە «كۆز قورققاق، قول باتۇر» دېگەن گەپ بار. بۇ كىشىنى بىرەر ئىشنى قىلىشتا، كۆز قورقۇتماي، ئاۋۋال قول سېلىپ ئىشلەپ بېقىشقا، سىناپ بېقىشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلغان سۆز. ئەمەلىيەتتە، سىناپ بېقىش غەلىبىنىڭ ئالىقىنىمىزدا تۇرغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىراق، ئۇرۇنۇپ كۆرمەسلىك ياكى بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئىنتىلمەسلىك غەلىبىدىن مەڭگۈ يىراق تۇرىدىغانلىقىمىزنىمۇ چۈشەندۈرمەيدۇ. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى سانسىز ئىختىرا، مۇۋەپپەقىيەت ۋە مۆجىزىلەر ئەمەلىيەتتە ئۇرۇنۇپ بېقىشنىڭ، سىناپ بېقىشنىڭ مەھسۇلىدۇر. ھېچكىم ئەڭ دەسلەپتە سىناپ بېقىشقا ئۇرۇنمىغان، مەلۇم ئىشنى قىلىش ئۈچۈن جۈرئەت قىلمىغان بولسا، يۇقىرىقى نەتىجىلەر بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى. ئادەمنىڭ مېڭىسى ئېچىلمىغان بوز يەرگە، چوڭقۇرلۇقىنىڭ چېكى نامەلۇم بولغان پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلاققا ئوخشايدۇ. بۇ بوز يەرنى ئېچىش، ئاشۇ بۇلاقنىڭ تېگىگە شۇڭغۇش — كىشىدىن ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن باشقا، يەنە مەلۇم ئىشقا نىسبەتەن ئۇرۇنۇپ كۆرۈش، جۈملىدىن تەۋەككۈلچىلىك روھىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن كېچىپ بېقىش كېرەك، ئىشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن قول سېلىپ ئىشلەپ بېقىش لازىم. بىر نەرسىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق، قورقۇش، خەۋپسىرەش تۇيغۇسى ئىنساننىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئىنسان ئۈچۈن بۇ خىل ئاجىزلىق تۇيغۇسىدىنمۇ يېقىمسىز تۇيغۇ بولمىسا كېرەك. بىر قېتىم جۈرئەتسىزلىك قىلغان ئادەم كېيىنكى قېتىمدىمۇ يەنە قىلىدۇ، بۇنداق ئەھۋال تەكرارلىنىۋەرسە، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ!

بىر پسىخولوگ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر قاراڭغۇ ئۆيدىكى ھەر خىل زەھەرلىك يىلانلار مىغىلداپ تۇرغان چوڭقۇر بىر كۆلچەكنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ناھايىتى تار بىر ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاندىن ئۆينىڭ بىر چىرىغىنى ياندۇرۇپتۇ. گۇڭگا چىراغ يورۇقىدا ئوقۇغۇچىلار ئۆي ئىچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى كۆرۈپ قورقىنىدىن تەرلەپ كېتىشىپتۇ.

— ھازىر سىلەر بۇ كۆۋرۈكتىن قايتا ئۆتۈشنى خالامسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پسىخولوگ ئوقۇغۇچىلاردىن. ئوقۇغۇچىلاردىن سادا چىقماپتۇ.

بۇ چاغدا پسىخولوگ يەنە ئۆينىڭ بىر قانچە چىرىغىنى ياندۇرۇپتۇ. ئوقۇغۇچىلار سەپ سېلىپ قاراپ، كۆۋرۈكنىڭ تېگىگە بىخەتەرلىك تورى ئورنىتىلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پسىخولوگ يەنە ئوقۇغۇچىلاردىن بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ.

— بۇ بىخەتەرلىك تورىنىڭ سۈپىتى ئىشەنچلىكمۇ، — دەپ سورىشىپتۇ ئوقۇغۇچىلار. بۇنى ئاڭلاپ پسىخولوگ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئارقىدىنلا بىر نەچچە چىراغنى يورۇتۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچى كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىپتۇ. شۇندىلا ئوقۇغۇچىلار پەستىكى يىلانلارنىڭ ساختا يىلانلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ئىنچىكە يىپلارنىڭ مىدىرلىتىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشىپتۇ. بۇ چاغدا پسىخولوگ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ئەسلىي تەس ئەمەس ئىدى، لېكىن كۆۋرۈك ئاستىدىكى ساختا زەھەرلىك يىلانلار كۆڭلۈڭلەرگە قورقۇنچ سالغاچقا، ئۆزۈڭلارنى يوقىتىپ، تەمتىرەپ قالدىڭلار، شۇڭا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمىدىڭلار.

ئەمەلىيەتتە تۇرمۇش، خىزمەت ۋە باشقا كەسپلەردىكى قىيىن ئۆتكەللەر، مۇشكۈلاتلار دەل يۇقىرىقى پارچىدە دېيىلگەن كۆۋرۈك ئاستىدىكى ساختا يىلانلارغا ئوخشايدۇ. تۇرمۇشتا بۇ خىل «ساختا يىلان»لارغا پەرۋا قىلماي، باتۇرلۇق بىلەن «كۆۋرۈك»تىن ئۆتۈش — كىشىدە قورقۇمسىزلىق، جاسارەت ۋە كۈچلۈك ئىرادىنىڭ بولۇشىنى، «كۆۋرۈك»تىن ئۆتۈشكە تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان غەيرەت ـ جاسارەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەنە شۇنداق بولغاندىلا كىشى مۇۋەپپەقىيەت مېۋىسىدىن ھەقىقىي تۈردە بەھرىمەن بولالايدۇ.

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە





# داڭلىق شەخس

سوپىيە كېرەم

«داڭلىق شەخس»لەر تىلغا ئېلىنسا، ھەممىمىزنىڭ
كۆز ئالدىغا كىنو چولپانلىرى، داڭلىق ئارتىستلار، داڭلىق
يازغۇچى ـ شائىرلار، چوڭ باشلىقلار، جامائەت ئەربابلە-
رى، ئەل ئىچىدە نامى بار شەخسلەر كېلىدۇ. ئەمما، مە-
ھەللىمىزدىكى ئەلگە تونۇلغان سەنئەتكارلار، ئەل ئىچە-
دىكى سېخى بايلار، تەجرىبىلىك باغۋەنلەر ... يۇقىرىدا
تىلغا ئېلىنغان داڭلىق شەخسلەر قاتارىدا سانالمىسىمۇ،
يۇرت خەلقى ئۇلارنى «ئېسىللىرىمىز»، «يۇرت مۆتىۋەر-
لىرىمىز» دەپ بىر چىرايلىق تەرىپلەر بىلەن ئاتاشنى بە-
لىدۇ. چۈنكى بۇ ئېسىللىرىمىزنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى، قوۋم ـ
قېرىنداشلىرى ئۈچۈن يەتكۈزۈۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى
سەرمايىسىنى ھېچقانداق بىر تارازا بىلەن ئۆلچەش مۇم-
كىن ئەمەس.

بىز ئېنژېنىر، ئاگرانوم، تېخنىكلارنىڭ قىممەتلىك
لىكسىيەلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە ئاڭلاش ۋە ئۇلارنىڭ
تەجرىبىلىرىنى تېلېۋىزورلاردىن كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇ-
يەسسەر بولغان بولساقمۇ، بىزگە ئەڭ كۆپ نەپ يەتكۈ-
زۈۋاتقىنى يەنىلا مەھەللىمىزدىكى قايسىدۇر بىر باغۋەنى-
نىڭ باغلىرىمىزغا كىرىپ، كۆچەتلىرىمىزنى ئۇلاپ، مېۋە-
گە كىرگۈزۈپ بەرگىنى؛ قايسىدۇر بىر باينىڭ بېشىمىزغا
كۈن چۈشكەندە ئۆتنە ـ يېرىم قىلىپ بولسىمۇ، دەل
ۋاقتىدا ھاجىتىمىزنى راۋا قىلىپ بىزنى چوڭ غەملەردىن
قۇتقازغىنى.

دېمەك، خەلقىمىز تالاي ئەسىرلىك تارىخىمىزدا
داڭلىق شەخسلەرنى بىلىش بىلەن بىرگە يۇرت مۆتىۋەر-
لىرىنى ھەم بىلىپ كەلگەن. ئەنە شۇنداق داڭلىق شەخس-
لىرىمىز ۋە ئېسىللىرىمىز بىلەن ئېغىر كۈنلىرىنى ئۈمىدكە
تولدۇرۇپ، ئەتىلىرىگە ئىشىنىپ كەلگەن. باللىرىنىڭ قەل-
بىگە شۇنداق گۈزەل ئارمانلارنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ
كەلگەن. بىراق نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزدىكى كىچىككىنە
بىر ئىش مېنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ قويدى. مەن ئەنە
شۇ ئويلىرىمغا ياندىشىقان تەشۋىشلىرىمنى قەلەمگە ئېلىپ
كىتابخانلار بىلەن سىردىشىنى لايىق كۆردۈم.

مەن قارا قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەھەللە كومىتې-
تىدا دىجورنىلىك قىلدىم. دەل شۇ كۈنى سەھەردە
دەرۋازا ئالدىغا كۆمۈر بېسىلغان بىر ماشىنا كېلىپ توخ-
تىدى. بۇ خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىدىن نامراتلارنىڭ
قىشتىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن مۇشۇ كەنت-
كە تەقسىم قىلىنغان كۆمۈر ئىدى.

بىز دەرۋازىنى ئېچىپ ماشىنىنى ئىچىگە كىرگۈزۈپ،
كۆمۈر چۈشۈرىدىغان يەرنى كۆرسىتىپ بېرىپ، كۆمۈر
چۈشۈرۈلۈپ بولغۇچە بۇ خەۋەر قانداق تېز تارقالدىكىن
كەنت قوروسىغا يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەت تارقاتقان
كۆمۈرگە «ئانىسىغا ئۆگەنگەن موزاي»دەك ئۆگىنىپ
كەتكەن «نامراتلىق» قالپىقىنى مەھكەم چۆكۈرۈپ كىي-
گەنلەردىن نەچچىسى كېلىپ بولدى.

ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، تالادا تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى، ئۇلار سوغۇقتىن پاناھلىنىپ، تاشقىرىقى دىجورنى-
خانىغا كىرىپ، مەش ئەتراپىغا ئولاشتى.

— بۇ كۆمۈرنى قانچىلىكتىن بېرە ـ ھە، — دېدى
بىرى.

— قانچىلىكتىن بېرەتتى؟! رادىيو ـ تېلېۋىزورلاردا
ئۆتكەن يىلقىدىن بۇ يىللىق دارامەت مانچە پىرسەنت
ئاشتى، دۆلەت قۇدرەت تاپتى ... دېگەنىدەك خەۋەرلەر

(داۋامى 71 ـ بەتتە)





# ئاتا، سىز مېنىڭ پەخرىم!

(تۆھپىكار مائارىپچى ئاتام ھامىدىن پازىل تەۋەللۇتىنىڭ 75 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن)

مەريەم ھامىدىن

«قىزىم، بالا تەربىيەلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم چوقۇم سەۋرچان بولۇشى كېرەك، بالا تەربىيەلەشكە چېتىشلىق ھەرقانداق بىر شەخس چوقۇم ئۆزىگە تەۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىسا، ئۆزىنىڭ ئەقەللى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا بولمايدۇ». مانا بۇ سىزنىڭ دائىم ماڭا دەيدىغانلىرىڭىز...

ئېسىمنى بىلسەم، ئائىلىمىز ئانچە باي - باياشات ئەمەس ئىدى، پەقەت سىزنىڭ ئازغىنە مائاشىڭىزغا قاراشلىق ئىدۇق. سىز شۇنداق بېرىلىپ ئىشلەيتتىڭىز. بىرەر كۈنمۇ ئىشتىن قالمايتتىڭىز. دەم ئېلىش كۈنلىرىڭىز كەلمىگەن باللارنىڭ ئۆيىگە ئائىلە سۆھبىتىگە بېرىش، سىنىپنىڭ پارتا - ئورۇندۇقلىرىنى رېمونت قىلىش، ئاغرىپ قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى تولۇقلاپ بېرىش بىلەن ئۆتۈپ كېتەتتى. يەنە تېخى ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ، كەنتلەرنىڭ لوزۇنكا، پىلاكاتلىرىنى يېزىشمۇ سىزنىڭ زىممىڭىزدە ئىدى.

تەتىل مەزگىللىرى ئۆيىمىز بەكمۇ ئاۋات بولۇپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە، تۈزۈكرەك بىساتمۇ يوق مېھمانخانا دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ ئۆيىمىزگە سىز باتارىيە ياكى قازان كۆيىسى بىلەن قارىدىتىلغان كىچىك بىر تاختاينى ئېسىپ، سېغىزنى بور ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئەستايىدىللىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا دەرس تەكرار قىلىپ بېرەتتىڭىز. سىزنىڭ ئوقۇتۇش جەريانىدا بىرەر قېتىم ۋايسىغىنىڭىزنى، ئوقۇغۇچىلارغا ئاچچىقلاپ بىرەر قېتىم ۋارقىرىغىنىڭىزنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ئىلىمگە تەشنا ئوقۇغۇچىلارمۇ سىزدىن ئىبارەت مېھرىبان ئۇستازىنى چىن دىلىدىن ھۆرمەتلەيتتى.

كېچە - كېچىلەپ مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ دەرس تەييارلاپ، تاپشۇرۇق تەكشۈرگەنلىرىڭىزدە ئاپامنىڭ سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزدىن ئەنسىرەپ «خىزمەتكە جېنىڭىزنىمۇ سېلىپ بېرەمسىز نېمە؟» دېيىشلىرىگە سىز پەقەت كۈلۈمسىرەش بىلەنلا جاۋاب بېرەتتىڭىز. ئارىسال ۋاقىتلىرىڭىزدا، كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپلا، بىر ئائىلە كىشىلىرى پىلىلداپ يېنىپ ئۆيىنى ئاران يورۇتىدىغان قارا چىراغ تۈۋىگە يىغىلاتتۇق. سىز بىزگە بەزىدە «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»نى ئوقۇپ بەرسىڭىز، بەزىدە «مىڭ بىر كېچە»دىكى ھېكايىلەرنى ئوقۇپ بېرەتتىڭىز. بىز شۇنچىلىك بېرىلىپ ئاڭلايتتۇق. بىز ئۈچۈن بۇ ۋاقىت بىر كۈن ئىچىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋاقىت ھېسابلىناتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر بەزىدە ئىتتىكرەك كەچ بولسىكەن، دەپ كېتەتتىم .بۇ خىل تەكرارلىق ئارقىلىق سىز مېنىڭ سەبىي قەلبىمگە ئاستا - ئاستا ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياق ئوتىنى سالغانىدىڭىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەممىگە ئىللىقلىق ئاتا قىلىدىغان ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز بىلەن بىز پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىگە ئۆملۈك، ئىناقلىق ئۇرۇقىنى چاچقان ئىدىڭىز.

مېنىڭچە، ئەجىر - مېھنەت ئەڭ ئۇلۇغ، لېكىن بىر ئۆمۈر ئەجىر قىلىپ، بۇ مېھنەتنى ئۆز ۋۇجۇدىدا، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ چېھرىدە كۆرەلىگەنلەر تېخىمۇ ئۇلۇغ. سىز ئۆزىڭىز ۋە باشقىلار ئېيتقاندەك تومۇز ئىسسىقلاردا كۈن - كۈنلەپ كېسەك قويۇپ سىنىپ سالغان. قەھرىتان قىش، جۇت - شۇۋرغانلاردا ئۆيمۇئۆي پىيادە يول يۈرۈپ، ئوقۇغۇچى يىغىپ، ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان ئەينى يىللاردىكى ئەڭ پىداكار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرىسىز، شۇنداقلا نەزەرىمدىكى ھەقىقىي بىر باغۋەنسىز. ئويلاپ باقسام، دىيارىمىزدا ئايىغىڭىز تەگمىگەن جايلار ئاز قاپتۇ. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خانقىتام، تارىم دېھقانچىلىق مەيدانى، ئاقئۆستەڭ، ئۈچئۆستەڭ، دۆڭقوتان يېزىلىرىدا مائارىپنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئىشلەپ، ئىلمىي مۇدىر، مالىيە خادىمى، سىنىپ مۇدىرى، ئەترەت يېتەكچىسى قاتارلىق خىزمەتلەردە ھەرۋاقىت تېگىشلىك رولىڭىزنى جارى قىلدۇرغان ئىكەنسىز. ئاساسلىق پەنلەردىن باشقا يەنە مۇزىكا، رەسىم، ھۆسنخەت، تەنتەربىيە دەرسلىرىنىمۇ جان كۆيدۈرۈپ ئۆتۈپ، كۆپ قىرلىق ئوقۇتۇش مېتودى ۋە ئۇسۇللىرى بىلەن كەسپداشلىرىڭىز ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلانغان ئىدىڭىز.

مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، رەھىمسىز يىللار، جاپالىق خىزمەت سىزنىڭ خۇش تەبەسسۇملۇق چىرايىڭىزغا يول - يول قورۇقلارنى ھەدىيە قىلدى. سىز ياش-

لىق باھارىڭىزنى، ئۆمرىڭىزنىڭ ئالتۇندەك چاغلىرىنى
ئەۋلادلارغا بېغىشلىدىڭىز. ئاپەتلىك يىللاردا «سېسىق زد-
يالى» سانىلىپ جاپالىق ئەمگەككە سېلىنغاندىمۇ، «قايتا
تەربىيە» نامى بىلەن ئەڭ نامرات جايلارغا تۆۋەنگە
چۈشۈرۈلگەندىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ مائارىپچى ئىكەنلىكىنى
ئۇنتۇپ قالمىغانىدىڭىز. كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بولغان
چەكسىز مېھىر ۋە مەسئۇلىيەت، ئەۋلاد تەربىيەلەشكە بول-
غان ئىشتىياق ئەڭ جاپالىق يىللاردىمۇ سىزگە ئۈمىد ئاتا
قىلغان، ھاياتنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلدۇرغانىدى. ھايات-
نى، مائارىپنى، غۇنچىلارنى چىن ئەقىدىڭىز بىلەن سۆي-
گەنىدىڭىز. مانا بۇ خىل ئۆزىنى بېغىشلاش خاراكتېرلىك
سۆيۈش سىزنى ئەۋلادلار ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان
پەخرلىك ئۇستازغا ئايلاندۇردى. سىز ھەقىقىي مەنىدىكى
سۆيۈلۈش شەرىپىگە ئېرىشتىڭىز.

كەچمىشلەرگە باي ئۆمۈر مەنزىلىڭىز، ئاجايىپ
قىسمەتلەر ۋە ھېكمەتلەر بىلەن تولغان 37 يىللىق جاپالىق
خىزمەت ھاياتىڭىز سىزنى چارچاتتى، پات - پاتلا قوزغى-
لىپ تۇرىدىغان يۆتىلىڭىزگە قاراپ بىئارام بولىمەن.
بۇنداق چاغدىكى تاتىرىپ كەتكەن چىرايىڭىز يۈرىكىمگە
پىچاقتەك سانجىلىدۇ. سىزنى ھەرنېمە قىلىپمۇ ئاشۇ ئاغ-
رىقلاردىن خالاس قىلغۇەتكۈم كېلىدۇ. لېكىن ئاجىزلىق
قىلىمەن، تېپىرلايمەن، بوغۇلىمەن. سىز ئاشۇ ھالدا تۇ-
رۇپمۇ يەنە ماڭا كۆيۈنىسىز، مېنىڭ غېمىمنى يەيسىز،
ھەتتا مېنىڭ ئوقۇتۇۋاتقان بالىلىرىمنىڭ غېمىنى يەپ خا-
تىرجەم بولالمايسىز. بۇنداق چاغلاردا، ئەۋلادلارغا بولغان
مېھرىبانلىقىڭىزدىن تېخىمۇ تەسىرلىنىپ ئۆزۈمگە سوئال
قويىمەن، سىزگە چىن دىلىمدىن قايىل بولىمەن ۋە سىز-
دىن پەخىرلىنىمەن. ئەڭ ئاددىي ئۇستىباش، ئەڭ گۈزەل
قەلب، ئۇن - تىنسىز تۆھپە قوشۇش، ھالاللىق ۋە ياخ-
شىلىق سىزنىڭ ھاياتلىق مىزانىڭىز ئىدى. ھەممە ئادەمگە
ياخشىلىق قىلسام دەيدىغان ئېسىل پەزىلىتىڭىز، كىچىك
پېئىللىقىڭىز، كۆڭلى - كۆكسىڭىزنىڭ كەڭلىكى، سەمى-
مىي، خۇشچاقچاق، چىقىشقاق خاراكتېرىڭىز، ھاياتقا تۇت-
قان مۇئامىلىڭىز، قاراشلىرىڭىز، تىرىشچانلىقىڭىز، ھالال
ۋە دۇرۇس نىيىتىڭىز كۆنسېرى ئۆزگىرىش ياساۋاتقان
روھىمدا ئادەمىيلىك تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، ئۆزۈمگە ۋە
ھاياتقا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئۆگەتتى.

«ئاتا ئىزىنى ئوغۇل باسىدۇ» دېيىلگىنىدەك، گەر-
چە مەن قىز بولساممۇ، سىزنىڭ كەسپىڭىزگە ۋارىسلىق
قىلىش، سىزنىڭ ئىزىڭىزدىن مېڭىش مەقسىتىدە پېداگو-
گىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ، ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن
تاماملاپ، مائارىپ سېپىگە قوشۇلدۇم. مانا ھازىر مۇنبەر
مېنىڭ تەختىم، مۇنبەر مېنىڭ بەختىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە،
خىزمەتكە چۈشكەن تۇنجى كۈنى سىز ھەممىدىن بەكرەك
خۇشال بولغانىدىڭىز. ھاياجانلىق بىر تۇيغۇدا: «قىزىم،
ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس، ئوقۇتقۇ-
چى بولغۇچى ئالدى بىلەن سەۋرچان ۋە ئەپۇچان بولۇشى

كېرەك» دېگەن ئىدىڭىز.

سىز ھەر قېتىم دەم ئېلىپ ئۆيگە بارغىنىمدا مەكتەپ-
تىكى، سىنىپتىكى ئەھۋاللارنى سورايتتىڭىز، ماڭا تەلىم
بېرەتتىڭىز، مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىش، دەرسلەرنى
قانداق ئۆتۈش، بىلىمنى ئوقۇغۇچىلارغا قانداق يەتكۈ-
زۈش، خىزمەتداشلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش، پۇرسەتپە-
رەسلىك قىلماسلىق، كەڭ قورساق، كەمتەر، چىقىشقاق
بولۇش ھەققىدە تەلىم بېرەتتىڭىز. سىز ماڭا يەنە: «قى-
زىم، ئىنسان باشقىلارغا سۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى،
ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈلگە بولۇشى كېرەك» دېگەن ئى-
دىڭىز. مەن سىزنىڭ ئاشۇنداق تەلىملىرىڭىز ۋە ئۇنىسىز
ئەمەلىيىتىڭىز ئاستىدا ئاستا - ئاستا بۇ كەسىپكە چۆكتۈم،
ئوقۇتۇش قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەندىم، كەلگۈسى
ئەۋلادلارغا، جەمئىيەتكە، مىللەتكە يۈز كېلەلەيدىغان،
بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ياشىيالايدىغان ئادەمىيلىك پەزىلە-
تىگە ئىگە بولدۇم.

شۇنداق بىر نەرسە دىلىمنى غەش قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ
ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تەرەققىياتنىڭ قەدىمى تېزلىشىپ،
سىز ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان خام كېسەك سىنىپلىق مەك-
تەپلەرنىڭ ئورنىدا ھازىر رەت - رەت بىنالار قەد كۆ-
تۈردى. ئازادە، يورۇق سىنىپ، ئىشخانىلار بىزنىڭ خىز-
مەت ئورنىمىزغا ئايلاندى. قەيەرگىلا بارساق، قۇرۇلۇشى
ئەڭ ياخشى، مۇھىتى ئەڭ گۈزەل جاي مەكتەپ بولۇپ
قالدى، ئوقۇتۇشنىڭ ھەر بىر ھالقىلىرى ئۇچۇرلاشتى،
زامانىۋىلاشتى. لېكىن مەن مۇشۇنداق ياخشى مۇھىتتا نې-
مىنىڭدۇر كەملىكىنى ھېس قىلىمەن، نېمىدۇر بىر نەرسە
يېتىشمەيۋاتقاندەك، كەملىك قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.
شۇنداق چاغدا ئىختىيارسىز ھالدا سىز قاتاردىكى ئۇس-
تازلارنىڭ ئاشۇ ئاددىي تاختىلارغا سېغىز بىلەن كېسەك-
لەردە ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا بېرى-
لىپ دەرس سۆزلەۋاتقان سىمايىڭلارنى كەلتۈرىمەن، كۆ-
زۈمگە ياش ئولىشىدۇ... ئالدىمدىكى بالىلارغا قاراپ يۈ-
زۈمنىڭ قىزىرىۋاتقانلىقىنى تۇيىمەن. «ئوقۇتقۇچى» دې-
گەن سۆزنى ئۆز - ئۆزۈمگە تەكرار پىچىرلايمەن. «سىز-
دە بار جاسارەتنىڭ يېرىمى بولسىمۇ بالىلار ئالدىدا يۈ-
زۈم قىزارماس ئىدى - ھە؟!» دەيمەن يەنە ئۆزۈمگە.

ئاتا، سىز ھەقىقىي بىر پەرۋىشكار باغۋەنسىز! سىز
مېنىڭلا ئاتام بولۇپ قالماي، ماڭا ئوخشاش سانسىزلىغان
ئىلىم پەرۋانىلىرىنىڭ ئاتىسى سىز! ماڭا ئوخشاش مۇنبەر-
گە ئەقىدە باغلاپ «ئوقۇتقۇچى» دېگەن سۆزنىڭ مەنى-
سىنى يۈرىكى بىلەن ئىزدەۋاتقان باغۋەنلەرنىڭ ئۈلگىسى-
سىز!

ئېھ، مېنىڭ پەخرىم ئاتام!...
كۇچا، دۆڭقوتان

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە تامتوغراق يېزىلىق ئوتتۇرا مەك-
تەپتە





# مىڭ يىللىق قورغان

خۇ چيۇشياڭ

مۇھەممەت داۋۇت تەرجىمىسى

بىر شەھەر — بىر كىتاب، بىر قەدىمىي شەھەر — تېخىمۇ قىممەتلىك بىر قەدىمىي كىتاب، بەلكى يېزىقسىز ساماۋى كىتابتۇر.

كۇچا شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 110 كىلومېتىر كېلىدىغان سوخۇ رايونىنىڭ تارىم يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ تەخمىنەن 15 كىلومېتىر شەرقىدە پايانسىز بىر سايلىق بار، سايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۈللەنگەن تاڭ دەۋرىدىن قالغان بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى — «تاڭ قاغان شەھىرى» جايلاشقان. ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى جاڭ پىڭ بۇ يەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۇسەندە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنىڭ ئات فېرمىسىنىڭ تۇتۇق بېگى تۇرغان شەھەر ئىكەنلىكىنى ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن دەلىللەپ چىققان.

ھاۋا ئوچۇق ياز ئايلىرىنىڭ باشلىرىدا، مەن خۇشال-خۇرام ھالدا بۇ يەرگە كېلىپ، تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى تەرىپىدىن كۆمۈلۈپ قالغان بۇ مىڭ يىللىق قورغاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

كۇچا خەن، تاڭ دەۋرلىرىدە غەربىي دىيارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان بولۇپ، مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئاسار ئەتىقىلەر يۈلتۇزدەك تارقالغان، سانىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئەتراپىمدىكىلەردىن «تاڭ قاغان شەھىرى» ھەققىدە سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم، بىراق ھەممىسى بۇ ھەقتە ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى دېيىشتى. كېيىن «ئاقسۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن كىتابتىن بۇ ھەقتىكى مەلۇماتنى كۆردۈم.

كۇچا ناھىيەسىنىڭ تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى، ئۇزۇن مۇددەت كۇسەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان پېشقەدەم زىيالىي پېي شياۋزېڭ ماڭا مۇشۇ ھەقتىكى بىر قانچە تارىخىي كىتابلاردىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرنى تېپىپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، «تاڭ قاغان شەھىرى» كۇچا ناھىيە بازىرىغا يىراق بولۇپ، بۇ يەرگە كېلىدىغانلار بەك ئاز ئىكەن، شۇڭا بۇگۈنكى كۈندە شورلۇق يەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئاز بىر قىسىم سېپىلنىڭ ئىزناسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھېچنېمىنى ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن.

بەلكىم، كۇچادا مەدەنىي يادىكارلىق ئىزلىرى كۆپ بولغاچقا، ئادەتتىكى پۇقرالار ئىچىدە بۇنداق چەت جايلاردىكى قەدىمىي ئىزلارنى بىلىدىغانلار كۆپ بولمىسا كېرەك. شۇڭا قوغداشقىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمەپتۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، مەن بەلكىم تاڭ قاغان شەھىرىنىڭ ھازىرقى «رۇخسارى»نى كۆرگەنسېرى، ئۇنىڭ خارابىسى ئىچىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالارمەن دەپ ئويلىدىم.

ئاپتوموبىل سايلىق تاشيولدا بىر يېرىم سائەت ماڭغاندىن كېيىن ئاران سوخۇغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ ئۆسۈملۈكلىرى خېلى ياخشى قوغدىلىپتۇ، توغراق، يۇلغۇن، قۇمۇش، چۈچۈكبۇيا، بۇيا قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى قەدەمدە بىر ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. قويۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر ئارىسىدا جەرەن ۋە ياۋا توشقانلار مۈكىدەك ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى.

تارىم يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن،





ئاپتوموبىل ئوڭغۇل - دوڭغۇل شېغىل يولدا يېرىم سائەتچە سىلكىنىپ ماڭغاندىن كېيىن، بىزگە ھەمراھ بولۇپ ماڭغان تارىم يېزىسىنىڭ بىر كادىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سېرىق تۆپىلىكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مانا كەلدۇق، ئاز قالدى» دېدى.

ئاپتوموبىل شېغىل يولدىن قايرىلىپ، ئەگرى - بۈگرى يوللار بىلەن ھېلىقى ئېگىزلىككە يېقىنلاشتى. ئاپتوموبىلنىڭ چاقى شورلۇق يەر ئۈستىدە قىڭغىر - سىڭغىر كىچىك يول شەكىللەندۈرگەندى.

ئاپتوموبىل «تاك قاغان شەھرى»گە ئاستا - ئاستا يېقىنلاشماقتا ئىدى. 4 — 5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى سېپىلنىڭ بۇرجىكى ئاخىر كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. سېپىلنى چۆرىدەپ بىر دەم ئاستا مېڭىپ، سېپىل ئۈستىگە يامىشىپ چىققىلى بولىدىغان بىر يانتۇلۇقنى كۆردۈم .

ماشىنىدىن چۈشتۈم. يانتۇلۇققا بىتۈن قۇرۇلمىلىق تاختاي تىكلەپ قويۇلۇپتۇ. ئۈستىگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دېگەن خەت ئويۇلۇپتۇ. بايىلا يامغۇر ياغقاچقىمۇ ئابىدىنىڭ ئۈستى تېخى قۇرىمىغان بولۇپ، خەتمۇ تۇتۇق كۆرۈنەتتى.

يامغۇردىن نەملەشكەن قۇمساڭغۇ تۇپراققا دەسسەگەن ھامان، چوڭقۇر ئاياغ ئىزى قالاتتى. يانتۇلۇقنىڭ قاپ بېلىدە ئېغىر ھالدا بۇزۇلۇپ ئاجرىغان سېپىل تاملىرىنىڭ سۇۋاق قاتلىمىنى قۇم باسقان بولۇپ، ئاندا - ساندا ئۆسۈپ قالغان يانتاقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. تامنىڭ تۈۋىدە بىر مېتىردەك ئۇزۇنلۇقتىكى بىر رەت «ئايۋان» بولۇپ، تەكشى ياتقۇزۇلغان يۇلغۇندىن ياسالغاندى. شۈبھىسىزكى، سېپىل بىر قەۋەت سېغىز توپا، بىر قەۋەت شاخ - شۇمبىلار بىلەن چىڭداپ ياسالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ، سىرتقى قەۋەتتىكى لايلىرى چۈشۈپ، يۇلغۇن شاخلىرى كۆرۈنۈپ قالغاندى.

مەن ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىغا چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم. «تاك قاغان شەھەرى» ئۆگەن دەريا، كۇچا دەريا ۋادىسىدا، تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، بۇ يەردە سازلىقلار كۆپ، تۇپراقنىڭ شورلىششى ئېغىر، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە كۈچلۈك قۇم - بوران چىقىپ تۇرىدۇ. دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەر شارائىتىغا ماسلاشقان قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى بولغاچقىلا، شورلىششنى ۋە قۇم - بوراننى ناھايىتى ياخشى توسۇپ قالالىغان. دەل مۇشۇنداق بولغاچقىلا، بىز مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ قورغاننىڭ پارچە - پۇرات بولسىمۇ ساقلىنىپ قالغان ھۆلىنى كۆرەلىدۇق.

يانتۇلۇققا يامىشىپ، قورغاننىڭ ئۈستىگە چىقتىم، چەكسىز دالا، تىمتاسلىق ۋە سۈلغۇنلۇق دەرھال يۈرەكىمنى تىترەتتى. سەپەرداشلىرىم خۇددى يارىلانغان بىر سانغۇننى بىئارام قىلىشنى ياكى قاتتىق ئويقۇغا كەتكەن ئەسكەرنى ئويغىتىشنى خالىمايۋاتقاندەك جىمجىت تۇرۇشاتتى. سوخۇنىڭ شامىلى خۇددى بۇ يەردىكى تۈگەتكۈسىز كەچمىشلەرنى دېمەكچى بولغاندەك قۇلاق تۈۋىمىزدىن شۇۋىرلاپ ئۆتەتتى. جىمى نەرسىلەر ئادەمگە بۇ جاينىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يۈكسەكلىكى ۋە ھەشەمىتىنى، ئاۋاتلىقى ۋە قاينام - تاشقىنلىققا تولغانلىقىنى، قوشۇنلارنىڭ ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ ئويناتقانلىرىنى ... تەسەۋۋۇر قىلدۇراتتى.

مانا ئەمدى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان غايەت زور بۇ قەدىمىي شەھەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كونا تاملار ئارىسىدا تۇراتتى. قەدىمىي شەھەر ئىچىدىكى پەشتاقتەك ئېگىزلىك، پەستىكى ئويمان جايلارنى بىر قەۋەت ئاپئاق شور باسقان. يەردە نامەلۇم ياۋا ئوت - چۆپلەر ئۆسكەن، بىر توپ قۇشقاچلار ئېگىز - پەس ئۇچۇشۇپ، قۇرت تۇتۇپ يېيىشمەكتە ئىدى. پەقەت پارچە - پۇرات سېپىل تاملىرىلا، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ شەۋكىتىنى كىچىككىنە بولسىمۇ نامايان قىلىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

ئۇچقۇر يىللار بۇ جاينىڭ ئىلگىرىكى شاۋقۇن - سۈرەنلىرىنى تارقىتىۋەتكەن. بۇ جاينىڭ ھېكايىلىرىنى كۆمۈپ تاشلىغان، تارىخ تونىلى ھەممىنى تىپتىنچ ھالەتكە قايتۇرغان، ئۇنىڭ كەچمىشلىرى بىر جاينىڭ مەڭگۈلۈك ئۆتمۈشىنىڭ شاھىتى بولۇپ قالغان.

بۇ يەرنىڭ ئالىقانچىلىك تۇپرىقىمۇ بىر ئۇزۇن تارىخ، ھەر بىر پارچە ساپال پارچىلىرىغا قەدىمكى ئادەملەرنىڭ قان - تەرى مۇجەسسەملەنگەن، غۇرقىراپ ئۆتكەن شاماللار تارىخنىڭ سوغۇق نەملىكلىرىگە چىلانغان. مەن مىڭ يىللىق چاڭ - توزانلارنى سىلكىۋېتىپ، خۇددى كۆك ئاسماندا ئۇچقان قۇشلارنىڭ سايرىشىپ، بۇلۇتلارنىڭ تارقالغانلىقىنى، زېمىندا كۆك دولقۇننىڭ لىغىرلاۋاتقانلىقىنى، يېشىل ئوتلارغا شەبنەم تامچىۋاتقانلىقىنى، تۆمەنلىگەن كۆسەن جەڭ ئاتلىرىنىڭ سەمرىپ كەتكەنلىكىنى، ئات - ئۇلاغ تۇتۇق بېگىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ باياشاتلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ياخشى ئات يېتىشتۇرۇش بازىسى بولغان بۇ شەھەردە ھېچقانداق ئۇرۇش تۇمانلىرىنى كۆرەلمىدىم، پەقەت كەڭ كۆلەملىك ھەربىي تەييارلىقلار، تاك سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋردىكى تىنچلىق، ئىناقلىق، باياشاتلىق كەيپىياتى كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى.

سېپىلنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى بىر بۇلۇڭدا بىر كەمتۈك جاي بولۇپ، ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبىنىڭ قىياسىچە، بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقى ئىكەن. بىز مۇشۇ يەردىن قەدىمىي شەھەر ئىچىگە قەدەم باستۇق. ھەممە يەرنى قوينىڭ قۇمۇلاقلىرى قاپلاپ كېتىپتۇ، قارىغاندا، مالچىلارنىڭ مال - پادىلىرى دائىم بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردە يەنە توغراق قوۋزاقلىرىنى، ساپال پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

يەنە 5 — 6 يەردە چوڭ ـ كىچىك ئازگاللار تۇراتتى. سەپەردىشىمىز ئەھەت روزىنىڭ دېيىشىچە، بۇنى بۇلاڭچىلار قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن.

پىلىڭ يول باشلىغۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يەرگە دائىم گۆھەر ئوغۇرلايدىغانلار كېلىپ تۇرىدىكەن. قەدىمي شەھەر دەسلەپتە ساقچىلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ بىر بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى پاش قىلىشى بىلەن بايقالغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئارخېئولوگلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئاندىن قېزىلغانىكەن. بۇگۈنكى كۈندە سوخۇ ئەتراپلىرىدا گۆھەر ئوغرىلىغان ئىككى ئوغرىنىڭ تەقسىمات ئادىل بولماسلىق تۈپەيلىدىن دۈشمەنلىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بار ئىكەن.

1989 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا خىزمەتچى خادىملار قەدىمي شەھەرنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىن نۇرغۇنلىغان ساپال، تاش، مىس، ياغاچ، ئەينەك ۋە پۇل قاتارلىقلارنى يىغىۋالغان. يەنە شەھەر ئىچىدىكى ئېگىز پەشتاق قۇرۇلۇشى خارابىسىدىن ئۈچ قات سىزىقلىق ياغاچ ئويمىلىق كۆپتۈرمە بۇيۇم، لىم ياغاچ بېشىغا يۇمىلاق قىلىپ ئويۇلغان شىر شەكىللىك نەقىش، ئايلانما نەقىشلىك ياغاچ رېشاتكا، تاڭ دەۋرىدىكى چەنيۈەن يامبۇسى ۋە كۇسەننىڭ 60 دانىدىن ئارتۇق خەتسىز كىچىك پۇلى قېزىۋېلىنغان. بۇلار ھەممىسى «تاڭ قاغان شەھرى»نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سۆلىتى ۋە باياشاتلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

77 ياشلىق موللاق مۆمىن تۆت ئەۋلاد قەدىمي شەھەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى يېڭى دەريا كەنتىدە ياشاپ كەلگەنىكەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا دائىم دوستلىرى بىلەن مۇشۇ قەدىمي شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئوينايدىكەن. ھەتتا، قويلارنى بۇ يەرگە ھەيدەپ كېلىدىكەن. بىراق، ئۇلار بۇ يەرنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن.

موللاق مۆمىننىڭ كىچىك ۋاقتىدىمۇ قەدىمي شەھەرنىڭ قىياپىتى ھازىرقى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن. ئوخشىمايدىغان يېرى، پەقەت سېپىل تېمى ئېگىزرەك ۋە قېلىنراقلا ئىكەن. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى قەدىمي شەھەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە ئاساسەن، بۇ يەر ئىلگىرى ناھايىتى ئاۋات بولغان، بەلكىم بەگ ۋە ئاقسۆڭەكلەر تۇرغان جاي بولسا كېرەك دەپ، پەرەز قىلغانىكەن. 1973 ـ يىلغا كەلگەندە ئۈچ نەپەر ئارخېئولوگ بۇ يەرگە كېلىپ، ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، كەنتتىكى كىشىلەر تاڭ قاغان شەھرىگە دائىر بەزى ئۇچۇرلارنى بىلگەن.

1973 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى، موللاق مۆمىن ئۈچ نەپەر ئارخېئولوگقا ئەگىشىپ تاڭ قاغان شەھرىگە كەلگەنىكەن، ئەينى ۋاقىتتا، تاملىرى بىر گەز ئۇزۇنلۇقتىكى چاسا شەكىللىك كېسەكتىن قوپۇرۇلغان خېلىلا چوڭ بىر ئېگىز ئۆي بولۇپ، بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان پەقەت ئۆگزىسىلا يوقىكەن. موللاق مۆمىن ئارخېئولوگلارنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئوت ـ چۆپلەر بىلەن بىر پارچە يەرنى سۈپۈرگەندە، تاڭ دەۋرىنىڭ ئىككى دانە «دالى يامبۇسى»نى تېپىۋالغان. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، ئۇ بۇ ئىككى دانە «دالى يامبۇسى»نى ئارخېئولوگلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىق تاڭۋاڭ شەھرىگە ئالاقىدار تېخىمۇ كۆپ ھېكايىلەرنى بىلىشنى ئۈمىد قىلغان.

بىز بۇ قەدىمي شەھەر خارابىسىنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، مىڭ يىل بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى تېپىشقا ئۇرۇندۇق. قانداق بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ بۇ قەدىمي شەھەرنىڭ مىڭ يىللىق تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈشكە، بۈگۈنگىچە قويىنىنى كەڭ ئېچىپ، جەزبىدارلىقىنى كۆرسىتىشكە تۈرتكە بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم.

قەدىمي شەھەرنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، كۆرۈنۈشى ئۇزۇن تۆت چاسا شەكلىدە. شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 250 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 154 مېتىر، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 808 مېتىر، تام گەۋدىسى «ئات يۈزى» قۇرۇلمىلىق بولۇپ، تۆت بۇلۇڭىدا كۆزىتىش مۇنارى سېلىنغان.

قەدىمي شەھەردىن باشقا ئۇنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە يەنە ئۇنىڭغا قاراشلىق 5 — 6 قۇرۇلۇش بار، بۇنىڭ ئىچىدە بىر توپا قۇرۇلمىلىق پەشتاقنىڭ ئۈستىدە بىر توساق تام قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، يەنىلا بىر گەز ئۇزۇنلۇقتىكى چاسا كېسەكتىن قوپۇرۇلغان قەدىمقى ئىزلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. قەدىمي شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدە شىمال تېمىغا يانداشقان بىر ئايلانما شەكىللىك بىر قۇرۇلۇشنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ توپا قۇرۇلما شورلۇق يەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەكلا كۆرۈنىدۇ. بىراق ئايلانمىدىكى توپا تامنى يەنىلا كۆرگىلى بولىدۇ. ئەجەبا بۇ يەر قەدىمي شەھەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى گۈللۈك بولغىيمىتى؟

ياق، چەمبەر شەكىللىك سوقما تامنىڭ ئىچىدە ناھايىتى قېلىن قارامتۇل بىر نەرسىنى كۆردۇق. ئۇ ئەسلىدە چىرىپ سۇپىتى ئۆزگەرگەن چارۋا قىغلىرى ئىكەن. ھەقىقەتەنمۇ بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى ئاتلارنىڭ «تۇرالغۇ ئورنى» بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇ يەر شەرقتىن غەربكە 250 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 100 مېتىر بولۇپ، 25 مىڭ كىۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى چەمبەر شەكىللىك سېپىل ئىچىدىن ئارخېئولوگلار كۆپ مىقداردىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىق سايمان، ساپال بۇيۇم پارچىلىرى، قۇرۇق قۇدۇقلارنىڭ خارابىلىرى ۋە ئىنتايىن قېلىن قىغ دۆۋىلىرىنى تاپقان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇسەن «ئەنشىدىكى تۆت قورغان»نىڭ ئىچىدىكى بىر ھەربىي قورغان ئىدى. شە-



يەنچىڭنىڭ 3 ـ يىلى (658 ـ يىلى)، كۇسەندە 24 مىڭ ئەسكەر ۋە 2700 ئات تۇرغۇزۇلغانىدى. ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى جەڭ ئاتلىرىغا بولغان تەلەپنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سوخۇنىڭ تەبىئىي يايلاقلىرىدا ھەربىي ئاتلىرىنى بېقىش بازىسىنى ھەمدە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، 5000 دىن يۇقىرى ئات بارلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك نازارەتچى، 3000 دىن يۇقىرى ئات بارلىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك نازارەتچى، ئۇنىڭدىن تۆۋەنلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك نازارەتچى بولغان. «تاڭ قاغان شەھىرى» — ئەلچى، نازارەتچىلەر تۇرىدىغان «ئەلچىلەر شەھىرى» ئىدى.

تاڭ دەۋرىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، جېنگۇەن يىللىرى ئەنشى تۇتۇق ھېراۋۇل مەھكىمىسى كۇسەنگە كۆچۈرۈلگەنگە قەدەر، تاڭ ئوردىسىنىڭ غەربىي رايوننى باشقۇرۇش ئىشلىرى كۆپ قېتىم ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان. تاڭ ئوردىسى غەربىي رايوندىكى ھەربىي مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە چېگرانى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، چاڭشۇ تۇنجى يىلىدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن نەچچە ئونمىڭلىغان ئەسكەر يۆتكەپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتا، «ھەربىيلەر ئايماق چېگراسىنى مۇداپىئە قىلىش، تەمىنات يۆتكەپ بەرمەسلىك، ئەسكەرلەر تېرىقچىلىق قىلىپ، ھەربىي زاپاسنى كۆپەيتىش»نى يولغا قويغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تاڭ ئوردىسى غەربىي رايوننى تۇتۇپ تۇرۇشتا، ھەربىيلەرنىڭ ئۇزۇق ـ تۈلۈك تەمىناتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەسكەرلەرنى ئۇرۇشتىن باشقا ۋاقىتلاردا تېرىقچىلىققا سالغان. مانا بۇ تاڭ دەۋرىدىكى «تېرىقچىلىق قىلىپ ئۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش» ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى.

جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن قارىغاندا، «تاڭ قاغان شەھىرى» تۇرۇشلۇق سوخۇ رايونىدا ئادەم شالاڭ، سۈيى مول، ئوت ـ چۆپ ئات، ئۇلاغ بېقىشقا ماس كېلەتتى. شۇڭا ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى بۇ جايدا «تاڭ قاغان شەھىرى»نى قۇرۇپ، ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇپ، «تېرىقچىلىق قىلىپ، ئۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوخۇ رايونى بىلەن ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ئارىلىقى بىر قەدەر يېقىن بولۇپ، ئادەم ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى يۆتكەپ ئەشلىتىشكە قولايلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە تەگرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى تۈركلەر ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇبۇتلەرگە يىراق بولغاچقا، خاتىرجەم چارۋا باقىلى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى «تاڭ قاغان شەھىرى»گە كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئاتخانا قۇرغان بولۇپ، بۇ يەردە نازارەتچى تۇرغۇزۇپ، سوخۇدا يەر تېرىپ، چارۋىچىلىقنى باشقۇرۇش ئەقلىگە مۇۋاپىق ئىش ئىدى. شۇڭا تاڭ دەۋرىدىكى بۇ تەدبىر غەربىي رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە يىپەك يولىنى راۋانلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

تارىخ بەرىبىر ئۆتۈپ كەتتى. «تاڭ قاغان شەھىرى»نىڭ بۇنچە چۆلدەرەپ، خارابىلىشىپ كېتىشىدىكى سەۋەب زادى نېمە؟

غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى دۆلەتلەردىن، مەسىلەن، كىروران قاتارلىق كۆپلىگەن شەھەرلەرنىڭ ئاخىرى نامەلۇم. ۋەيران بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلمەيمىز. تارىخ قالدۇرۇپ كەتكەن خارابىلەر ھېچكىم مەڭگۈ يېشەلمەيدىغان سىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بەلكى كېيىنكىلەر بىلىدۇكى، گۈللىنىش مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. ئۆز ئائىلىسىنى قۇرۇش ۋە قوغداش «كۆك تاغنى ساقلاپ قېلىش»تىكى مەڭگۈلۈك باش تېما.

ئۆتمۈشتىكى «تاڭ قاغان شەھىرى»نىڭ شەۋكىتى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا يوقالدى، پەقەت ئاشۇ ۋەيران بولۇپ كەتكەن بىر قانچە سېپىل تېمىلا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەسلىدىكى شەۋكىتىنى ساقلاپ تۇرماقتا.

ياپېشىل ياۋا ئوت ـ چۆپلەر، ھۆپپىدە ئېچىلغان يۇلغۇن چېچەكلىرى، قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى ياكى ياۋا توشقانلارنىڭ سەكرەپ ئۆتۈشلىرى بۇ يەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن قەدىمىي شەھەرنىڭ تېپتىنچ، مىسكىن ھالىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ۋاھالەنكى، تارىخنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، «تاڭ قاغان شەھىرى»نىڭ «تېرىقچىلىق قىلىپ، ئۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويغان، غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار تارىخىدىكى رولىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ.

سوخۇنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىي مۇھىتى ۋە كېلىماتى ئۇنىڭ قەدىمدىن بۇيان چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى «گۆھەر ماكان» بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇرۇن كۇسەن «ئاتلىرى تۇلپار، ئەجدىھارلىرى سۈرلۈك» دەپ داڭ چىقارغان. ھازىر سوخۇدا بۇرۇنقىدەك ئات بېقىلمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىققا ئىگە كاراكۆل قويى يەنىلا ناھايىتى مەشھۇر.

ھەر قېتىم ھېيت ـ بايرام كەلگەندە، يەتتە ئىقلىمنىڭ مېھمانلىرى يىراق ـ يىراقلاردىن بۇ يەرگە كېلىپ، ئوغلاق گۆشىنىڭ ئېسىل تەمىدىن لەززەت ئالىدۇ.

«كۇچا تەسىراتلىرى» («كۇچا تارىخى ماتېرىياللىرى»نىڭ 8 ـ قىسمى) ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىنغان.

تەرجىمان: كۇچا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ پىنسىيونېرى





# نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەھۋالى، ھالىتى ۋە كەم نەرسىلىرى

ۋاڭ ۋېيپىڭ

ئابدۇجاپپار ھامىدىن تەرجىمىسى

## نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەنقىدكە قانداق باھا بېرىش كېرەك

بارغانسېرى نۇرغۇن كىشىلەر ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىدتىن ئاغرىنماقتا. كرىزىس، مۇشكۇل ئەھۋال، قائىدىدىن چەتنەپ كېتىش، لەۋزىدە تۇرماسلىق، سۇبيېكتىپ نامرات بولۇش، ئاجىز، كۈچسىز بولۇش، ئىجادىيەتتىن ئارقىدا قېلىش، چىقىش يولى تاپالماسلىق دېگەندەك سۆزلەر خېلىلا يېتەرلىك بولۇپ كەلمەكتە. مېنىڭچە، بۇ خىل باھالاردا بىر تەرەپلىمىلىك ساقلانغان. ئەدەبىي تەنقىد ئۇنداق ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنى يوق. ئۇنىڭ سۇبيېكتى، ئاساسىي ئېقىمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بەزى مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەس. مەسىلەن، تەنقىدنىڭ چەتلىشىش مەسىلىسى، تەنقىدنىڭ ئاجىز بولۇشى ۋە تەسىر كۈچىنىڭ تارىيىپ كېتىش مەسىلىسى، تەنقىد ئېكولوگىيەسىنىڭ ياخشى بولماسلىق مەسىلىسى قاتارلىقلار يالغۇز تەنقىدچىنىڭلا مەسئۇلىيىتى ئەمەس. ئىجادىيەت چەتلىشىپ كەتمىدىمۇ؟ نەزەرىيەدە جانسىزلىق ۋە تەسىر كۈچى تارىيىپ كېتىش كۆرۈلمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭكىدىن ياخشى دېگىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ تەنقىدچىنى قاچۇرغانلىق ئەمەس، ھەم تەنقىدچىنى ئاكتىپ ئاۋاز قوشمىدى، ئالغا ئىنتىلمىدى، ھېچقانداق نەتىجە يارىتىشقا تىرىشمىدى دېگەنلىكمۇ ئەمەس. لېكىن، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى ئىجادىيەت بىلەن تەنقىدنىڭ «شېرىن ئاي مەزگىلى»نىڭ قايتا كۆرۈلۈشى ئىنتايىن قىيىن بولماقتا. مېنىڭچە، نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىر خىل تۇراقلىق ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ.

بەزىلەر: «بۈگۈنكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك كەمچىل ياكى دەۋرگە يېتىشەلمەيۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ» دېيىشمەكتە. بۇ سۆزلەر گەرچە ئاگاھلاندۇرۇش رولىنى ئوينىسىمۇ، لېكىن بەزى سۆزلەر مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، تەنقىدچىلەر ھەر قايسى جايلاردىكى ھەر خىل تاراتقۇلاردا ئۈزۈكسىز ھالدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى ئېلان قىلماقتا. نۇرغۇن مۇھىم سورۇنلاردا، تەنقىد كەم بولغىنى يوق، بەلكى، ئىزچىل نەق مەيداندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەر يىللىق تۈرلۈك ئىجادىيەت ئەھۋالىدا نوپۇزلۇق تەنقىدچىلەرنىڭ باھالىرى بار، بىر قىسىم مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىمۇ مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، مۇھىم باھالاش مۇكاپاتلىرى، مەسىلەن، «ماۋدۇن ئەدەبىيات

مۇكاپاتى»، «لۇشۈن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىدىمۇ مەخسۇس ئوبزور ماقالىلىرى بار، ھەممىسىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغانلار بار. بىر قىسىم ئۇتتۇقلۇق يازغۇچىلارغىمۇ تەنقىدچىلەر دىققەت قىلماقتا، بىر قىسىم يېڭى ئەدەبىيات ھادىسىلىرى، مەسىلەن، «تور ئەدەبىياتى» قاتارلىقلاردىمۇ تەنقىدچىلەر ئىز قوغلاپ تەتقىق قىلماقتا. مېنىڭچە، ئەدەبىي تەنقىدتە چىقىش يولى تاپالماسلىق ياكى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى قانداق تەرەققىي قىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشى مەسىلىسى مەۋجۇت. مەن ئەسەرگە يېقىنلىشىش، دەۋرگە يېقىنلىشىش، جەمئىيەتكە يېقىنلىشىش، ئوقۇرمەنگە يېقىنلىشىش، ئەدەبىياتنىڭ قىممىتىگە يېقىنلىشىش ئۈستىدە ئىزدىنىش قاتارلىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشنى قوللايمەن.

بىز شۇنىمۇ خۇشاللىق بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنى خېلىلا زور، بۇ قوشۇننىڭ ئومۇمىي ساپاسى ياخشى، ۋىجدانلىق، ھەققانىيەتچى، مەسئۇلىيەتچان ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە، بىلىملىك، مەلۇماتلىق، تەربىيە كۆرگەن ھەم ئەدەبىي دىت ئىقتىدارىغا ئىگە بىر تۈركۈم كىشىلەر بار.

بىز كىملەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدنى تۆۋەن مۆلچەرلىگەنلىكىنى ۋە ئەدەبىي تەنقىدتىن ئاغرىنىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك، مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلار دەل تەنقىدچىلەرنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، تەنقىدچىلەرنىڭ مۇلاھىزە قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۆزىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى ئىنكاس قىلىپ بەرسىمۇ، ئەمما يەنە شۇنىمۇ قەيت قىلىش زۆرۈركى، ھازىرقى تەنقىد ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەش دەۋرىگە قەدەم قويدى، تەنقىدكە تەنقىد ساھەسىدىن باشقا ساھەدىكى كىشىلەر ئۇنچىۋالا دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.

## ئەدەبىي تەنقىد دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋاللار

دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى ئەدەبىي تەنقىدكە جەزمەن پايدىلىق بولۇپ كېتىشى ناتايىن بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتتىكى نۇقسان، ناچار كەيپىياتلار تەنقىدنىڭ رولىنى نورمال جارى قىلدۇرۇشقا جەزمەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىي ئىشلىتىلىش، سودىلىشىش، ماددىي مەنپەئەتنى قوغلىشىش ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي نەپكە ئەڭ زور ئەھمىيەت بەرگەن بۇ دەۋردە، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ چەتلىشىش ھالىتىدىن ساقلىنىشى تەس. چۈنكى، ئۇ مەنىۋى نەرسە. كىتاب ئوقۇپ، رەسىم كۆرۈش دەۋرى خۇشاللىنىشنى ئاساسىي پىرىنسىپ قىلىدۇ. تور قاتارلىق يېڭى تاراتقۇلارنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن، مەتبۇئاتلاردىكى يازما ئەدەبىي تەنقىدلەر ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە سوغۇق مۇئامىلىگە دۇچار بولدى. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئىجاد قىلىشتىن تەنقىد قىلىشقىچە بولغان تېكىست ئوقۇشتا ئۇلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە يوق ئەكسىچە بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى، مانا بۇ ئەدەبىي تەنقىد دۇچ كېلىۋاتقان تاشقى مۇھىت.

ئىجاد قىلىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تەنقىد يەنىلا ئارقىدا تۇرىدۇ. بەزىلەر ئەدەبىي تەنقىدنى ئەدەبىيات ئىشلەپچىقىرىشىدا ئارقىدا قالدى دەپ ئەيىبلىمەكتە ۋە ئاغرىنماقتا. ئەمەلىيەتتە، بۇمۇ بىر خىل مۇقەررەرلىك. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجاد قىلىش ھەمىشە ئالدىدا، تەنقىد كەينىدە تۇرىدۇ، ئىجادىيەت بولمىسا تەنقىد نەدىن كېلىدۇ؟ بىراق، ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شۇنداقلا يېڭى - يېڭى شەكىل، يېڭى تۈرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، تەنقىد گاڭگىراش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. مەسىلەن، ئىلگىرى ھەر يىلى پەقەت ئون نەچچە، نەچچە ئون، ئەڭ كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز پارچە رومان بارلىققا كەلگەن بولسا، ھازىر ھەر يىلى نەچچە مىڭ پارچە رومان نەشر قىلىنماقتا. ھەر يىلى مەيدانغا كېلىۋاتقان نەچچە يۈز پارچە كىنو، نەچچە مىڭ پارچە ھېكايە، نەچچە ئونمىڭ قىسىم تېلېۋىزىيە تىياتىرىغا قارىتا، تەنقىدچىلەرنىڭ نەچچە ئون بېشى بولسىمۇ كۆرۈپ بولالمىقى بەسى مۈشكۈل بولماقتا. شۇنداق بولغاچقا، ئەسەرنى ئوقۇمىغان ياكى ئوقۇپ بولالمايلا يازغان تەنقىدلەر مەيدانغا كەلمەكتە. يەنە مەسىلەن، تور ئەدەبىياتىدا بوسۇغا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولغاچقا، كەڭ كۆلەمدە يەر - جاھاننى قاپلاپ كېتىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، تەنقىد قەيەردىن قول سېلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئارمانغا تولۇق دەرمان يوق ھالەتتە تۇرماقتا. بۇمۇ ئەدەبىي تەنقىد يۈزلەنمىسە بولمايدىغان رېئاللىق ھالەت. ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچىلار تەنقىدكە پەرۋا قىلمايۋاتىدۇ، ھەتتا تەنقىدنى نەزىرىگە ئىلىپمۇ قويمايۋاتىدۇ. تەنقىدنىڭ ئۆزى پەقەت تەنقىدچىلەر ئارىسىدىلا قېلىپ، كىچىك دائىرە ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرۈۋاتىدۇ، بۇ خىل ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيدىغان تەنقىدنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىشنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش قىيىن بولماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەزىلەر، ئىجادىيەت بىلەن تەنقىد ئىككى رېلىسقا ئوخشايدۇ، ئوخشاش يۆنىلىشكە قاراپ ئۈزىرايدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ ئوخشىتىش يۆنىلىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، دەل جايىغا چۈشكەن، ئورۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا غايىدىن ئىبارەت خالاس. ئىجادىيەت ۋە تەنقىد ئەزەلدىن ئىككى تۆمۈر رېلىسقا ئوخشاش تەكشى، ئۈزۈن - قىسقىلىقى تەڭ بولۇپ باققىنى يوق، بەلكى ئۈزۈن - قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان تەڭسىز ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن. تەنقىدچىلەرنىڭ ھالىتى، تەنقىدنىڭ ھالىتىنى بىۋاستە بەلگىلەيدۇ. خۇددى بەزىلەر ئېيتقاندەك، تەنقىدچىلەرنىڭ مۈشكۈللۈك ھالىتى يازغۇچىلارنىڭكىدىن ئېغىر بولىدۇ. يازغۇچى بىر رومان ياكى بىر ھېكايە بىلەن نام چىقىرىشى ياكى غۇلغۇلا قوزغىيالىشى مۇمكىن، ئەمما تەنقىدچى ئۇنداق قىلالمايدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىدە تەسەۋۋۇرغا تايانسا، توقۇسا، ئويدۇرۇپ چىقارسا بولىدۇ، ھەر كۈنى نەچچە مىڭ خەت ياكى نەچچە ئونمىڭ خەت يازسا بولغان بىلەن، تەنقىدچى قائىدە - ئاساسلىق بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق بىر تەنقىدچىنىڭ تەنقىد تېكستى يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تېكستىدىن خېلىلا ئاز بولىدۇ، بۇنىڭدىن تەنقىدى ماقالىلەرنى يازماقنىڭ ئىنتايىن مۈشكۈللۈكى مانا مەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. تەنقىدچى بىر ئادەتتىكى ئوقۇرمەن ئەمەس، ئۇ ھۇزۇرلىنىش ۋە تەسىرلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئوقۇرمەن، يەنە بىر ئالىم، ھەم مۇتەپەككۇر. تەنقىد - بايقاش كەسپى، قۇمدىن ئالتۇن سۈزۈش. شۇڭا تەنقىدچىنىڭ بىلىمى، مەلۇماتى، ئىدىيەسى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى بولىدۇ. مۇشۇنداق قارىغىنىمىزدا بىز ئەدەبىي تەنقىدكە كۆپرەك ئەيۋەچانلىق ۋە كەڭ قورساقلىق قىلىشىمىز، ئازراق ئەيىبلىشىمىز ۋە يېغىرنى كەمرەك تاتىلىشىمىز كېرەك.

## نۆۋەتتە ئەدەبىي تەنقىدتە نىمىلەر كەم

بىز نۆۋەتتىكى ئەدەبىي تەنقىدنى توغرا مۆلچەرلىشىمىز، تەنقىد ۋە تەنقىدچىلەر دۇچ كېلىۋاتقان مۈشكۈل ھالەتكە دىققەت ئېتىبار بىلەن قارىشىمىز، ھەرگىزمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كەمچىلىكى، نۇقسانلىرىنى ئىزدەشنى باھانە قىلىۋالماسلىقىمىز، ھەم ئەدەبىي تەنقىدمۇ ھازىرقى ھالىتىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ قالماسلىقى، ئالغا باسماي توختاپ قالماسلىقى كېرەك، دەل ئەكسىچە يول تۇتۇشى لازىم. «ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۈنۈمچانلىقىنى قانداق قىلغاندا ئاشۇرغىلى بولۇش» — بۇ بىر دەۋر خاراكتېرلىك مەسىلە. شۇڭا، دائىم تۇتۇپ قەتئىي بوشاشتۇرماي، ئۈزۈكسىز ياخشىلاپ، دائىم مۇلاھىزە قىلىشىمىز ۋە ئۆز - ئۆزىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. ئۇنداقتا ھازىر ئەدەبىي تەنقىدتە زادى نېمىلەر كەم بولۇۋاتىدۇ؟ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۈنۈمچانلىقىنى قانداق قىلغاندا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەر سەممىيلىك، راست گەپ قىلىش، ئىجادچانلىق، بايقاش ئېڭى، مەسىلە ئېڭى، مۇستەقىل ئۇسلۇب، كۆپ مەنبەلىك كۆز قاراش، ئېستېتىكىلىق نەزەر، تەسىرلەندۈرۈش ئىقتىدارى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردىن نۇرغۇن ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. قارىغاندا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرى ھەقىقەتەن ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، بۇ يەردە سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن پەقەت ئۈچ نۇقتىنى تولۇقلاپ ۋە قايتا تەكىتلەپ ئۆتىمەن.

### بىرىنچى، قىممەت جەھەتتىكى ھۆكۈمنىڭ كەملىكى يەنى ئۆلچەمنىڭ كەم بولۇشى

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بارمۇ - يوق؟ بۇ قارىماققا مەسىلە ئەمەستەك كۆرۈنگەن بىلەن ھازىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. نۆۋەتتە، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدتە ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، بىز ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمىنى قانداق چۈشىنىشىمىز ۋە ئىپادىلىشىمىز كېرەك؟ ئۆلچەمنى كېرەك قىلىش كېرەكمۇ - يوق؟ قىممەت ھۆكۈمنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە كۈچەيتىش كېرەكمۇ - يوق؟ قىممەت، قىممەت ئىدراكى، قىممەت كۆزقارىشىدىكى مۇرەككەپلىك، كۆپ مەنبەلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىممەت ھۆكۈمنىڭ ۋە ئۆلچەمنىڭ كەم بولۇشى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەنقىدنىڭ قىممەت جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقىنى بىۋاستە كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ بىر نۇقتىنى نۇرغۇن تەنقىدچىلەر كۆرۈپ يەتتى ۋە ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەمما كىشىلەر دائىم دەپ كېلىۋاتقان «ئىدىيەۋىلىك، بەدىئىيلىك ۋە ھۇزۇرلىنىشنىڭ بىردەكلىكى» ئەمەلىيەتتە بىر خىل قىممەت ئۆلچىمىدۇر. لېكىن، بەزىلەر قىممەتتە نېيترال مەيداندا ۋە قىممەتتە ھېچنېمە يوق مەيداندا تۇرۇۋالماقتا، ياكى ھازىرقى كۆپ خىللاشقان دەۋردە كونكرېتنى بىرلىككە كەلگەن سىستېما بەرپا قىلىش ۋە ئۆلچەم تۇرغۇزۇش ئىنتايىن قىيىن دەپ قارىماقتا. ياكى بىر خىل بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم تۇرغۇزۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىماقتا؛ ۋە ياكى تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ھەر بىر ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدە بولىدۇ دەپ قارىماقتا. ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىياتنى ئۆلچەشتە، جەزمەن ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەم ئىشلىتىش كې-

رەك. بۇ قاراشلاردا ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. كۆپ خىللاشقا جەمئىيەتتە، نىسبەتەن ئومۇمىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن قىممەت باھالاش سىستېمىسى چوقۇم بولۇشى، قىممەت ھۆكۈمى ۋە قىممەت ئۆلچىمىنى ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن ياخشى بىلەن ناچارنى ئايرىش تەسكە توختايدۇ. بۇ قىممەت باھالاش سىستېمىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ، مەسىلەن، قىزىقارلىق، تەسىرلەندۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى؛ مەنىۋى جەھەتتىكى مەزمۇنىنىڭ مول، چوڭقۇر بولغان - بولمىغانلىقى؛ يادرولۇق قىممەت كۆزقارىشىنىڭ قانداق ئىپادىلەنگەنلىكى؛ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى يېڭىلىق يارىتىش بىلەن چىڭ تۇرۇش دەرىجىسى، بۇ ئۆلچەملەرنى ھەرقانداق بىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرىنى ئۆلچەشكە، تەتبىقلاشقا بولىدۇ.

## ئىككىنچى، تەنقىدنىڭ خاسلىقى كەمچىل

جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىي تەنقىدى ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە خاسلىقى ۋە ئۇسلۇبىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بولدى. مەسىلەن، لى جيەنۋۇنىڭ «ئىمپرېسسىئونىزملىق تەنقىدى»، لياڭ شىچيۇنىڭ «كلاسسىتسىزملىق تەنقىدى»، ماۋدۇننىڭ «ئىجتىمائىي تارىخ تەنقىدى»، جۇ گۇاڭچيەننىڭ «بىۋاستە سېزىم ئېستېتىكىلىق تەنقىدى»، خۇ فېڭنىڭ «سۇبيېكت تەسىراتلىق رېئالىزملىق تەنقىدى» قاتارلىقلار. بۇ تەنقىد ئەنئەنىلىرى ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالدى. ھەم يېڭى تەنقىد ئۇسلۇبى شەكىللەندۈرەلمىدى، تەنقىدچىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ئىپادىلەنمىدى، ئەدەبىي تەنقىدتىكى «ھەممە بەس - بەستە سايراش» ۋەزىيىتى تېخى بارلىققا كەلمىدى، ئىجادىيەت خاسلىققا موھتاج، ھەممىلا ئادەم بىر قېلىپتا بولۇپ قالسا بولمايدۇ، تەنقىدمۇ ئوخشاشلا خاسلىققا موھتاج، ھەممەيلەننىڭ ئېغىزىدىن ئوخشاش گەپ چىقسا بولمايدۇ، ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ پىكىر قىلىش مېتودى ۋە خاس ئۇسلۇبى بولۇشى، ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ تەنقىد جاسارىتى بولۇشى كېرەك.

## ئۈچىنچى، كوللېكتىپ تەنقىد، ئېقىملار تەنقىدى كەمچىل

جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىي تەنقىدىگە نەزەر سالساق، كۆپ ساندىكى ئەدەبىيات جەمئىيەتلىرى، ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئۆزىنىڭ تەنقىدچىلىرى، نەزەرىيەچىلىرى بولغان. ئەدەبىي تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى شېن يەنبىڭ، ئىجادىيەت جەمئىيىتىدىكى چېڭ فاڭۋۇ، بېيجىڭ ئېقىمىدىكى لى جيەنۋۇ ۋە جۇ گۇاڭچيەن، ئىيۇل ئېقىمىدىكى خۇ فېڭ قاتارلىقلار ئەدەبىيات تەشەببۇسىنى تەرغىب قىلىش، ئەدەبىيات تەسىرىنى كېڭەيتىش، ئىجادىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنى ئىلگىرىكى ھەرقانداق بىر دەۋردىكىدىن زورايغان بولسىمۇ، لېكىن كوللېكتىپ ئېڭى، تەۋەلىك تۇيغۇسى كەمچىل، ھەمىشە قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەسكەرلەردەك، جەڭگىۋارلىققا ئىگە سەپ تۈزگىلى بولمايۋاتىدۇ. ئەمما نۇرغۇن تەنقىدچىلەر ئالىي مەكتەپلەرگە بارغاندىن كېيىن ئىككى خىل ئاقىۋەت كېلىپ چىقىۋاتىدۇ: بىرى تەنقىد بەكلا ئىلمىيلىشىپ، مەدرىسلىشىپ كېتىپ، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، جۇشقۇنلۇق، يارقىن پىكىرلىك ئەمەلىي ئىشلىتىشچان تەنقىدلەر ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. مەدرىسلىشىش، نەزەرىيە بىلەن ئۆزىنى جۇشۇۋېلىش، چوڭقۇرلاپ كېتىپ ئايىغىنى چىقىرالماي، نەيرەڭۋازلىق قىلىدىغان ئىلمىي پرىنسىپلىق تەنقىد كۆپىيىپ كېتىپ، تەنقىدنى ئوقۇرمەندىن، يازغۇچىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىش كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن، تەنقىد دەرس ئۆتۈش، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى تەڭ قىلالماي، تەنقىد قوشۇنىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. لۇشۈن ئەپەندى ئەينى يىلى ئىجاد قىلىش ۋە دەرس ئۆتۈشنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى تەڭ ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كېيىنكى مەزگىلدە مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، مەخسۇس فېليەتون يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ھازىرقى تەنقىدچىلەر مەكتەپ تۈزۈلمىسىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئايىغى چىقماس دەرس ئۆتۈش، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى، ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك تەتقىقات تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئالغانلىقتىن، تېما تاللاش، ئىلمىي ئەسەرلەردە چوڭ مەزمۇنلارنى تۇتۇش كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، يالغۇز بىر يازغۇچىنىڭ، يالغۇز بىر ئەسەرنى ئوقۇشى ئازلاپ كېتىپ، ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىي تەتقىقاتقا ئايلىنىپ قالدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئەدەبىي تەنقىدنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، كۈچلۈك، قوللىنىشچان قىلىش ھەققىدە بىز ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى.

«ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»نىڭ 2012 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈندىكى ساندىن ئېلىندى

تەرجىمان: كەلپىن ناھىيەلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدا

www.uyghurkitap.com




## 龟兹学研究

克孜尔石窟第41洞研究 ………… 秦来提·吾布力 4


## 龟兹词典

献身于文学 ………… 帕夏古丽·司马义 20


## 温暖天下

迈上慈善之路 ………… 努尔·铁木尔 23
要行善，世上都是 ………… 阿达莱提·阿布都外力 25


## 小说之窗

迷恋 ………… 安瓦尔江·萨迪克 29
朋友的命运 ………… 排合尔丁·穆萨 31
金驼铃牛 ………… 艾则孜·努尔 72
蜡烛 ………… 热合曼·穆罕穆德 77


## 花 束

天合一 ………… 阿拉乌丁·阿布都热西提 35
幸运和厄运 ………… 乌买尔·买买提明 37
凌晨中找了你 ………… 热依拉·托合提 39
一束光、一片影 ………… 卡哈尔曼·肉孜 40
睡眠树之下的奇特关系 ………… 阿不都外力·艾尔西丁 42
黑玫瑰 ………… 伊明江·克里木 43
肉身里的盲果 ………… 麦麦提明·阿布力孜 64
心中的石 ………… 艾热提·托合提 66
城市没有偎 ………… 买提肉孜·阿布都卡德尔 68
当接近吐鲁番 ………… 帕丽达·亚库甫 69
天和地之间 ………… 阿布都克里木·达吾提 70


## 文人茶馆

随笔 ………… 吐尔逊拜克·伊布拉因 44
文学面面谈 ………… 卡哈尔·尼亚孜，茹克亚·阿布都拉 50
被忽视的"最美东西" ………… 阿布来提·达吾提 59


## 明 镜

改变的社会，没改变的典型人物 ………… 阿卜都许库尔·艾合麦提 84


## 微 风

雪的声音 ………… 阿曼古丽·尼亚孜 89
阴暗的光芒 ………… 阿达莱提·阿布都热依木 93
来，我们聊吧我的心 ………… 图苏阿依·苏里坦 96


## 杨树下的话题

作家的功劳总会有所回报 ………… 阿布都热甫·尼亚孜大毛拉 99
杂谈感想 ………… 纳斯尔丁·阿皮孜 103
名人 ………… 苏皮亚·克里木 109
爸，我为您骄傲 ………… 玛利亚姆·阿木丁 110


## 桥 梁

千年之堡 ………… 胡秋香/著 买买提·达吾提/译 112
当下文学批评的估价、处境与缺失 ………… 王卫平/著 麦斯吾德·艾萨/译 116


封面：剧作家、作家、《新疆艺术》杂志副总编 **卡哈尔·尼亚孜** 先生
库尔班·穆罕默德/摄


# 龟兹文化

综合性期刊
2015年第2期（共第41期）

**主管单位：**
中共库车县委宣传部

**主办单位：**
库车县文体局

**编辑出版：**
《龟兹文化》杂志编辑部



**顾 问：**
库尔班·马木提、卡哈尔·尼亚孜、艾合买提·克比尔、台来提·乌布力、艾尔肯·努尔、阿力木·哈力丁

**编委会主任：**
艾山江·艾合买提

**编委会副主任：**
瞿红艳
塔依尔·艾肯木

**编 委：**
阿布都拉·穆罕默德·尔坦、阿尼瓦尔·阿不都热扎克、艾合买提·克比尔、艾海提·达吾提、艾合买提·穆罕默德、帕提古丽·尼亚孜、台来提·乌布力、茹克亚·阿布都拉、克尤木·卡德尔、库尔班·达吾提、夏合迪、穆罕默德·艾合买提、穆罕默德·达吾提、努尔尼沙·阿布拉、尼亚孜·依明、纳斯尔丁·阿皮孜、吾斯曼·吾休尔

**主 编：**
塔依尔·艾肯木

**副主编：**
阿尼瓦尔·阿不都热扎克
克尤木·卡德尔
艾海提·达吾提

**责任编辑：**
纳斯尔丁·阿皮孜

**编 辑：**
茹克亚·阿布都拉
帕提古丽·尼亚孜

**装帧设计：**
努尔买买提·艾买尔

**校 对：**
姑丽扎·艾西丁



新疆维吾尔自治区内部资料
(报刊型)准印证0298/W号



地址：库车县解放路工会大楼三楼
邮编：842000
电话：0997——7151109
电邮：ksmedeniyiti@126.com

# Ghalip Osman

# تىرىشچان رەسسام غالىپ ئوسمان

غالىپ ئوسمان ئاھىيەمىزدىكى ئوتتۇرا ياش رەسساملارنىڭ بىرى. ئۇ …
گىچە، خاسلىق ياراتقان تىرىشچان رەسسام.

ئۇ 1967 ـ يىلى كۇچا ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1984 ـ … 1987 ـ
يىلى 7 ـ ئايغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ گۈزەل سەنئەت كەسپىدە ئوقۇغان …
قايىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولغان …
ناھىيەلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى.

ئۇ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت ئۆز كەسپىدە تىرىشىپ ئىزدىنىپ، كەسپىي سەۋىيەسىنى …
ئۈزۈلكسىز يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇ سىزغان ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ماي بوياق … رەسىم …
ئەسەرلىرىدىن «ئۇرۇق»، «رەستە»، «تارىختىن گۇۋاھچىسى»، «تەكلىماكاننىڭ …»، …
زدر»، «تۆمۈرچى»، «قەدىمىي كوچا»، «ئىشتىياق» … قاتارلىقلار كۆپ قېتىم … 
يەت ۋە ناھىيە، تەۋەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىلەردە ياخشى باھالارغا ئېرىشىپ …




①


②


③


④


⑤

① قەدىمىي كوچا

② يىراقتا ئەدىر



قىزىلتاغ تاش ئورمانلىقى

قېيۇم قادىر فوتوسى


ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش ئىجازەت نومۇرى: (0298/W) ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدۇ
新疆维吾尔自治区内部资料（报刊型）准印证 0298/W 号　　免费交流